ب د ت مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى دۇنيادىكى
ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى قىلىپ بېكىتكەن

غەزالىي
ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي

# ئەي بالام

# ئەخلاقنامە

# ھىدايەتنامە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: يۈسۈپجان داۋۇت

ئەي بالام ئەخلاقنامە ھىدايەتنامە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 7-228-09562-6

(维文)定价：15.80元

ISBN 7-228-09562-6

9 787228 095629

الغزالي

ابن حجر العسقلاني

# أيها الولد

# منبهات

# مختصر المنقذ من الضلال

إعداد: عبد الأحد ابن أمير قتلغ

حقوق الطبع محفوظة

دار النشر الشعبية بشنجيانغ

# ئەي بالام

# ئەخلاقنامە

# ھىدايەتنامە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلئەھەد ئەمىر قۇتلۇق

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

图书在版编目（CIP）数据
致孩子/（埃及）安萨里著；康有玺汉译；阿布来提维译. — 2版. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2004.11
ISBN 7-228-09562-6

Ⅰ. 致… Ⅱ. ①安…②康…③阿… Ⅲ. 伊斯兰教—人生哲学—通俗读物—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. B968-49

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2005）第 103034 号

责任编辑：帕丽达. 依明
责任校对：阿达来提. 买合苏提
封面设计：玉苏甫江. 达吾提

致孩子. 迷途指津. 箴言录（维吾尔文）
安萨里著
阿布来提等译

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码：830001）
新疆新华书店发行
乌鲁木齐天平印刷厂印刷
同心电脑服务中心排版
850×1168 毫米 32 开本 8.375 印张
2004 年 11 月第 2 版 2005 年 4 月第二次印刷
印数：1 — 3000

ISBN 7-228-09562-6/B968-49　定价：15.80 元

# كىرىش سۆز

## ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي ھەققىدە

مەزكۇر ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي (ھىجرىيە 773- يىلىدىن 852- يىلىغىچە، مىلادىيە 1372- يىلىدىن 1442- يىلىغىچە) مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە تۇغۇلغان، كىچىك ۋاقتىدىلا ئاتا ــ ئانىسىدىن يېتىم قالغان. ياش ۋاقتىدا، مىسىردا قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف ئۆگەنگەندىن سىرت، ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ، سۈرىيە ئىراق، ھىجاز، يەمەن قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. ھەرقايسى ئەللەردىكى مەزھەپ، فىقھى بىلىملىرى ئۆگەنگەن، كېيىن نوپۇزلۇق ھەدىسشۇناس بولغان. بۇ ساھەدىكى ئىزدىنىشىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى تەرىپلىگەن «ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە ــ مارجانلار» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى، مۇھەددىس مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى: «دۇنيادىكى ھەدىس شەرىف ئىلمىنىڭ ئۇستازى»دەپ نام قويغان، يەنە مەشھۇر تارىخشۇناس ۋە شافىئي مەزھىپىنىڭ قانۇنشۇناسى بولغان. ئۇ مۇشۇنداق كۆپ ئالاھىدىلىك يەزىلەتلىك بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «ھافىزۇ ئەسرىھى» (دىننىڭ ھامىيسى) دەپ تەرىپلىگەن. ئۇنىڭ ئىلمي نەتىجىلىرى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ھەمدە جەمئىيەتكىمۇ تەسىرى

ناھايىتى چوڭ بولغان. مەشھۇر تەفسىرشۇناس، ھەدىسشۇناس ئىمام سۇيۇتىي بۇ كىشىنى ئۇستاز تۇتقان.

ئىمام ئىبنى ھەجەر كۆپ ئىقتىدارلىق يازغۇچى، تەفسىرشۇناس، ھەدىسشۇناس بولۇپ، ئۇنىڭ 150 پارچىدىن كۆپ ئەسىرى بار. ئۇنىڭ ئىچىدە «بۇلۇغۇلمەرام» (مەقسەتكە يېتىش <ھەدىس توپلىمى>) ۋە «سەھىھۇلبۇخارىينىڭ شەرھىيسى» (فەتھۇلبارى) ناملىق كۆپ قىسىملىق كىتاب ناھايىتى مەشھۇر؛ «ئەخلاقنامە» ناملىق بۇ كىتاب ئىمام ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي ھەدىسلەردىن، ساھابىلەر ۋە دانىشمەن زاھىتلارنىڭ ئىبارىلىرىدىن تاللاپ توپلىغان ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى بولۇپ، جەمئىي 211 ھېكمەت جۇغلانغان.

ھەر بىر جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ سەرخىللىقىغا ئاساسەن، مۇئەللىپ توققۇز سەھىپىگە بۆلگەن. بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئايرىم مۇستەقىل مەزمۇن بولۇپ، ئىسلامنىڭ ئومۇمىي ئەھكاملىرى بايان قىلىنغان. كىتابتا ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش، ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۇرۇش، جاھالەتنى قامچىلاش، سېخىيلىققا ئۈندەش، چىدامچان بولۇش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق مەزمۇنلار تەشەببۇس قىلىنغان. كىتابنىڭ ئەسلى ئىسمى «مُنَبِّهَاتٌ» بولۇپ، ئويغاتقۇچى، ئاگاھنامە، ئىلھام بەرگۈچى قاتارلىق مەنىلەردە. مەزمۇنى پەلسەپىۋى بولغاچقا ئادەمگە مەنىۋى زوق بېرىدۇ. گويا قۇرئاندا: ﴿بىر ئېغىز ياخشى سۆز بولسا يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ. (قۇرئان كەرىم 14- سۈرە 25- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)﴾، ۋە ھەدىس شەرىفتىكى «چوقۇمكى، بەزى بايان — نۇتۇقتا سېھرىي كۈچ بار، بەزى شېئىردا ھېكمەت بار» (سۇنەنۇ ئەبىي داۋۇد، مۇسنەدۇ ئەھمەدتىن)

دېيىلگەن. يۇقىرىقى ئەقىل ـ پاراسەت نۇرلىرى چاقنىغان ھېكمەتلەر قۇرئان كەرىم ـ ھەدىس شەرىفلەرنىڭ تەربىيە مېۋىسى. بۇ كىتاب ھىجرىيە 1263- يىلى (مىلادىيە 1847- يىلى) ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىدە بىرىنچى قېتىم بېسىلغان. ھىجرىيە 1307- يىلى (مىلادىيە 1890- يىلى) يەنە بومبايدا ئىككىنچى قېتىم بېسىلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (ھىجرىيە 1285-يىلى، .مىلادىيە 1868- يىلى) يۇنىەن ئۆلكىسى كۇنمىڭ شەھىرى ياغاچ ئويمىسىدا بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىنغان. مۇقاۋىسىغا «دۇنياغا نەزەر گۆھىرى» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان. شۇنىڭدىن بۇيان جۇڭگودىكى ھەر مىللەت قىز ـ ئوغۇللىرىنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى دەرسلىكى قىلىنماقتا.

## ئىمام غەزالىي ھەققىدە

ئىمام غەزالىينىڭ ئەسلى ئىسمى ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد بولۇپ، خۇراساننىڭ تۇس رايونى ئامىرە شەھىرىدە ھىجرىيە 450 ـ يىلى (مىلادىيە 1058- يىلى) تۇغۇلغان. ئاتىسى يىپ ئىگىرىپ ساتىدىغان كىشى ئىدى. شۇڭا غەزالىي دەپ ئاتالغان.

ئىمام غەزالىي يۇرتىدا زامانىسىدىكى مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ قولىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇلاردىن تۇس شەھرىدە پىقھە ئىلمىنى ئىمام ئەھمەد رازكانىيدا ۋە جۇرجانغا بېرىپ ئەبۇ بەسىر ئىسمائىلىنىڭ قولىدا ئوقۇغان. كېيىن تۇسقا قايتىپ ئۈچ يىل تۇرغاندىن كېيىن نىسابورغا بېرىپ، مەشھۇر سەلجۇقىيلار ئىمپىرىيىسىنىڭ باش ۋەزىرى، مەشھۇر تارىخىي ئەسەر «مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىق يولى ـــ سىياسەتنامە

(يەنە بىر ئىسمى «شىيارۇلمۇلۇك»)[1]» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى نىزامۇلمۇلكنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان نىزامىيە مەدرىسىدە ئىلمىي ئۇسۇل، پىقھە ۋە ئىلمىي كالامنى داڭلىق ئالىم، ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى دەپ ئاتالغان ئەبۇلمەئالىي جۇۋەينىدىن ئۇزۇن تەلىم ئېلىپ ئىسلامنىڭ پىقھە، ئۇسۇلۇددىن، لوگىكا ۋە پەلسەپە جەھەتتىكى بىلىملىرىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن.

مەزكۇر توپلامدا ئىمام غەزالىينىڭ «ئەي قەدىرلىك بالام»، «ھىدايەتنامە (ئەسلى ئىسمى ئازغۇنلۇقتىن قۇتقۇزۇپ ھەق ۋىسالىغا يەتكۈزگۈچى)» ناملىق ئىككى پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن. «ئەي قەدىرلىك بالام» ناملىق بۇ ئەسەرنى ب د ت مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى دۇنيادىكى ياش ئۆسمۈرلەرگە ئەخلاق تەربىيىسى ئۇقۇشلۇقى قىلىپ بېكىتكەن. تەتقىقات ئارقىلىق مەلۇم بولۇشىچە مەزكۇر ئەسەر ئىھيائۇئۇلۇمىددىن ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتابنىڭ قىسقارتىلغان بالىلار نۇسخىسى ئىكەنلىكى مەلۇم.

«ھىدايەتنامە» ناملىق مەزكۇر ئەسەر يۇقىرى سەۋىيىدە يېزىلغان ئەسەر بولسىمۇ قىسمەن كەمچىلىكلەردىن خالىي بولالمىغان يەنى: ئۆز مەزھەب — كۆز قارىشىغا قوشۇلمىغانلارنى «جاھىل كىشىلەر»، «دىلى پېچەتلەنگەنلەر»، «مۇناپىقلار»، «گاس - قارىغۇلار» دەپ، تەنقىدلىگەن. ۋە يەنە «ئادەم سېزىمنى يوقاتقان چېغىدا غەيىبنى بىلەلەيدۇ» قاتارلىق مەزمۇنلارمۇ يوق ئەمەس. ھەر قايسى دىنلار، مەزھەب كۆز - قاراشتىكىلەر ئەپ ئۆتۈش تەكىتلىنىۋاتقان بولغاچقا ۋە كىشىلەرگە خاتا تۇيغۇ بېرىدىغان مەزمۇنلارنىڭ سەلبىي ئاقىۋىتى نەزەردە تۇتۇلۇپ قىسمەن مەزمۇنلىرى قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى.

---

[1] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2003- يىلى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان.

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

پەرزەنت تەربىيىسى توغرىلىق گەپ بولغاندا ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئامالسىز قىلىۋاتقانلىقىنى، كىچىككەنلىكىنى، بۇ ئىشتا بېشىنىڭ بەكلا قاتقانلىقىنى، قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراۋاتقانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. ئەمما، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ھەقىقىي بەل باغلىغان، شۇنىڭغا ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ئىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئاتا ـ ئانىلار بەك ئاز. چۈنكى، بۈگۈنكىدەك دەۋردە، ھەم بۈگۈننىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان، بۈگۈن يۈكلىگەن ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلالايدىغان، شۇنداقلا يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئېتىقادى، دىنىدا ھەم چىڭ تۇرىدىغان پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش بەك مۇشكۇلدۇر. بۇ يەردىكى تەتۈر ھادىسە مۇنداق: ئەسلىدە ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆزى لاياقەتسىز، بالىسىدىن كۈتىدىغان نەرسىنىڭ يېرىمىمۇ ئۆزىدە يوق. ۋەھالەنكى، بالىلىرىدىن ئەنە شۇنداق تاغدەك ئۈمىدلەرنى كۈتىشىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇمۇ تەبىئىي ئەھۋال، چۈنكى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئەنە شۇنداق پىلانسىز ئائىلە مۇھىتىنىڭ مەھسۇلى. شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇلارنىمۇ ئائىلە تەربىيىسىگە ئومۇمەن كۆڭۈل بۆلمىگەن. شۇنداقلا ئائىلىدىكى، تەبىئىي شەكىللەنگەن ئىستىخىيىلىك نۇقتىدا چوڭ بولغان، پىلانلىق شەكىللەندۈرۈلگەن ئائىلە مۇھىتىدا چوڭ بولغانلار يوق دېيەرلىك. دېمەك، بۈگۈنكى كۈندىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى قابىلىيەتسىزلىكى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ياكى بىزنىڭ بوۋىلىرىمىزنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىدىن كەلگەن.

ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى، كىشىلەر كېچىكىپ بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈنىدە پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىشتى، بۇ مەسىلە ئۈستىدە تىت ــ تىت بولىدىغان، باش قاتۇرىدىغان يەرگە كەلدى. بۇ تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ھادىسە. ئەمدى بىز دۇچ كېلىۋاتقىنىمىز پەرزەنتلەرنى قايسى يولغا، قايسى ئىدىيىگە، قانداق يوللار بىلەن تەربىيلەش مەسىلىسىدۇر. ھازىر نۇرغۇن ئاتا ــ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئىنگلىز تىلى، كومپيۇتېر، ناخشا ــ ساز ئۆگىتىدىغان ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ بېرىپ، تەتىللەردە ھەرخىل كۇرس، كۇرژۇكلارغا ئاپىرىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ پەرزەنت تەربىيلەش بۇرچىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغاندەك ھېس ــ تۇيغۇلاردا يۈرىدۇ. ئەمما بىر ئادەم ئۇچۇن، توغرا يولدا، توغرا ئەقىدە، دۇرۇس ئېتىقادتا ياشاش، نان تېپىپ يېيىشكىلا پايدىسى بولىدىغان ئىقتىدارلارنى ھازىرلاشتىن كۆپ مۇھىمدۇر. شۇڭلاشقا پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ يادروسى، بولۇپمۇ ئاتا ــ ئانىغا نىسبەتەن بالىسىغا قانداق ئادەم بولۇشنى، نېمە ئۇچۇن ياشاشنى، ھاياتتا قايسى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىپ، نېمىنى قوللاپ، نېمىگە قارشى تۇرۇپ ياشاشنى ئۆگىتىشتۇر. ئەمما ئاتا ــ ئانا ئۆزى ئۇنداق ئادەم بولماي تۇرۇپ، بالىلىرىنى ئۇنداق تەربىيلىشى مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، شۇنى بىلمەك قىيىن ئەمەسكى، پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بالىسىنىڭ ئۆزىدە، ياكى تۆل ياشتا ياكى قورساقتا ئەمەس، بەلكى ئاتا ــ ئانىنىڭ ئۆزىدە.

بىز ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمان خەلق. ئۇنداقتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە خاس پەرزەنت تەربىيىسى قاراشلىرى، پرىنسىپلىرى، يوللىرى بارمۇ ــ يوق، بۇمۇ بىز مۇسۇلمان ئاتا ــ ئانىلارنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىغا ئەرزىيدۇ. ئۇنداقتا مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى قايسى نۇقتىدىن باشلىنىدۇ؟

نامىاز ئوقۇش يېشىدىنمۇ؟ ياكى خەتنە قىلىش، قۇلاق تېشىش ۋاقتىدىنمۇ؟

قۇرئان كەرىمدە: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىمراننىڭ ئايالى ئېيتتى: ‹پەرۋەردىگارىم! مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى (دۇنيا ئىشلىرىدىن) ئازاد قىلىنغان هالدا چوقۇم سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم. (ئۇنى) قوبۇل قىلغىن، سەن هەقىقەتەن (دۇئايىمنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن›. ئۇ قىز تۇغقان ۋاقتىدا: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! قىز تۇغدۇم› دېدى. ئۇنىڭ نېمە تۇغقانلىقىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ. (ئۇ تەلەپ قىلغان) ئوغۇل (ئاتا قىلىنغان) قىزغا ئوخشاش ئەمەس (بەلكى بۇ قىز ئارتۇقتۇر). (ئىمراننىڭ ئايالى ئېيتتى): ‹مەن ئۇنى مەريەم ئاتىدىم، مەن هەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇچۇن ساڭا سىغىنىپ، قوغلاندى شەيتاندىن پاناهلىق تىلەيمەن›﴾ دەپ بايان قىلىنغان.

( سۈرە ئال ئىمران 35 – 36 – ئايەتلەر).

يەنە سۈرە مەريەمدە: ﴿ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا پەس ئاۋازدا مۇناجات قىلدى. ئۇ ئېيتتى: ‹پەرۋەردىگارىم، مەن هەقىقەتەن كۈچ – قۇۋۋىتىمدىن كەتتىم، چېچىم ئاقاردى. پەرۋەردىگارىم! ساڭا دۇئا قىلىپ ئۈمىدسىز بولۇپ قالغىنىم يوق، مەن تاغىلىرىمنىڭ بالىلىرىنىڭ ئورنۇمنى باسالماسلىقىدىن (يەنى، دىنىنى قولدىن بېرىپ قويۇشلىرىدىن) هەقىقەتەن ئەنسىرەيمەن، مېنىڭ ئايالىم تۇغماستۇر. (پەزلىڭدىن) ماڭا بىر (ياخشى) پەرزەنت، ئاتا قىلغىن، ئۇ ماڭا ۋارىس بولغاي ۋە يەئقۇپ ئەۋلادىغا ۋارىس بولغاي، پەرۋەردىگارىم، ئۇنى سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىدىغان قىلغىن›﴾ (سۈرە مەريەم 2 – 5 – ئايەتلەر) دەپ بايان قىلىنغان.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەهلىل قىلساق، مۇسۇلمانغا نىسبەتەن پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ نۆل ياشتىن، هامىلە

ۋاقىتتىن ئەمەس، بەلكى تۇغۇلماستىنلا، بالا تېخى پەيدا بولماستىنلا، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ نىيەت ـ مەقسىتىدىن باشلىنىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. چۈنكى، يۇقىرىقى ئايەتتىكى زاتلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىسىدۇر. ئۇلار بولغۇسى پەرزەنتلىرىنى پۈتۈنلەي خالىسلىق بىلەن ئاللاھقىلا ئاتايدۇ. ياكى ئېنىقراق دېگەندە، ئاللاھنىڭ ئىشلىرىغا، يولىغا ئاتايدۇ. ھەرگىزمۇ بالىسىنىڭ باي، خاتىرجەم، راھەت ـ پاراغەتتە، ھېچنىمىدىن قىسىلماي ياشىشىنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئۆمرىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىشىنى، ۋۇجۇدىنى شۇ يولغا تەقدىم ئېتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، بىز مۇسۇلمانلار بۇنداق روھىي ھالەتتە، مەقسەتتە پەرزەنت تىلەشنى ئۇنتۇپ كەتتۇق، تۇغۇلۇۋاتقان بالىلار ھەممىسى دېگەندەك تەسادىپىيلىقنىڭ مەھسۇلى. مەلۇم نىشان، مەقسەت ئۈچۈن ئاللاھدىن بالا تەلەپ قىلىش يوق دېيەرلىك، قېنى قايسى ئانا مەنمۇ ئىمراننىڭ ئايالىدەك: «پەرۋەردىگارىم، قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى، (دۇنيا ئىشلىرىدىن) ئازاد قىلىنغان ھالدا چوقۇم سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم» دېيەلەيدۇ؟ قايسى دادا زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامدەك، ماڭا ۋارىس بولغاي (يەنى مەن ماڭغان يولغا) دەپ دۇئا قىلالايدۇ؟

دېمەك، مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزەنت تەربىيىسى بىر نىشان، مەقسەت مەسىلىسىدۇر. بالىنى قانداق تەربىيەلەش، ئاۋۋال ئىدىيىدە، بالىنى قايسى نىشانغا، قايسى يولغا، قايسى مەۋقەگە ئاتاشتىن باشلىنىدۇ. ئۆزۈكىدىن باشلانمىغان تەربىيە مۇسۇلمانلىق نامىغا مۇناسىپ ئەمەستۇر. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «قىزغا ئۆيلىنىشتە ئۇنىڭ مېلى، ئائىلە نەسەبى، دىنىي ئېتىقادى ۋە چىرايى كۆزدە تۇتۇلىۋاتىدۇ. سەن دىنىي ئېتىقادى بار قىزنى تاللا، ئىشلىرىڭ يۈرۈشۈپ كېتىدۇ»، دېگەن (جامىئۇت تىرمىزىيدىن).

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دېگەن: «ئاتىنىڭ بالىدا ئۈچ ھەققى بار: ئانىنى ياخشى تاللاش، ياخشى ئىسىم قويۇش، ياخشى تەربىيىلەش». ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزىدە پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى بىۋاستە جۆرە تاللاشقا باغلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، تۇغۇلۇپ بولغان بالىنىڭ ئانىسىنى تاللاش مۇمكىن ئەمەس، يوشۇرۇن كىنايە شۇكى، سەن چوقۇم كەلگۈسىدىكى بالاڭنى ياخشى تەربىيىلىشىڭ كېرەك. بۇ بالىنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدىكى ھوقۇقى، تېگىشلىك ھەققى، شۇڭلاشقا بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ دەل ياخشى تەربىيىلەنگەن، پەرزەنتنى ئىسلامغا لايىق ياخشى تەربىيىلىيەلىگۈدەك ساپا ھازىرلىغان دىيانەتلىك قىزغا ئۆيلىنىشتۇر.

مانا بۇ پەرزەنتنى ياخشى تەربىيىلەشنى ئۈمىد قىلىدىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ باسىدىغان تۇنجى قەدىمىدۇر.

ئۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان مۇھىم ئىش، ئاتا ـ ئانىلار چوقۇم بالىسىنى تەربىيىلەشتە زۆرۈر، كەم بولسا بولمايدىغان دىنىي بىلىم ـ ساۋاقلارنى ئۆگىنىشى كېرەك. بۇنچىلىك ئاددىي ساۋاتلارنى بىلمىگەن ئاتا ـ ئانا بالىسىنى ياخشى تەربىيىلەيمەن دەپ يۇرمىسىمۇ بولىدۇ. ئۆگىنىش دېگەندە، چوقۇم ئاتا ـ ئانىلار شۇنى بىلىۋېلىشى كېرەككى، ئۆگىنىپ قويۇشلا كۇپايە ئەمەس. چۈنكى ئىسلام ئائىلە تەربىيىسى ماھىيەتتە تەربىيىلەنگۈچىگە ئەمەلىي ھەرىكەت، ئىسلامنىڭ تىرىك ئىجراسى بىلەن تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدىن ئىبارەتكى، ھەرگىزمۇ ھۈنەر ـ تېخنىكا، ئۆگەتكەندەك، ياكى ساۋات چىقارغاندەك ئېلىپ بېرىلىدىغان نوقۇل ئۆگىتىش ھەرىكىتى ئەمەس. ئۆزى ئىسلامغا لايىق ياشىمايدىغان ئاتا ـ ئانا قانداقمۇ مۇسۇلمان پەرزەنت تەربىيىلىيەلىسۇن؟

ھازىر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر خاتا قاراش شۇكى، نۇرغۇن مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىلار ئىسلام ئائىلە تەربىيىسىنى

ئەنئـەنۋىي ئـەخلاق تەربىيىسـى بىلـەن ئومۇمـەن بىـردەك دەپ چۈشـىنىدۇ. ئۇنـداق چۈشـەنمەيدۇ دېگـەن تەقدىردىمـۇ، ئـەخلاقلىق بولسا، ئىسلام تەربىيىسى بويىچە بوپتۇ دەپ بىلىدۇ. بالىلار يالغان ئېيتمىسا، گۇناھ ــ يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمىسا، ناماز ئوقۇسا، قۇرئاننى چىرايلىق قىرائەت قىلىپ ئوقۇيالىسا، ياۋاش ــ يۇمشاق سىلىق ــ سىپايە بولسا، يەرگە يۇمشاق دەسسەپ ماڭسا، مۇتلەق كۆپچىلىكىمىز بۇ بالا ناھايىتى ئوبدان چوڭ بوپتۇ، بەك ئەخلاقلىق بالىكەن، دەپ ماختىشىمىز. توغرا، ئۇنداق بالىلار ھەقىقەتەن ياخشى بالىلار، ئۇنداقتا بىر مۇسۇلمان پەرزەنت ئۈچۈن شۇلا كۇپايىمۇ؟ يەنى ئۇ گۇناھ سادىر قىلمىسا، ھېچكىمنى رەنجىتمەي ياشىسا ئۇ تەلەپكە لايىق بولغان ھېسابلىنامدۇ؟

بۇ يەردە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار نەزەردىن ساقىت قىلىپ كېلىۋاتقان تولىمۇ ئەجەللىك بىر بوشلۇق يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. يەنى پەرزەنت تەربىيىسىدە ئېتىقاد، ئىبادەت، ئەخلاقتىلا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇسۇلمان پەرزەنتلەرنىڭ ئىقتىدار، ساپاسىنى يېتىشتۈرۈشكە، ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسى، ئۈچۈر مىقدارىنى موللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىكتىن ئىبارەت.

كۆز ئالدىمىزدىكى نەق پاكىت شۇكى، ئەتراپىمىزدا ئەخلاقلىق ئەمما قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ئىقتىدارسىز مۇسۇلمانلار تولىمۇ كۆپ. بىر مۇسۇلمانغا نىسبەتەن بىلىم، ئىقتىدار خۇددى ئەقىدە، ئەخلاقتەكلا مۇھىمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بىلىم ئىگەللەش ھەرقانداق بىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر» دېگەن (سۈنەنۇ ئىبنى ماجەدىن). تا ھازىرغىچە ھېچقانداق بىر دەۋر ياكى ماكاندا، بىرەر ئالىم ياكى مۇجتەھىدنىڭ ئىلىم ئىگەللەشنىڭ پەرز ئەمەسلىكى، ياكى بەزىدە پەرز بولسىمۇ بەزىدە پەرز بولمايدىغانلىقىغا بەرگەن پەتۋاسىنى ئۇچرىتالمايمىز. ئەكسىچە دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملىرى ئىتتىپاقىنىڭ

رەئىسى دوكتور يۈسۈپ قەرەزاۋىي[1] مۇنداق پەتۋا چىقارغان: دىنىي بىلىم يەتكۈزۈش دىنىي بىلىم ئېلىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجى قاتارلىقلار ئۈچۈن بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ (ئۆزىنىڭ تىلىنى پىششىق بىلگەندىن كېيىن) باشقا مىللەت تىلىنى ئۆگىنىشى پەرزدۇر. چۈنكى، ئاللاھ: ﴿قۇرئان كەرىم ئالەم خەلقىگە ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر...﴾، دېگەن (سۈرە فۇرقان 1- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)، ﴿(ئى مۇھەممەد) ئېيتقىنكى: «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن...»﴾ (سۈرە ئەئراف 158- ئايەتنىڭ بىر قىسمى). شۇڭا، باشقا تىللارغا دىنىي كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش زۆرۈر بولىدۇ.

---

[1] يۈسۈپ قەرەزاۋىي 1926- يىلى مىسىردا تۇغۇلغان. ئۇن ياشقا بارمايلا قۇرئان كەرىمنى يادقا ئېلىپ بولغان. ئەزھەردە باشلانغۇچ، تولۇقسىزدا ئوقۇغان. ئاندىن دىن فاكولتېتىدا ئوقۇغان. 1953- يىلى 180 ئوقۇغۇچى ئىچىدە يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن. 1954- يىلى ئەرەب تىلى سىنىپىغا ئوقۇتقۇچى بولغان مەزگىلدە 500 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەن. 1958- يىلى تىل-ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە ئەرەب تىلى ئالىي مەكتەپ دىپلومىغا ئېرىشكەن، 1960- يىلى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف ئىلمى بويىچە ماگىستېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ خەتىب، ئوقۇتقۇچى ۋە مىسىر ۋەقپە نازارىتىدە، ئاندىن ئەزھەر ئىسلام مەدەنىيەت ئىدارىسىدا مەتبۇئات ئورنىدا ئىشلىگەن. ئاندىن 1961- يىلى قاتارغا كۆچۈپ كەتكەن. ھەم قاتار دۆلەتلىك تولۇقسىز دىنىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغان. 1973- يىلى مىسىرغا بېرىپ «زاكاتنىڭ ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشتىكى رولى» ناملىق كىتابى بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2001- يىلى 8- ئاينىڭ 4- كۈنى دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملىرى ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى بولغان. ئۇ «ئىسلامدىكى ھالال ۋە ھارام»، «ئىسلامدىكى ئىبادەت»، «زاكاتنى چۈشىنىش» (2 قىسىم)، «ئالىم ۋە تازغۇن»، «ئىمان ۋە ھايات»، «دەۋرىمىزدىكى مەسىلىلەرگە پەتۋا» (2 قىسىم)، «ئەسلىيەتچىلىك ۋە جەدىدچىلىك ئارىسىدا ئىسلامنى چۈشىنىش»، «قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف روھى ئاستىدىكى ئىسلام ئەقىدىسى»، «قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف روھى ئاستىدىكى ئىسلام ئىقتىساد بىلىملىرى»، «غەزالىي ماختىغۇچىلىرى بىلەن تەنقىدچىلىرى ئارىسىدا»، «دىنىي ئىلىمنىلا ئۆگىنىپ دۇنيالىق ئىلىمنى تەرك ئېتىشكە بولمايدۇ»، «ئىسلامدىكى ئاياللار ھوقۇقى» ۋە «ھىجاب دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ سۈپەتلىرىچۇ؟» قاتارلىق 140 نەچچە پارچە كىتاب يازغان. ھازىر قاتاردا خىزمەت ئۆتىمىدە.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدىمۇ پارسچە، شەرقىي رىمچە ۋە ئىگىرچىنى بىلىدىغان ئىلىم ئەھلىلىرى بار ئىدى. بىراق، ئۇلار ئارىسىدا يەھۇدىي يېزىقىنى بىلىدىغان كىشى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەھىي يازىدىغان كاتىپلارنىڭ بىرى زەيد ئىبنى سابىتنى بۇ يېزىقنى ئۆگىنىشكە بۇيرىغان. زەيد ئىبنى سابىت مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ماڭا: «مەن يەھۇدىيلار مەن ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن خەتكە ئىشەنچ قىلالمايمەن. شۇڭا، سەن ئۇلارنىڭ يېزىقىنى ئۆگەنگىن» دەپ بۇيرىدى. مەن ئون بەش كۈنگە بارمايلا ئۇ يېزىقنى ئۆگىنىپ چۈشىنەلەيدىغان بولدۇم. رەسۇلۇللاھنىڭ يەھۇدىيلارغا ئەۋەتمەكچى بولغان خېتىنى مەن يېزىپ بېرەتتىم، ئۇلاردىن كەلگەن خەتنى مەن ئوقۇپ بېرەتتىم (ئىمام بۇخارى، سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەدتىن) دوكتۇر يۇسۇپ قەرەزاۋىي مۇنداق دېگەن: زەيد ئىبنى سابىتنىڭ يەھۇدىي يېزىقىنى تېز سۈرئەتتە ئۆگىنىپ بولۇشىغا ئۇنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن قوشنا ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغانلىقى سەۋەب بولغان.

ۋەھالەنكى كۆز ئالدىمىزدىكى پاكىتقا قارىساق، ناماز، روزا، زاكاتلارنىڭ پەرزلىكىنى ئېتىراپ قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم ئىگەللەشنىڭمۇ ئوخشاشلا پەرز ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭغا پەرز ئەمەلگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزنى دېگەندە، نوقۇل دىنىي بىلىمنىلا كۆزدە تۇتقان ئەمەس. رەسۇلۇللاھنىڭ «كۈچلۈك مۆئمىن ئاجىز مۆئمىندىن ئاللاھقا بەكرەك سۆيۈملۈكتۇر...» (سەھىھۇلمۇسلىم، سۈنەنۇئىبنى ماجە ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەدتىن) دېگەن سۆزىدىمۇ ھەرگىزمۇ مۆئمىننىڭ جىسمانىي كۈچىنى ئەمەس، بىلىمى، ساپاسى، ئىقتىدارىنى كۆزدە تۇتقان. ۋەھالەنكى بىز يەنىلا پەرزەنتلىرىمىزنىڭ باشلانغۇچ دىنىي بىلىمىدىن باشقا، دۇنياۋىي بىلىملەرگىمۇ قىزىقىشى

كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭمۇ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايۋاتىمىز.

بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىبادىتىدىن تاشقىرى، يەنە مەلۇم بىر ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. نوقۇل مەسئۇلىيەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئادا قىلىش دەل شۇ مۇسۇلماندىن بەلگىلىك ساپا، ئىقتىدار تەلەپ قىلىدۇ، ئەگەر بۇ زۆرۈر ساپا ھازىرلانمىغاندا، ناماز، دۇئالار قانچىلىك مۇڭلۇق ياشلار بىلەن ئوقۇلسۇن، مەسىلە يەنىلا ھەل بولمايدۇ.

دېمەك، مۇسۇلماننىڭ تەربىيىسىدە شۇ ياشاۋاتقان دەۋر، دۇنيانىڭ تەلىپىمۇ ئەكس ئېتىشى، شۇ دەۋر يۈكلىگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىش مەقسەت قىلىنىشى زۆرۈردۇر. ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب مۇنداق دەيدۇ. «سىلەر بالىلىرىڭلارنى كەلگۈسى ئۈچۈن تەربىيىلەڭلار، چۈنكى ئۇلار سىلەر ياشىمايدىغان بىر دەۋردە ياشايدۇ». شۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تەربىيە مەزمۇنىدا، ئۇسۇلىدا دەۋر تەلىپى ئەكس ئەتمىسە، باشلانغۇچ ساۋاتنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش بىلەنلا تەربىيىنى ئادا قىلدىم، دېگىلى بولمايدۇ.

# مۇندەرىجە

**ئەخلاقنامە** ........................................................ 1
كىرىش سۆز ........................................................ 1
نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن ........................................................ 1
ئىككى جۈملىلىك ھېكمەتلەر ........................................................ 3
ئۈچ جۈملىلىك ھېكمەتلەر ........................................................ 9
تۆت جۈملىلىك ھېكمەتلەر ........................................................ 27
بەش جۈملىلىك ھېكمەتلەر ........................................................ 41
ئالتە جۈملىلىك ھېكمەتلەر ........................................................ 53
يەتتە جۈملىلىك ھېكمەتلەر ........................................................ 61
سەككىز جۈملىلىك ھېكمەتلەر ........................................................ 67
توققۇز جۈملىلىك ھېكمەتلەر ........................................................ 70
ئون جۈملىلىك ھېكمەتلەر ........................................................ 75
**ئەي بالام** ........................................................ 3
1. نەسىھەت ھەققىدە چۈشەنچە ........................................................ 105
2. ۋاقىتنى قەدىرلەش ھەققىدە ........................................................ 106
3. نەسىھەتنىڭ كىشىلەرگە ئېغىر كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ........ 107
4. ئەمەلسىز ئىلىمنىڭ ئەسقاتمايدىغانلىقى ھەققىدە .. 108
5. ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇش ھەققىدە ........ 111

6. ئىلىم ئۆگىنىشتە نىيەتنى توغرىلاش ھەققىدە ...... 113
7. ھاياتلىق ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ...... 113
8. ھەر قانداق ئىلىمنى ئۆگىنىشتە ھەق رىزالىقىنى ئىزدەش لازىملىقى ھەققىدە ...... 114
9. بىلگىنىگە ئەمەل قىلىش ھەققىدە ...... 115
10. كەلگۈسىگە تەييارلىق قىلىش ھەققىدە ...... 116
11. ئەمەلىيەتنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى ھەققىدە ...... 118
12. سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇش ھەققىدە ...... 119
13. لوقماننىڭ نەسىھىتى ھەققىدە ...... 120
14. ئىلىمنىڭ ئاساسى ھەققىدە ...... 121
15. نەپسىنى كونترول قىلىش ھەققىدە ...... 122
16. ھەق يولنى تۇتۇپ ماڭغۇچى ھەققىدە ...... 124
17. ھاتەمنىڭ نەسىھىتى ھەققىدە ...... 126
18. يېتەكچى ئۇستاز ھەققىدە ...... 130
19. تەپەككۇر ھەققىدە ...... 134
20. ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ھەققىدە ...... 135
21. زۇننۇنى مىسرىينىڭ نەسىھىتى ھەققىدە ...... 136
22. سەككىز تۈرلۈك نەسىھەت ھەققىدە ...... 136
مۇنازىرە قىلىش ...... 136
ھەسەتخورلۇق ...... 137
ھاماقەتلىك ...... 138
ۋەز - نەسىھەت ...... 139
ئەمەلدارلاردىن يىراق تۇرۇش ...... 142
ئەمەلدارلاردىن سوۋغات ئالماسلىق ...... 142

كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىش.................................144
كىتابنى تاللاپ ئوقۇش.......................................144
23. قەلب ھەققىدە............................................145
24. داۋاملىق ئوقۇلىدىغان ....................................147
دۇئالار ھەققىدە.............................................147
**ھىدايەتنامە** ...............................................151
سەپسەتىگە بېرىلىپ، ئەقلىي بىلىملەرنى ئىنكار قىلغانلىقىم
توغرىسىدا......................................................157
ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ تۈرلىرى ..........................163
كالام ئىلمىنىڭ مەقسىتى ۋە ئۇنىڭ قازانغان ئۇتۇقى توغرىسىدا....165
پەلسەپە ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلى.................................168
پەيلاسوپلارنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى ۋە ھەممىسىنىڭ دىنسىزلىقتىن
خالىي ئەمەسلىكى توغرىسىدا ...................................171
باتىنىيە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرى توغرىسىدا ..................191
پەيغەمبەرلىكنىڭ ماھىيىتى ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا
موھتاجلىقى توغرىسىدا.........................................211
قايتىدىن ئىلىم تارقىتىشقا باشلاش...............................218

ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي

# ئەخلاقنامە

# مۇقەددىمە

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن (باشلايمەن)

جەمئىي ھەمدۇسانالار بارلىق زامان، بارلىق ۋاقىتلاردا بۈيۈك ئاللاھقا بولسۇن. كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان رەسۇلۇللاھقا ئاللاھنىڭ رەھمىتى — سالامى بولغاي. مەزكۇر كىتابنى شەيخ ملللەت، ھەق ۋە دىن يۇلتۇزى بولغان ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەسقەلانىي، مىسرى، شافئىي، ئىبنى ھەجەر نامى بىلەن مەشھۇر كىشى «ئاخىرەتكە تەييارلىق» دېگەن نامدا توپلىغان. بۇنىڭدا ئىككى جۈملىلىك، ئۈچ جۈملىلىكتىن ئون جۈملىلىككىچە بولغان ھېكمەتلەر بايان قىلىنغاندۇر.

# ئىككى جۇملىلىك ھېكمەتلەر

1. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ۋە مۇسۇلمانلار جامائەسىگە پايدا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك خىسلەتتىن قىممەتلىك نەرسە يوق؛ ئاللاھقا شەك كەلتۈرۈش ۋە مۇسۇلمانلار جامائەسىگە زىيانكەشلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشتىن ئارتۇق تۈرىدىغان قەبىھ قىلمىش يوق».

2. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

«ئالىملارنىڭ سۆھبىتىگە يېقىن تۇرۇڭلار، دانالارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ ھەر دائىم ئۆلگەن قەلبلەرنى ئىلىم نۇرى بىلەن تىرىلدۈرىدۇ. گويا ئۇزاق يامغۇر سۈيى بىلەن، خازان بولغان مايسىلارنى بىخ سۈرگۈزگىنىدەك».

3. ئەبۇبەكرى سىددىق مۇنداق دېگەن:

«قەبرىسىگە ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىۋالماي كىرگەن كىشى كېمىسىز دېڭىزغا كىرگەن كىشىگە ئوخشاش».

4. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دېگەن:

«دۇنيانىڭ شان-شۆھرىتىنى پۇل- مال بىلەن سېتىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن، ئاخىرەتنىڭ شەرىپىنى پەقەت ياخشى ئەمەل بىلەنلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ».

5. ئوسمان ئىبنى ئەففان مۇنداق دېگەن:

«دۇنيا ئۈچۈن قايغۇرۇش — قەلبتىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىپادىسى. ئاخىرەت ئۈچۈن قايغۇرۇش — قەلبتىكى نۇرنىڭ ئالامىتى».

6. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئېيتىدۇ:

«ئىلىم ئېلىش سەپىرىدە ياشىغان ئادەمگە، جەننەت ئۇنىڭ مەنزىلگاھى بولۇپ بېرىدۇ. گۇناھ مەئسىيەتلەرنى ئىزلەپ ياشىغان ئادەمگە، دوزاخ ئۇنىڭ قايتىدىغان جايى بولۇپ قالىدۇ».

7. يەھيا ئىبنى مەئاز ئېيتىدۇ:

«ئاللاھقا ئاسىي بولغۇچى ئالىيجاناب بولالمايدۇ، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان كىشى ئاقىل بولالمايدۇ».

8. ئەئمەش ئېيتىدۇ:

«تەقۋادارلىقنى دەسمايە قىلغۇچىنىڭ ئېتىقادىدىن كېلىدىغان پايدىسىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمايدۇ. دۇنيالىقنى دەسمايە قىلىدىغان كىشىنىڭ ئەقىدىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يوقىلىپ بېرىشىنى تىل بىلەن سۆزلىگىلى بولمايدۇ».

9. سۇفيان سەۋرىي ئېيتىدۇ:

«ئارزۇ- ھەۋەستىن كېلىپ چىققان گۇناھنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىدىن ئۈمىد بار. لېكىن، مۇتەكەببىرلىكتىن كېلىپ چىققان گۇناھنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىدىن ئۈمىد يوق. چۈنكى، مۇتەكەببىرلىك بولسا: ئىبلىسنىڭ گۇناھكار بولۇشىنىڭ مەنبەسى. ئارزۇ- ھەۋەسكە ئەگىشىش بولسا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېزىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى».

10. بىر زاھىت ئېيتىدۇ:

«كۆلۈپ تۇرۇپ گۇناھ سادىر قىلغۇچىنى بولسا، ئاللاھ ئۇنى يىغلاتقان پېتى دوزاخقا تاشلايدۇ. يىغلاپ تۇرۇپ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، ياخشى ئەمەلنى قىلغۇچىنى بولسا، ئاللاھ ئۇنى كۈلدۈرگەن پېتى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ».

11. بىر ھەكىم ئېيتىدۇ:

«كىچىك گۇناھلارغا سەل قارىماسلىق كېرەك. چوڭ گۇناھلار دائىم مۇشۇنىڭدىن باشلىنىدۇ».

12. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «كىچىك گۇناھنى قايتا — قايتا ئۆتكۈزسە، ئۇ كىچىك بولماي قالىدۇ. داۋاملىق گۇناھنى تىلىگۈچىنىڭ چوڭ گۇناھى قالمايدۇ.»

13. رىۋايەت قىلىنىشىچە:

«چوكقۇر ۋە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە ئادەمنىڭ غەيرىتى ئاللاھنى مەدھىيلەش. زاھىتنىڭ غەيرىتى بولسا، ئاللاھقا دۇئا قىلىش. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، چوكقۇر چۈشەنچىگە ئىگە ئادەم ئاللاھنى نىيەت قىلسا، زاھىت ئۆز- ئۆزىنى نىيەت قىلىدۇ» — دېيىلگەن.

14. بىر ھۆكۈما ئېيتىدۇ:

«ئۆزىگە ئاللاھتىن بەكرەك ئىشەنچلىك دوست تېپىشنى ئويلايدىغان ئادەمنىڭ ئاللاھقا بولغان تونۇشى ئىنتايىن يۈزەكىدۇر. ئۆزىنىڭ قەبىھ خۇي- پەيلىدىن ئۆتەرەك ئەشەددىي دۈشمىنى بار دەپ تونۇيدىغان كىشىنىڭ ئۆزىگە بولغان تونۇشى تۆۋەن بولغىنىدۇر.

15. ئەبۇبەكرى سىددىق قۇرئان كەرىمدىكى «كىشىلەر ئۆتكۈزگەن گۇناھلار سەۋەبىدىن قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزلاردا ئاپەت يۈز بېرىدۇ» — دېگەن ئايەتتىكى «قۇرۇقلۇق» ۋە «دېڭىز» دېگەن ئىككى سۆزنى مۇنداق چۈشەندۈردى:

«قۇرۇقلۇق» دېگەن سۆز بولسا ئادەمنىڭ تىلىنى كۆرسىتىدۇ. «دېڭىز» دېيىلگىنى ئادەمنىڭ قەلبى. شۇڭلاشقا، ئادەمنىڭ تىلى گۇناھ ئۆتكۈزگەندە، ئادەمنىڭ روھى ئۈنسىز ياش تۆكىدۇ. ئادەمنىڭ قەلبى زەئىپلەشكەندە، پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكىدۇ».

16. رىۋايەت قىلىنىشىچە:

«ھەۋەس پادىشاھنى قۇلغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، سەۋرچانلىق قۇلنى پادىشاھ قىلىپ قويالايدۇ، راستتىنلا شۇنداق! ئەجەبا، سىز يۈسۈپ بىلەن زۇلەيخانىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ باقمىدىڭىزمۇ؟» — دېيىلگەن.

17. رىۋايەتتە:

ئەقىل- ئىدراكنى ئۆزىگە ھۆكۈمران، ئارزۇ- ھەۋەسنى ئۆزىگە قۇل قىلالىغان كىشى ھەقىقەتەنمۇ بەختلىك، ئەكسىچە، ھەۋەسنى ھۆكۈمران، ئەقلىنى قۇل قىلغان كىشى نەس باسىدىغان كىشىدۇر» — دېيىلگەن.

18. رىۋايەتتە:

«بارلىق گۇناھلارنى تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ قەلبى يۇمشاق بولىدۇ. ھارام يېمەكلىكلەرنى تەرك قىلىپ، ھالال يېمەكلىكلەرنى يېگەن ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ساپ بولىدۇ. ئاللاھ بىر پەيغەمبىرىگە .

«نازىل قىلىنغانغا سەن بويسۇنغىن. مەن چەكلىگەنگە سەن خىلاپلىق قىلما» — دېگەن.

19. رىۋايەتتە:

«ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان، ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىدىغان ئەقىل ئىگىسىنى ھەقىقىي ئاقىل دەپ ئاتاش كېرەك!» — دېيىلگەن.

20. رىۋايەتتە:

«ئالىمغا نىسبەتەن يۇرتىنى سېغىنىش ھەسرىتى بولمايدۇ، نادانغا قارىتا، يۇرتىنىڭ خۇشاللىقى مەۋجۇت ئەمەس» — دېيىلگەن.

21. رىۋايەتتە:

«ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنىدىغان كىشى خەلق ئارىسىدا غېرىب بولۇپ قالىدۇ» — دېيىلگەن.

22. رىۋايەتتە:

«ئاللاھقا بويسۇنۇش پائالىيىتى بولسا، ئاللاھنى تونۇغانلىقىنىڭ بەلگىسى. گويا، ھەرىكەت - ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى بولغىنىدەك» - دېيىلگەن.

23. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

«گۇناھنىڭ مەنبئى (يىلتىزى) دۇنياغا بولغان ئىشتىياق (ھېرىسمەنلىك)، پىتنە - پاساتنىڭ يىلتىزى بولسا، ئۆشرە - زاكاتنى بەرمەسلىك».

24. رىۋايەتتە:

«ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇچى ماختىلىشقا تېگىشلىك؛ ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى ئېتىراپ قىلىش- ئاللاھنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى قوبۇل كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى» — دېيىلگەن.

25. رىۋايەتتە:

نېئمەت تانغانلىق پەسلىكتىن، ئەخمەق بىلەن بىللە بولۇش — سۆھبەتلىشىش شۇملۇقتىن بېشارەت دېيىلگەن.

26. شائىر ئېيتىدۇ:

«دۇنياغا چۈككەن ئادەم ھەۋەسىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىشى ھەقىقەت. قەدىمدىن ئاخىرغىچە ھەممىلا ئادەم توغرا كۆزدە قارىيالىدىمۇ؟ لېكىن، ھاياتلىق ئاللىبۇرۇن ئاخىرغىچە قىستاپ بارىدۇ، ئۆلۈمنىڭ تۇيۇقسىز كېلىشى مۇقەررەر. قەبرە بولسا پانالىيىتىمىزنىڭ ساندۇقى (تۈگەنچىسى). سەن چوقۇم «ھاياتىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ئۆلۈم» دېگەن تەھدىتكە بەرداشلىق بېرىشىڭ زۆرۈر».

# ئۈچ جۈملىلىك ھېكمەتلەر

1. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

«ئورنىدىن تۇرۇپلا تۇرمۇشنىڭ تەڭقىسلىقلىرىدىن ئاغرىنىش ئاللاھقا غودۇرىغانغا ئوخشاش. ئورنىدىن تۇرۇپلا دۇنيانىڭ تۈرلۈك مەشغۇلاتلىرىدىن غەم- ئەندىشە قىلغۇچى ئەمەلدە ئاللاھقا نارازى بولغان بولىدۇ، بىر دۆلەتمەن ئادەمگە تېز پۈكۈپ خۇشامەت قىلغۇچى ئىمانىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى يوقاتقان بولىدۇ».

2. ئەبۇبەكرى سىددىق ئېيتىدۇ:

ئۈچ خىل ئىشنى باشقا ئۈچ خىل ئىش بىلەن قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس:

باياشاتلىقنى ئارزۇ بىلەن قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ.

ياشلىقنى زىبۇ زىننەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ.

سالامەتلىكنى دورا- دەرمەك بىلەن قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ.

3. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئېيتىدۇ:

كىشىلەر بىلەن دوستلۇقنى ياخشىلاش يېرىم ئاقىللىق، مەسىلە ئوتتۇزىغا قويۇشقا ماھىر ئادەم بىلىمنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن بولىدۇ، ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ماھىر ئادەم تۇرمۇشنىڭ يېرىمىنى تاپقان بولىدۇ».

4. ئوسمان ئىبنى ئەففان ئېيتىدۇ:

«بۇ دۇنيانى تەرك ئەتكۈچى، ئاللىبۇرۇن ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرىشىگە ئېرىشتى. گۇناھنى تەرك ئەتكۈچى، پەرىشتىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى. مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا ئالا كۆڭۈللۈك قىلمىغان كىشى مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى».

5. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئېيتىدۇ:

«دۇنيا نېئمەتلىرىگە نىسبەتەن، ئىسلام نېئمىتى ساڭا كۇپايە، ھەرقانداق ھەرىكەتكە قارىتا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ ياخشى ئەمەل قىلىش سەن شۇغۇللىنىشقا يېتەرلىك. تەربىيەگە نىسبەتەن، ئۆلۈم سەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭقۇر تەربىيە بولۇشقا يېتەرلىكتۇر».

6. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئېيتىدۇ:

«بەزى ئادەملەر نازۇ - نېمەت بىلەن ئالدىنىپ قالىدۇ، بەزى ئادەملەر بىر نەچچە ئېغىز سۆزنى پاساھەتلىك قىلىش بىلەن جاھاندا نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. بەزىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىگە سەبىر قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆزىنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك سېزىپ يۈرۈۋېرىدۇ.».

7. داۋۇد پەيغەمبەر ئېيتىدۇ:

«تەۋراتتا ماڭا نازىل قىلىنىدىكى، ئەقىل- پاراسەتلىك ئادەم ئۈچ تۈرلۈك ئىشقا ئالدىرايدۇ:

ئاخىرەت ھاياتى ئۈچۈن ئوزۇقلۇق ئېلىشقا ئالدىراش.

رېئال تۇرمۇش ئۈچۈن يېمەكلىك تەييارلاشقا ئالدىراش.

ھالال ئۇسۇل- ۋاستە بىلەن بەخت تېپىشقا ئالدىراش».

8. پەيغەمبىرىمىز مۇنىداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك ئىش بار، ئادەمنى بالا — قازادىن ساقلايدىغان؛ ئۈچ تۈرلۈك ئىش بار، ئادەمگە خەتەر ئېلىپ كېلىدىغان؛ ئۈچ تۈرلۈك ئىش بار، ئادەمنىڭ

خاراكتېرىنى يېتىلدۈرىدىغان؛ ئۈچ تۈرلۈك ئىش بار، ئادەمنىڭ گۇناھىنى يۇيىدىغان:

ئادەمنى بالادىن ساقلايدىغان ئۈچ خىل ئىش:

يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھتىن قورقۇش، مەيلى يوقسۇللۇق ياكى باياشاتلىق پەيتىدە، ھەممىسىدىلا تېجەشلىك بولۇش، خۇشال ياكى غەزەپلىك ھالەتتە يەنىلا ئادالەتتە چىڭ تۇرۇش.

ئادەمگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئىش:

زىيادە پىخسىقلىق، ھاۋايى- ھەۋەسكە بېرىلىش، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش.

ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى يېتىلدۈرىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئىش:

ئۇچرىغانلا كىشىگە سالام قىلىش، كەمبەغەل كىشىگە تاماق بېرىش، يېرىم كېچىدە باشقىلار ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئاۋۋالقىدەكلا ئىبادەت قىلىش.

گۇناھىنى يۇيىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئىش:

سالقىن سەھەردە مۇكەممەل تاھارەت ئېلىش، پىيادە بېرىپ جامائەتكە قوشۇلۇش، بىر قېتىملىق پەرز ئەمەلنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىملىققا تەشنا بولۇش».

9. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ:

ئى مۇھەممەد، خالىغىنىڭچە ياشا، سەن چوقۇم ئۆلىسەن. خالىغىنىڭنى ياخشى كۆر، سەن چوقۇم ئۇنىڭدىن ئايرىلىسەن. خالىغىنىڭنى قىل، سەن چوقۇم قىلمىشىڭغا بېقىپ جازا — مۇكاپاتلىنىسەن.

10. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بولۇپ، ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدىن باشقا ھېچقانداق ھىمايىچىسى بولمىغان

ئەھۋالدىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئەرشىنىڭ ئاستىدا ھىمايىسىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

قىيىنچىلىق ئىچىدىمۇ تاھارەت بىلەن يۈرگۈچى ئادەم، قاراڭغۇ كېچىدە ئاۋۋالقىدەك پىيادە مەسچىتكە بېرىپ ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم، ئاچ قالغانغا تائام بېرىدىغان ئادەم».

11. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن. قانداق سەۋەب بىلەن ئاللاھ سىنى دوست تۇتقان؟ دەپ بىرى سورىغاندا، ئۇ. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى باشقىلارنىڭ بۇيرۇقىنىڭ ئۈستىگە قويدۇم؛ ئاللاھ ماڭا تاپشۇرغان ئىشنى ھەممىدىن مۇھىم بىلدىم؛ ئەتىگەن ۋە كەچتە داۋاملىق مېھمان بىلەن بىرگە تاماق يېدىم، دەپ جاۋاب بەرگەن.

12. بىر ھەكىم ئېيتىدۇ.

غەم ـ قايغۇنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ئۇچ تۈرلۈك ئىش بار. ئاللاھنى زىكرى قىلىش، دوستىنى يوقلاش، دانالار سۆھبىتىگە داخىل بولۇش.

13. ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ.

ئەدەپسىز كىشىدە بىلىممۇ بولمايدۇ، سەۋرىسىز كىشىدە دىن بولمايدۇ، تەقۋالىق بولمىغان كىشىدە خۇداغا يېقىنلىشىش لاياقىتى بولمايدۇ.

14. رىۋايەتتە. بەنى ئىسرائىل قوۋمىدىكى بىر ياش يۈرتىدىن ئايرىلىپ ئىلىم ئىزدەشكە چىقىپتۇ، بۇ خەۋەر ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرى ئۇنىڭغا بىر ھەمراھنى ئەۋەتىپ مۇنۇلارنى نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ.

«ئى ياش! مەن ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئىلمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇچ خىل بىلىم بىلەن ساڭا نەسىھەت قىلىمەن. سەن يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا سورۇنلاردا ئوخشاشلا ئاللاھتىن قورقىن! سەن تىلىڭنى تىزگىنلەپ، مەيلى كىم بولمىسۇن، ئۇنىڭ ياخشى

تەرىپىنىلا سۆزلە. يېمەك- ئىچمىكىڭگە دىققەت قىلىپ، ھالال- پاك نەرسىلەرنىلا يە».

15. رىۋايەتتە:

بەنى ئىسرائىل قوۋمىدىن بىر ئادەم بىلىم ساھەسىدىكى كىتابلاردىن 80 ساندۇق يىغىپتۇ، لېكىن، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمايتتى. ئاللاھ بەنى ئىسرائىلنىڭ بىر پەيغەمبىرىگە ۋەھيي قىلىپ، ئۇ ئادەمگە مۇنداق دېيىشنى بۇيرۇپتۇ:

«ئەگەر ئۇ مۇنداق ئۈچ ئىشنى قىلمايدىغان بولسا، يەنە قاتتىق كۆپ كىتاب يىغىسىمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدىسى يوق: دۇنياغا ھەۋەس قىلمىسۇن، چۈنكى، ئۇ مۆئمىننىڭ مەنزىلگاھى ئەمەس، شەيتاننى دوست تۇتمىسۇن. چۈنكى، ئۇ مۆئمىننىڭ ھەمراھى ئەمەس، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلمىسۇن، چۈنكى، زىيانكەشلىك مۆئمىننىڭ خىسلىتى ئەمەس».

16. ئەبۇ سۇلايمان دارانى رىۋايەت قىلىدۇ:

ئۇ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلغاندا مۇنداق دېگەن:

«ئى پەرۋەردىگارىم! ئەگەر مەن خاتالىشىپ قالسام، مەن سەندىن كەچۈرۈم تىلەيمەن. ئەگەر مەن بېخىللىق قىلىپ قالسام، مېنى سېخىي قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ئەگەر مەن دوزاخقا كىرىپ قالسام، مەن چوقۇم دوزاخ ئەھلىگە شۇنداق دەيمەنكى، مەن يەنىلا سېنى ياخشى كۆرىمەن».

17. رىۋايەت قىلىنىشىچە:

« ئەڭ بەختلىك ئۈچ خىل ئادەم بار؛ دائىم ئىلىمگە بولغان ئىشتىياق بىلەن يۈرۈيدىغان ئادەم، چىدامچان بەدىنى بار ئادەم، قولىدا بارىغا قانائەت قىلىدىغان ئادەم».

18. ئىبراھىم نەخەئىي مۇنداق دەيدۇ:

«ئىلگىرى كىشىلەر ئۈچ تۈرلۈك ناچار ئادىتى سەۋەبىدىن ھالاك بولغان: قۇرۇق پاراڭ سېلىش، قورسىقى يېرىلغۇدەك يېيىش(ھەددىدىن زىيادە كۆپ يېيىش)، ئۆلۈكتەك ئۇخلاش».

19. يەھيا ئىبنى مەئاز رازى مۇنداق دەيدۇ:

«مۇنداق ئادەمگە خۇش مۇبارەك: دۇنيا ئۇنى تاشلىۋېتىشتىن بۇرۇن، دۇنيانى تاشلىۋەتكەن ئادەم، قەبرىگە كىرىشتىن بۇرۇن، ئۆزى ئۈچۈن قەبرە ياسىغان ئادەم، ئاللاھنى ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشتىن بۇرۇن، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئادەم».

20. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇنداق دەيدۇ:

«كىمدە ئاللاھنىڭ خىسلىتى كەم بولىدىكەن، پەيغەمبەرنىڭ خىسلىتى كەم بولىدىكەن، ئەۋلىيالارنىڭ خىسلىتى كەم بولىدىكەن، ئۇ ھېچنېمىسى يوق ئادەمدۇر: بىرەيلەن ئەلىدىن سورىدى: «ئاللاھنىڭ خىسلىتى نېمە؟»

— ئەلى جاۋاب بەردى:

— سىر ساقلاش.

— ھېلىقى ئادەم سورىدى: «پەيغەمبەرلەرنىڭ خىسلىتى نېمە؟

— ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش.

— ئەۋلىيالارنىڭ خىسلىتى نېمە؟

— نادانلارنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە سەۋر قىلىش، ئىلگىرىكى ئۆممەتلەر مۇنداق ئەمەسمىدى.

ئۇلار مۇنداق ئۈچ خىل پەزىلەتنى ئۆز ـ ئارا تەۋسىيە قىلىشتى:

«كىمكى ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئەمەل قىلىشقا ئالدىرايدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ دىنى ۋە كۇندىلىك تۇرمۇشىدىكى بارلىق مەسىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ. كىمكى ئۆزىنىڭ قەلبىنى پاكلايدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى سالاپەتلىك قىلىپ

بېرىدۇ. كىمكى ئۆزى بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەكشەيدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەكشەپ بېرىدۇ».

21. ئەلى مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ ئالدىدا، سەن چوقۇم كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئاكتىپ (مۇنەۋۋەر) ئادەم بولۇشقا تىرىشقىن. نەپسىڭگە قارىتا سەن ھەر قانداق كىشىدىنمۇ بەكرەك قاتتىق قول بولغىن. كىشىلەر ئارىسىدا سەن ھەقىقىي ئادەمدەك ياشاشنى قولغا كەلتۈر».

22. رىۋايەتتە، ئاللاھ ئۇزەيرنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

«ئى ئۇزەير! سەن بىر كىچىك گۇناھ ئۆتكۈزسەڭ، ئۇنى كىچىك سانىمىغىن. بەلكى، ئۆزۈڭنىڭ گۇناھى تۆپەيلىدىن، ساڭا جازا بېرىدىغان ئاللاھنى ئويلىغىن. سەن يەڭگىل بىر ئىشقا دۇچ كەلسەڭ، ئۇنى ئەرزىمەس ھېسابلىمىغىن. بەلكى، ساڭا رىزىق بېرىۋاتقان ئاللاھنى ئەسلىگىن. سەن بەختسىزلىككە يولۇققاندا، مېنىڭ بەندىلىرىم ئالدىدا مەندىن ئاغرىنىپ يۈرمىگىن. سېنىڭ يامانلىقىڭ ماڭا ئۆرلىگەندە، مەنمۇ پەرىشتىلىرىمگە سەن توغرىلىق ئاغرىنىمىغىنىمغا ئوخشاش».

23. ھاتەم ئەسەم مۇنداق دەيدۇ:

«ھەر كۈنى سەھەر شەيتان ماڭا ۋەسۋەسە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: سەن نېمە يەيسەن؟ نېمە كىيىسەن؟ نەدە تۇرۇشنى ئويلايسەن؟ مەن دەيمەنكى: «مەن ئۆلۈشنى يېمەك قىلىمەن، كېپەنلىكنى كىيىم قىلىمەن، قەبرىنى تۇرار جاي قىلىمەن»».

24. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

«كىمكى گۇناھ پاتقىقىدىن چىقىپ، ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە قايتسا، ئۇنىڭ پۇل- مېلى بولمىسا، ئاللاھ ئۇنى باي قىلىدۇ. ئۇنىڭ

قوشـۇنى بولمىسـىمۇ، ئـاللاھ ئـۇنىڭغا يـاردەم قىلىـدۇ. ئـۇنىڭ دوسـت ـ تۇغقانلىرى بولمىسىمۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھۆرمەت ئاتا قىلىپ بېرىدۇ».

25. بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر يېنىغا چىقىپ «سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار قانداق؟» دەپ ئەھۋال سورىغاندا؛ «ساھابىلەر جاۋابەن: بىز ئاللاھقائىمان ئېيتقان ھالدا ئورنىمىزدىن تۇردۇق.

رەسۇلۇللاھ. ئۇنـداقتا سـىلەرنىڭ مۆئمىنلىكىڭلارنىـڭ بەلگىسـى نېمـە؟ — دەپ سـورىغاندا، سـاھابىلەر. قىيىنچىلىقتـا سـەۋر قىلغـۇچىلارمىز، خاتىرجەملىكتـە شـۈكرى قىلغـۇچىلارمىز، تەقدىرگـە رازى بولغـۇچىلارمىز.» — دېگـەندە، رەسـۇلۇللاھ؛ بەيتـۇللاھنىڭ پەرۋەردىگارى بىلـەن قەسـەمكى، سـىلەر ئەمـدى ھـەقىقىي مـۆئمىن بولدۇڭلار.» — دېدى.

26. ئاللاھ تائالا مەلۇم بىر پەيغەمبىرىگـە ۋەھيـي قىلىـپ مۇنـداق دېگەن:

«مېنى ياخشى كۆرىدىغان قەلبى بىلەن ماڭا مۇلاقات بولغۇچىنى مەن جەننەتىمگە كىرگۈزىمەن، مەندىن قورقىدىغان قەلبى بىلەن ماڭا مۇلاقات بولغۇچىنى مەن دوزاختىن يىراق قىلىمەن، مەندىن ھايا قىلىدىغان قەلبى بىلەن ماڭا مۇلاقات بولغۇچىنىڭ گۇناھلىرىنى مەن پەرىشتىلەر خاتىرىسىدىن ئۆچۈرگۈزىۋېتىمەن».

27. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ؛

«ئاللاھ ساڭا پەرز قىلغان ئەمەلنى ئورۇنلاپ بولغانىدىن كېيىن، سەن ئاندىن كىشىلەر ئارىسىدىكى ئاللاھتىن ئەڭ قورقىدىغان ئادەم بولالايسـەن. ئـاللاھ چەكلىگـەن نەرسـىلەرنىڭ ھەممىسـىدىن يىراقلاشساڭ، سەن ئاندىن كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ تەقۋا بولىسەن. ئاللاھ تەقسىم قىلغان رىزىققا رازى بولساڭ، سـەن ئانـدىن كىشـىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ باي ئادەم بولىسەن».

28. سالىھ مەرقەدى مەلۇم بىر قورۇدىن ئۆتكەندە، مۇنداق دېگەن: «ئى قورۇ! سېنىڭ ئىلگىرىكى خوجىلىرىڭ نەگە كەتتى؟ سېنى ياسىغان ئادەملەر قاياقتا؟ دەسلەپتە سەندە ماكانلاشقانلار قاياقتىدۇر؟ — دېگەندە، مۇنداق بىر ئاۋاز ئاڭلانغان: «ئۇلارنىڭ ئەسىر كۆچى ئاللىقاچان يوقالدى. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىمۇ چىرىپ، تۇپراق بولدى. پەقەت ئۇلارنىڭ قىلغان- ئەتكەنلىرىلا نۇرغۇن پۈتۈكچىلەرگە يېزىلىپ ئۇلارنىڭ بويىندا يۈگەكلىك تۇرىدۇ».

29. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇنداق دەيدۇ:

«سەن دىلىڭدىن رازى بولغان ئادىمىڭنى ھۆرمەتلە. چۈنكى، سەن ئۇنىڭ داھىيسى. سەن دىلىڭدىن رازى بولغان ئادىمىڭگە تەلەپ قوي. چۈنكى، سەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسىرگە ئوخشاش. سەن دىلىڭدىن رازى بولغان ئادىمىڭگە خالىغان تەكلىپىڭنى ئىزھار قىلىۋەر. چۈنكى، سەن دېمەك ئۇ، ئۇ دېمەك سەن دېمەكتۇر».

30. يەھيا ئىبنى مەئاز مۇنداق دەيدۇ:

«دۇنيانى تەرك قىلغان ئادەم دۇنياغا ئېرىشكەن بولىدۇ، تەرك ئەتكۈچى دۇنياغا ئېرىشكۈچىدۇر. ئەكسىچە، دۇنياغا ئېرىشكەن كىشى دۇنيانى تاشلىغۇچىدۇر. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، دۇنياغا نىسبەتەن، تەرك ئېتىشنىڭ ئىچىدە ئېرىشىش بولىدۇ. ئېرىشىش ئىچىدە يوقىتىش بولىدۇ».

31. ئىبراھىم ئەدھەم مۇنداق دەيدۇ:

بىر ئادەم مەندىن سورىدى: «سىز نېمىگە تايىنىپ دۇنياغا پىسەنت قىلمايدىغان دەرىجىگە يېتەلىدىڭىز؟» مەن جاۋابەن: «مەن ئۈچ تۈرلۈك ئىش بىلەن يەتتىم.

1) مەن قەبرىنىڭ ئىچىدە پەقەت يالغۇزلۇق بولىدىغانلىقىنى، ھېچقانداق ئادەمنىڭ ماڭا ھەمراھ بولالمايدىغانلىقىنى بايقىدىم.

2) مەن سەپەرنىڭ ئۇزاق، قىشىمدا ھىچقانچە ئوزۇق- تۈلۈك يوقلۇقىنى بايقىدىم.

3) مەن ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە ھۆكۈم چىقارغاندا، مىنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئاقلىغۇدەك ھىچقانداق ئاساسىمنىڭ يوقلۇقىنى تىخىمۇ بايقىدىم».

32. مول بىلىمگە ئىگە بولغان شىبىل دۇئا قىلدى:

«پەرۋەردىگارىم! مەن بارلىق ياخشىلىقلىرىمنى ساڭا ھەدىيە قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، گەرچە مەن بەك نامرات ۋە ئاجىز بولساممۇ.

پەرۋەردىگارىم! سەن قانداقسىگە مىنىڭ بارلىق يامانلىقلىرىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بىرىشنى خالىمايسەن، گەرچە سەن ماڭا پەقەت مۇھتاج بولمىساڭمۇ»؛ شىبىل مۇنداق دەيدۇ: «سەن ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى ئويلىساڭ، چوقۇم ھەۋەسلەر قوينىدىن ئۆز تېنىڭنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققىن. ئەگەر سەن ئاللاھ بىلەن ئالاقىلىشىش لەززىتىنى تېتىغان بولساڭ، ئۇنداقتا سەن ئاللاھ تەرىپىدىن تاشلىنىپ قېلىشنىڭ قانچىلىك ئازابلىقىنى بىلەلەيسەن».

33. سۇفيان سەۋرى مۇنداق دەيدۇ: بىرەيلەن مەندىن ئاللاھقاقانداق يېقىنلاشقىلى بولىدىغانلىقى توغرىلىق سورىۋىدى، مەن:

«ئۇمومەن ئاللاھقايېقىنلاشماقچى بولغانلار:

گۈزەل چىرايلارغا نەزەر سالمىسۇن.

دەبدەبىلىك سادالارغا قۇلاق سالمىسۇن.

سۆزمەنلەرنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمىسۇن» دېدىم.

34. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ:

«زوھد» سۆزى بولسا، «ز»، «ھ»، «د» دىن ئىبارەت ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن: بىرىنچى ھەرپ بولسا، ئاخىرەتلىكنىڭ ئوزۇقى

(زاد) دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى؛ ئىككىنچى ھەرپ بولسا، دىندىكى ھىدايەت سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى؛ ئۈچىنچى ھەرپ بولسا، ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە چىڭ تۇرۇش، (داۋام) سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى.

ئىبنى ئاببباس باشقا بىر جايدا مۇنداق ئىزاھات بەرگەن:

«زوھد» سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپى، زىبۇ زىننەتنى تەرك ئېتىش سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى؛ ئىككىنچى ھەرپى بولسا، ئاررزۇ- ھەۋەسنى تەرك ئېتىش سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى؛ ئۈچىنچى ھەرپ بولسا، دۇنيانى تەرك ئېتىش سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى».

35. ھامىد لەفاق مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم ئۇنى ئىزلەپ كېلىپ، ماڭا بىر نەسىھەت قىلساڭچۇ؟! دېۋىدى. ھامىد لەفاق ئۇ ئادەمگە: - «ئۆزۈڭنىڭ دىنىڭغا كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغە ئوخشاش قاپچۇق قىلىۋال» — دېدى. ھېلىقى ئادەم: دىنىنىڭ قاپچۇقى نېمە ئۇ؟- دېۋىدى. ھامىد لەفاق دېدى: زۆرۈر بولغاندا سۆزلەش؛ زۆرۈر بولغاندا دۇنياغا ئىشتىياق باغلاش؛ زۆرۈر بولغاندا كىشىلەر بىلەن باردى- كەلدى قىلىش.

36. تەقۋالىقنىڭ ئاساسى بولسا:

شەرىئەتكە مۇخالىپلا بولىدىكەن، مەيلى چوڭ- كىچىك بولسۇن، قەتئىي يىراقلىشىش، ئاللاھ بۇيرۇغانلا بولىدىكەن، مەيلى قانچىلىك قىيىن ياكى ئاسان بولسۇن ئىجرا قىلىش، دۇنيالىق بولىدىكەن، مەيلى قانچىلىك يالغۇز قالسىمۇ، كىشىلەرگە تەكشى ئارىلىشىش.

37. لوقمان ھەكىم ئوغلىغا مۇنداق دەيدۇ:

«ئى ئوغلۇم! ئادەم ئۈچ دانە $\frac{1}{3}$ قىسمىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن. $\frac{1}{3}$ بولسا ئاللاھقاتەۋە، $\frac{1}{3}$ ئۆزىگە تەۋە. قالغان $\frac{1}{3}$ قۇرت- قوڭغۇزلارغا تەۋە.

ئاللاھقا تەۋە بولغىنى- ئۇنىڭ روھى. ئۆزىگە تەۋە بولغىنى- ئۇنىڭ ئەملى. قۇرتلارغا تەۋە بولغىنى - ئۇنىڭ تېنى».

38. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇنداق دەيدۇ: ئۈچ خىل ئىش ئادەمنىڭ ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ ۋە ئېغىز كېسەللىكلىرىدىن خالىي قىلىدۇ:

مىسۋاك بىلەن چىش چوتكىلاش؛ روزا تۇتۇش؛ تەجۋىد بىلەن قۇرئان ئوقۇش.

39. كەئبۇلئەخبار مۇنداق دەيدۇ:

مۆئمىنگە نىسبەتەن شەيتاندىن مۇداپىئەلىنىدىغان ئۈچ خىل قورغان بار:

مەسچىتتە تۇرۇش. ئاللاھنى زىكرى قىلىش. تەجۋىد بىلەن قۇرئان ئوقۇش.

40. بىر ھۆكۈما مۇنداق دېگەن:

ئاللاھنىڭ كانىدا پەقەت ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئۈچ نېئمىتى بار. ئۇلار: پېقىرلىق، كېسەللىك ۋە سەۋرچانلىقتىن ئىبارەت.

41. ئىبنى ئابباس رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم ئۇنىڭدىن:

ئەڭ ياخشى كۈن قايسى؟

ئەڭ ياخشى ئاي قايسى؟

ئەڭ ياخشى خىزمەت قايسى؟ — دەپ سورىغاندا.

ئۇ: جۈمە كۈنى- ئەڭ ياخشى كۈن.

رامىزان ئېيى- ئەڭ ياخشى ئاي.

دەل ۋاقتىدا پەرز نامازنى ئادا قىلىش — ئەڭ ياخشى ئەمەل- دېگەن.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئىبنى ئابباستىن سورالغان ۋە جاۋاب بېرىلگەن مەسلىنىڭ خەۋىرى ئەلىگە ئاڭلانغاندا، ئەلى:

«مۇشۇ مەسىلىلەرنى شەرق ۋە غەربتىكى ئالىملار، دانىشمەنلەر ۋە قانۇنشۇناسلاردىن سورىسا، ئۇلار چوقۇم ئىبنى ئاباباستەك جاۋاب بەرمەيدۇ. لېكىن، مەن يەنە مۇنداق جاۋاب بېرىمەن:

سېنىڭ ئەمەللىرىڭ ئىچىدە، ئاللاھ قوبۇل قىلىدىغىنى بولسا، ئەڭ ياخشى ئەمەل. سەن چىن تۆۋبە بىلەن ئاللاھقايۈزلىنىدىغان ئاي- ئەڭ ياخشى ئايدۇر. خۇداغا ئىخلاسمەن تەقۋا بولىدىغان كىشى دۇنيادىن ئايرىلىپ ئاللاھنىڭ يېنىغا قايتىدىغان كۈن- ئەڭ ياخشى كۈندۇر.

بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

شېئىر:

ئۇ كۆرمىسە بىز كېچە- كۈندۈز بۇ ئازابقا قانداق چىدايمىز،
راستتىنلا بىز گۇمراھلىقتا ئاۋۋالقىدەك يىرقىرايمىز.
ئەمدى ئىشەنمە پانىي دۇنيا ھەم ئۇنىڭ شان- شۆھرىتىگە،
ئۇنىڭدا ماكان تۇتۇش ئەمەس بۇ ماكانلىشىش جەننەتكە.
ئەجەل ئالدىدا سەن ئۆزۈڭگە تەييارلىقنى پۇختىلا،
دوست ۋە تەئەللۇقاتىڭغا ھەرگىزمۇ ئالدانما.

42. رىۋايەتتە:

«ئاللاھ بىر بەندىسىنى بەختلىك قىلماقچى بولسا؛

ئۇنىڭ دىنىي بىلىمىنى ئاشۇرىدۇ. دۇنياغا بولغان ھەۋەستىن پاكلايدۇ، ئۇنىڭ ئۆز كەمچىلىكىنى تونۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ»- دېيىلگەن.

43. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭچە ئۈچ تۈرلۈك ئىش دۇنيايىڭلاردىن كۆپ سۆيۈملۈكتۇر. ئۇلار بولسا:

خۇش پۇراق، ئائىلە- تاۋابىئاتلار، ئىبادەتتىكى يىغا».

شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئولتۇرغانلار(ساھابىلار)دىن ئەبۇ بەكرى ئۆلاپلا مۇنداق دېدى:

«ئى رەسۇلۇللاھ! دېگەنلىرى توغرا. مېنىڭچە دۇنيالىقتىن تېخىمۇ ياخشى ئۈچ ئىش بار. ئۇلار:

«رەسۇلۇللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈش، مال- دۇنياسىنى رەسۇلۇللاھقا ھەدىيە قىلىش، مېنىڭ قىزىمنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈشى».

ئۆمەر ئارقىدىن ئۆلاپ دېدى:

«ئى ئەبۇ بەكرى! دېگەنلىرى توغرا. مېنىڭچە، دۇنيادىن سۆيۈملۈك ئۈچ ئىش بولسا: كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش، كىشىلەرنى گۇناھ قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش، كونا كىيىملەر بىلەن بەدىنىنى ئوراش».

ئوسمان ئارقىسىدىن ئۆلاپ دېدى:

«ئى ئۆمەر! دېگىنىڭىز توغرا. مېنىڭچە دۇنيادىن سۆيۈملۈك ئۈچ ئىش دۇنيادىن بەكرەك سۆيۈملۈك؛ ئاچ قالغانغا تائام بېرىش، ئۈچىسى يالىڭاچ قالغانغا كىيىم بېرىش، تەجۇيد بىلەن قۇرئان ئوقۇش».

ئەلى ئارقىسىدىن ئۆلاپلا دېدى:

«ئى ئوسمان! دېگىنىڭىز توغرا. مېنىڭچە دۇنيادىن تېخىمۇ سۆيۈملۈك ئۈچ ئىش بار: مېھمانلارغا مۇلازىملىق قىلىش، تومۇز ئىسسىقتا روزا تۇتۇش، بارلىقىنى دىنغا بېغىشلاش.

ئۇلار تازا بەس- مۇنازىرە قىلىشىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام چۈشتى ۋە مۇنداق دېدى:

«بۈيۈك، يۈكسەك مەرتىۋىلىك ئاللاھ سىلەرنىڭ ھازىر قىلىشقان سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ، مېنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنىدىن «سەن نېمىنى ياخشى كۆرىسەن؟» دەپ سورىشى ئۈچۈن ئەۋەتتى،

مەن ئۆزۈمنىڭ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى بىر سۆھبەتداش بولۇشىنى بەكمۇ خالايمەن!»

رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن سورىدى:

«ئەگەر سەن ئۇنداقتا نېمىنى ياخشى كۆرسەن»؟

جىبرىئىل:

«زالالەتتىكى ئادەمنى ھەق يولغا باشلاش، يۇرتىدىن ئايرىلغان ھەم ئاللاھتىن قورقىدىغان ئادەمنىڭ يىغىسى، كەمبەغەل ھەم قىز-ئوغۇللىرى كۆپ ئائىلە باشلىقىغا ياردەم بېرىش» — دېدى.

ئۇ جىبرىئىل ئارقىسىدىن ئۇلاپلا:

«ئۇلۇغ سەلتەنەتلىك ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ مۇنۇ ئۈچ ئىشىنى ياخشى كۆرىدۇ؛

كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياخشى ئەمەل قىلىش، تۆۋبە قىلغاندىكى يىغا، جاپا- مۇشەققەتتىكى سەۋر- تاقەت» — دېدى.

44. بىر ھەكىم مۇنداق دەيدۇ:

كىمكى ئۆزىنىڭ ئەقلىغىلا تايانسا ئېزىپ كېتىدۇ، ئۆزىنىڭ مۈلكى بىلەن قانائەتلىنىش ئۆزىنى پەسلەتكەنلىك، ئىنسانىنى بەك ھۆرمەتلەش خارلىق.

45. بىر ھەكىم مۇنداق دەيدۇ:

بىلىشنىڭ نەتىجىسى ئۈچ خىل بولىدۇ؛ ئاللاھتىن ھايا قىلىش، ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، خۇداغا يېقىنچىلىق قىلىش».

46. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

ئىلىمنىڭ ئۇلى — ئاساسى بولسا ئىشتىياق، ئېتىقادنىڭ تۈۋرۈكى بولسا پاكىزلىق، ئاللاھتىن قورقۇش ۋە ھۆكۈمىگە رازى بولۇش- ئەۋزەل ئىمان.

47. سوفىيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دەيدۇ:
«ئاللاھنى ياخشى كۆرگۈچى، ئاللاھ ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرىشى شەرت. ئاللاھ ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرگۈچى، ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈلگەن بارلىق نەرسىنى ياخشى كۆرىشى شەرت. ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈلگەن بارلىق نەرسىلەرنى ياخشى كۆرگۈچى، ئۆزىنىڭ باشقىلار بىلمىگەن تەرەپلىرىنى ياخشى كۆرىشى شەرت».
48. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:
«ھەقىقىي مۇھەببەت ئۈچ تەرەپتىن ئىپادىلىنىدۇ: باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئېتىبارغا ئالماي، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغىنىنىڭ سۆزىنى تاللاش، باشقىلارنىڭ دوستلىرىنى نەزەرگە ئالماي، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغاننىڭ دوستلىرىنى تاللاش، باشقىلارنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىمەي، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغاننىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش».
49. ۋەھبە ئىبنى مۇنەببىھ بۇنداق دەيدۇ. تەۋراتتا مۇنداق دېيىلگەن:
«ئاچ كۆز ئادەم دۇنيانىڭ خوجىسى بولسىمۇ، يەنىلا نامراتتۇر. ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى گەرچە قۇل بولسىمۇ، يەنىلا كىشىلەرنى قايىل قىلغۇچىدۇر. قانائەتچان كىشى گەرچە يېمەك - ئىچمىكى تولۇق بولمىسىمۇ، يەنىلا بايدۇر».
50. بىر ھەكىم مۇنداق دەيدۇ:
«ئاللاھنى تونۇغان كىشى دۇنياپەرەس كىشىلەر بىلەن بىللە بولغاندا كۆڭلى ئازادە بولمايدۇ. پانىي دۇنيانى تونۇپ يەتكەن كىشى دۇنياغا ھېچقانچە ھەۋىسى بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكۈچىنىڭ رەقىبىدە ئۇنىڭغا يېقىنلاشقۇدەك جاسارەت بولمايدۇ».
51. زوننۇن مىسرى مۇنداق دەيدۇ:

«قەلبى قورقۇشتا بولغۇچى، قورقۇنچ ساقلانغۇچى بولۇشى شەرت. ھەۋەس قىلغۇچى، تىرىششى كېرەك.(ئىزلىشى كېرەك). ئاللاھقا يېقىنلاشقۇچى، ئۆزى توغرىلىق ئويلىنىشى كېرەك»، ئۇ يەنە: «ئاللاھقا ھەقىقىي يېقىنلاشتۇرغۇچى گويا بىر ئەسىرگە ئوخشاش، قۇلىقى سەزگۈر، كۆزى ئويغاق، قىلىدىغان خىزمىتى كۆپ بولىدۇ»- دېدى. ئۇ يەنە: «ئاللاھقا ھەقىقىي يېقىنلاشتۇرغۇچى، گويا بىر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغۇچىغا ئوخشاش قەلبى دائىم تۇيغۇن بولۇپ، خۇدانىڭ خىزمىتىنى پاك نىيەتتە قىلىشى كېرەك».

52. ئىبنى سۇلەيمان دارانى مۇنداق دەيدۇ:

«بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە، ئاللاھتىن قورقۇش بولسا، بارلىق ياخشىلىقنىڭ يىلتىزى. قارنى يېرىلغۇدەك يېيىش- دۇنيادىكى جىنايەتنىڭ ئاچقۇچى. ئاچلىققا سەۋر قىلىش بولسا- ئاخىرەتتە ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىششنىڭ ئاچقۇچى».

53. رىۋايەتتە:

«ياخشى ئەمەل بىر تۇرلۇك كەسىپ. ئۇنىڭ بازىرى خىلۋەت جايلاردا، ئۇنىڭ دەسمايىسى — ئاللاھتىن قورقۇپ، پەيغەمبەرگە ئەگىشىش. ئۇنىڭ پايدىسى- جەننەت» — دېيىلگەن.

54. مالىك ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ:

«ئۈچ خىل پەزىلەت بىلەن قاباھەتكە مۇئامىلە قىلىڭلار: كەمتەرلىك بىلەن ھاكاۋۇرلۇققا، قانائەت بىلەن ئاچكۆزلۈككە، نەسىھەت بىلەن ھەسەتكە».

مۇشۇنداق بولسىلا، سەن ئاندىن بىر ھەقىقىي مۆئمىن بولىسەن».

# تۆت جۈملىلىك ھېكمەتلەر

1. پەيغەمبىرىمىز ئەبۇزەر غەققارىيغا مۇنداق دېدى:

«ئى ئەبۇزەر! كېمەڭنى يېڭىلىغىن. چۈنكى، دېڭىز بەك چوڭقۇر. سەن يېتەرلىك ئوزۇق- تۈلۈك ئېلىۋال. چۈنكى، سەپەر بەك ئۇزۇن. جابدۇقلىرىڭنى ئازايتقىن، چۈنكى توسالغۇلاردىن ھالقىپ ئۆتۈش تەس. ئەمەللىرىڭنى پۇختا ئىشلە. چۈنكى، تەنقىدچىلەر ئاشكارا».

2. شائىر ئېيتىدۇ:

ھەممە كىشى تۆۋە قىلسۇن، گۇناھىنى تاشلىسۇن؛

ئازاب دېگەن ئېغىردۇر، ئاخىرەتتە نەتىجىسىز قېلىش ئەڭ قاتتىقتۇر.

نۇرنىڭ ئۆزگىرىشى بىر پاجىئە، چۆچۈتىدىغىنى دۇنيانىڭ جاھالىتى؛

كەلمەكچى بولغان نەرسىلەر كەلدى، ھەممىدىن يېقىن كەلگىنى ئۆلۈم.

3. بىر ھەكىم مۇنداق دەيدۇ:

تۆت تۈرلۈك سۈپەت بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا تېپىلسا، ئۇ باشقا ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن گۈزەل بولىدۇ.

شەرم- ھايا ئوغۇللاردا بولسا گۈزەل لېكىن قىزلاردا بولسا تېخىمۇ گۈزەل.

ئادالەت ھەر ئادەمدە بولسا گۈزەل لېكىن باشلىقتا بولسا تېخىمۇ گۈزەل.

ئۇرۇپە قىلىپ يېگى ئادەم بولۇش ياشاتقان ئادەمدە بولسا گۈزەل، لېكىن ياشلاردا بولسا تېخىمۇ گۈزەل. سېخىيلىق بايلاردا بولسا گۈزەل، كەمبەغەللەردە بولسا تېخىمۇ گۈزەل.

4. بىر ھەكىم مۇنداق دەيدۇ:

تۈرلۈك تۇرلۇك قىلمىش بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا تېپىلسا، باشقا بىر ئادەم ۋۇجۇدىدىن تېپىلغاندىكىدىن تېخىمۇ قەبىھ بولىدۇ.

ياشلاردا گۇناھ بولسا نومۇسلۇق، لېكىن، قېرىلار گۇناھ قىلسا تېخىمۇ نومۇس.

نادان ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرسە نومۇس ئىش، لېكىن، دانا ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرسە تېخىمۇ نومۇس.

شاۋام ياخشى ئەمەللەردىن باش تارتسا نومۇس ئىش، لېكىن، ئەھلى ئۆلىمالار ۋە دىندارلار ياخشى ئەمەللەردىن باش تارتسا تېخىمۇ قەبىھ.

بايۋەچچە ئۆزىنى چوڭ تۇتسا نومۇس، لېكىن، نامرات ئۆزىنى چوڭ تۇتسا تېخىمۇ نومۇس.

5. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

يۇلتۇزلار بولسا ئاسمان ئەھلىنىڭ بىخەتەرلىك كاپالىتى. ئۇ ئۆچكۈنگەن چاغدا ئاسمان ئەھلى بىر پايدىسىز ھۆكۈمگە يۈزلەنگەن بولىدۇ. مېنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىم بولسا، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ بىخەتەرلىك كاپالىتى. ئائىلە تاۋابىئاتلىرىم دۇنيادىن كېتەر چاغدا ئۈممىتىم بىر پايدىسىز ھۆكۈمگە يۈزلىنىدۇ.

مەن بولسام، مېنىڭ ساھابىلىرىمنىڭ كاپالىتىدۇرمەن، مەن كېتەر چاغدا، ساھابىلىرىم پايدىسىز ھۆكۈمگە دۇچ كېلىدۇ. تاغ بولسا، زېمىن ئەھلىنىڭ بىخەتەرلىك كاپالىتى، مادامىكى، تاغلار يوقالسا، زېمىن ئەھلى بىر پايدىسىز قىسمەتكە دۇچ كېلىدۇ.

6. ئەبۇبەكرى سىددىق مۇنداق دەيدۇ:

تۆت تۈرلۈك ياخشى ئەمەل، يەنە تۆت تۈرلۈك ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشىگە موھتاج. نامازدىكى خاتالىق سەجدە سەھۋە بىلەن مۇكەممەل بولىدۇ. روزا سەدىقە پىتىر بىلەن مۇكەممەل بولىدۇ. ھەج فىدىيە بىلەن مۇكەممەل بولىدۇ. ئېتىقاد بارلىقنى بېغىشلاش بىلەن مۇكەممەل بولىدۇ.

7. ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دەيدۇ:

ھەركۈنى 12 رەكئەت سۈننەت ناماز ئوقۇغۇچى نامازنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتقۇچى، روزىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ھەر كۈنى قۇرئان كەرىمدىن 100 ئايەتنى قىرائەت بىلەن ئوقۇغۇچى، پۈتۈن قۇرئاننىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ھەر جۈمە كۈنى بىر تەڭگە سەدىقە قىلغۇچى، سەدىقىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

8. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دەيدۇ:

بىپايان دېڭىز تۆت تۈرلۈك: ئارزۇ- ھەۋەس بولسا، جىنايەتنىڭ دېڭىزى. نەفس بولسا، ئارزۇنىڭ دېڭىزى. ئۆلۈم بولسا، ئۆزۈن ئۆمۈرنىڭ دېڭىزى. قەبرە بولسا، ھەسرەتنىڭ دېڭىزى.

9. ئوسمان ئىبنى ئەففان مۇنداق دەيدۇ:

تۆت تۈرلۈك ئەمەل مېنىڭ بايقىشىمچە، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ لەززىتىنى پەيدا قىلىدۇ.

1. پەرز ئەمەلنى ئادا قىلىپ بولغاندا.

2. ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراقلاشقاندا.

3. باشقىلارنى ياخشىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندە.

4. باشقىلارنى يامان ئىشتىن چەكلەپ، ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن ساقلانغاندا.

10. ئوسمان ئىبنى ئەففان مۇنداق دەيدۇ:

سىرتقى كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا، تۆت تۈرلۈك ئىش بىر خىل پەزىلەت سانىلىدۇ، ئەمما ماھىيەتتە پەرز ئەمەلدۇر:

1) قارىلار بىلەن باردى- كەلدى قىلىش بىر خىل پەزىلەت. لېكىن، ئۇلارنى ئۈلگە ئېلىش پەرز.

2) قۇرئاننى ئۇنلۇك ئوقۇش بىر خىل پەزىلەت. «قۇرئان»نىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش پەرز.

3) قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش بىر تۈرلۈك پەزىلەت، قەبرىگە كىرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش بولسا پەرز.

4) كېسەللەرنى يوقلاش بولسا بىر خىل پەزىلەت، كېسەللەرنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پەرز.

11. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇنداق دەيدۇ:

جەننەتنى ئارزۇ قىلغۇچى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنى تېزلەتسۇن.

دوزاختىن قورققۇچى، بارلىق ئارزۇلىرىنى توختاتسۇن.

ئۆلۈمگە ئىشەنگۈچى، خۇشاللىقنى توختاتسۇن.

پانىي دۇنيانى چۈشەنگۈچى، بارلىق بالا- قازانى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلسۇن.

12. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

ناماز بولسا، دىننىڭ تۈۋرۈكى. ئەڭ قىممەتلىكى بولسا، ئۇن-تىنسىز ئىبادەت قىلىش. سەدىقە ئاللاھنىڭ غەزەپ ئوتىنى ئۆچۈرىدۇ. ئەڭ قىممەتلىكى ئۇن- تىنسىز سەدىقە قىلىش. روزا تۇتۇش بولسا، دوزاختىن ساقلايدىغان قالقان. ئەڭ قىممەتلىكى مەخپىي روزا تۇتۇش.

13. رىۋايەت قىلىنىشىچە:

**ئاللاھ، بەنى ئىسرائىل قوۋمىدىكى بىر پەيغەمبەرگە ۋەھيى قىلىپ:** «ناھەق ئىشقا سۈكۈت بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش- مېنىڭ رازىلىقىمنى قولغا كەلتۈرىدىغان روزا دېمەكتۇر، ئەزالىرىڭنى ھارامدىن ساقلاش بولسا، ماڭا قىلىنغان قۇللۇق دېمەكتۇر. ئادەملەرگە قارىتا ئۈمىدسىزلىنىش- مەن ئۈچۈن قىلىنغان سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەرنى مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزۈشتىن چەكلەش- مېنىڭ چاقىرىقىمغا ئاۋاز قوشۇپ، جىھاد قىلىشتۇر.

14. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ:

تۆت خىل قىلمىش بولسا، قەلبتىكى قاراڭغۇلۇقتۇر: زىيادە تويۇپ يېيىش، زالىم بىلەن ھەمراھ بولۇش، ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى ئۇنتۇپ قېلىش، كۆپ بولۇشنى تەمە قىلىش.

تۆت تۈرلۈك ئىش بولسا، دىلدىكى يورۇقلۇقنىڭ ئالامىتى: ئېھتىيات بىلەن تاماق يېيىش ئۆلچىمىنى ساقلاش، فازىللار بىلەن ئىشەنچلىك دوستلاردىن بولۇش، ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى ئەسلەپ، يېڭى ئادەم بولۇشنى ئويلاش، ئاز تەمە قىلىش.

15. ھاتەم ئەسەم مۇنداق دەيدۇ:

ئۆزىنى تۆت خىل پەزىلەت بىلەن ئاتىۋالغان، لېكىن، شۇنداق سۈپەتتىكىلەر بىلەن كېلىشەلمەيدىغانلارنىڭ دەۋاسى يالغاندۇر؛ ئۆزىنى ئاللاھنى ياخشى كۆرىمەن دەۋالغان، لېكىن، دائىم ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىغان ئادەمنىڭ دەۋاسى يالغاندۇر. ئۆزىنى پەيغەمبەرنى ياخشى كۆرىمەن دەۋالغان، لېكىن، ھېچنېمىسى يوق كەمبەغەللەردىن بىزار بولىدىغان ئادەمنىڭ دەۋاسى يالغاندۇر. ئۆزىنى جەننەتنى ياخشى كۆرىمەن دەۋالغان كىشى سەدىقە قىلمىسا، ئۇنىڭ

دەۋاسى يالغاندۇر. ئۆزىنى دوزاختىن قورقمەن دەۋالغۇچى جىنايەتنى توختاتمىسا، ئۇنىڭ دەۋاسى يالغاندۇر.

16. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتى تۆت خىل بولىدۇ:

1) ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى گۇناھىنى ئۇنتۇپ قېلىش، ماھىيەتتە ئۇ ئالليبۇرۇن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا خاتىرىلىنىپ بولغان.

2) ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئەستە چىڭ تۇتۇۋېلىش، ماھىيەتتە ئۇ ئەمەللەرنى ئاللاھ قوبۇل كۆردىمۇ، يوق؟ ئۇنى بىلمەيدۇ.

3) كۇندىلىك تۇرمۇش تەرەپتىن، ئۆزىدىن يۇقىرى ئادەملارنىلا كۆزگە ئىلىش.

4) دىنىي تەربىيە جەھەتتىن، ئۆزىگە يەتمەيدىغانلارنى كۆزگە ئىلىش.

ئاللاھ مۇنداق دېدى:

«ئۇنىڭغا مەن خىتاب قىلدىم. لېكىن، ئۇ بىرەر قېتىممۇ ماڭا جاۋاب قىلمىدى، مەن ئۇنى تاشلىۋەتتىم».

بەختنىڭ ئالامىتى تۆت خىل.

1) بۇرۇنقى گۇناھلىرىنى چىڭ ئەستە ساقلاش.

2) ئۆتكەنكى ياخشىلىقلىرىنى ئۇنتۇش.

3) دىنىي تەربىيە جەھەتتىن، ئۆزىدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلارغا نەزەر سېلىش.

4) كۇندىلىك تۇرمۇشتا ئۆزىگە يەتمەيدىغانلارنى نەزەرگە ئېلىش.

17. بىر ھەكىم مۇنداق دەيدۇ:

ئېتىقادنىڭ بەلگىسى تۆت خىل:

قورقۇش، ھايا قىلىش، مېھرىبان بولۇش، چىدامچان بولۇش.

18. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

دۇنيادا تۆت ئانا بار؛ دوربلارنىڭ ئانىسى، ئەخلاق ئانىسى، ياخشى ئەمەللەر ئانىسى ۋە ئۈمىد ئانىسىدىن ئىبارەت.

ئاز يېيىش، ئاز ئىچىش- بارلىق دورا- دەرمەكلەرنىڭ ئانىسى.

ئاز سۆزلەش- تۈرلۈك ئەخلاقنىڭ ئانىسى.

ئاز خاتالىشىش- تۈرلۈك ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئانىسى.

قەتئىي چىدامچان بولۇش- ھەر قانداق ئۈمىدنىڭ ئانىسى.

19. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

ئادەمدە تۆت خىل پەزىلەت بار، دائىم تۆت خىل قەبىھلىك بىلەن يوقىلىپ كېتىدۇ؛ تۆت خىل پەزىلەت: ئەقىل- ئىدراك، ئېتىقاد، دىيانەت- نومۇس، ياخشى ئەمەل. ئادەم غەزەپلىنىشى بىلەنلا ئەقىل- ئىدراكى يوقىلىدۇ. ئادەم ھەسەت قىلىش بىلەنلا ئېتىقادى يوقىلىدۇ. ئادەم تەمەخورلۇق قىلىشى بىلەنلا دىيانەت- نومۇسى يوقىلىدۇ. ئادەم بىرسىنىڭ ئارقىسىدىن گەپ قىلىشى بىلەنلا ياخشى ئەمەللىرى يوقاپ كېتىدۇ.

20. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «جەننەتتە جەننەتنىڭ ئۆزىدىنمۇ ياخشى بولغان تۆت خىل ئىش بار»:

جەننەتتە مەڭگۈ قېلىش.

پەرىشتىلەرنىڭ خىزمىتىگە ئېرىشىش.

قەدىمكى (تارىختىدىكى) پەيغەمبەرلەر بىلەن قوشنا بولۇش.

ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇش.

21. بىر ئادەم ھېكىمدىن سوراپتۇ:

«سىز قانداق ياشايسىز»؟ ھېكىم جاۋابەن:

«مەن ئاللاھ بىلەن مۇناسىۋىتىمنى تەڭشەيمەن.

ئۆزۈم بىلەن قارىمۇقارشى تۇرىمەن.

ئاۋامغا نەسىھەت قىلىمەن.

تورمۇشۇمغا قارىتا ئىپتىياجىمغا باقمەن»، دېدى.

22. بىر ھېكىم تۆت ساماۋى كىتابتىن ھەربىرىدىن بىر جۈملە سۆز يىغىپتۇ. «تەۋراتتىن» ئالغىنى بولسا:

ئاللاھ ئاتا قىلغاننىڭ ھەممىسىگە ئىنتايىن رازى بولغۇچى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ.

«ئىنجىل» دىن ئالغىنى بولسا:

ئارزۇ — ھەۋەسلىرىنى يوقاتقۇچى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئوخشاشلا خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ.

«زەبۇر»دىن ئالغىنى:

چاكىنا ئادەملەردىن يىراقلىشىپ خىلۋەتتە تۇرغۇچى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قۇتقۇزۇشقا ئېرىشىدۇ.

«قۇرئان»دىن ئالغىنى:

تىلىنى يىغقان كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خاتىرجەملىك تاپىدۇ.

23. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دەيدۇ:

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قانداقلىكى قىيىنچىلىققا يولۇقاي، مەن ھەممىسىدىلا ئاللاھ تۆت خىل خەيرىيەتنى ئۇ ئىشقا پۈتۈۋەتكەن دەپ قارايمەن:

1) بالايىئاپەت مېنىڭ گۇناھىمغا قارىتا چۈشكەن ئەمەس.

2) ئاپەت ئاللاھنىڭ ماڭا بولغان مېھرىبانلىقىدىن ئارتۇق ئەمەس.

3) ئاپەت مېنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە بولغان رازىمەنلىكىمنى بېسىۋالالمايدۇ.

4) ئاللاھ مېنىڭ بۇ ئازابقا يولۇققانلىقىم سەۋەبى ماڭا رەھىم قىلىدۇ.

24. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دەيدۇ:

بىر دانىشمەن ئۇرغۇن ھېكمەتلىك سۆزلەرنى يىغىپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىدىن 40 مىڭ جۈملە تاللاپتۇ. يەنە 40 مىڭ جۈملىدىن تۆت مىڭ جۈملىنى تاللاپتۇ. يەنە تۆت مىڭ جۈملىدىن تۆت يۈز جۈملە تاللاپتۇ. يەنە 4 يۈز جۈملىدىن 40 جۈملە تاللاپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا 40 جۈملىدىن مۇنداق تۆت جۈملە تاللىۋاپتۇ.

1) جۈملە: ھەرقانداق ئەھۋالدا، ئايال زاتىغا بەك ئىشەنمەسلىك.

2) جۈملە: ھەرقانداق ئەھۋالدا، پۇل ـ مالغا ئالدانماسلىق.

3) جۈملە: ئاشقازان ـ ئۈچەيىنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاتماسلىق.

4) جۈملە: ئۆزىگە پايدىسىز بىلىمنى توپلىماسلىق.

25. مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ قۇرئاندا يەھيا ئەلەيھىسسالامنى تەرىپلەپ ئېيتقان: «يەھيا بولسا سەئىد، پەرھىزكار ۋە سالىھلاردىن بولغان بىر پەيغەمبەر ...» دېگەن ئايەتنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ:

يەھيا گەرچە ئاللاھنىڭ بىر بەندىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز ھاۋايى ـ ھەۋىسىنى، شەيتاننى، تىلىنى ۋە غەزىپىدىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك خەتەرلىك نەرسىنى يېڭىپ چىقتى.

26. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇنداق دەيدۇ:

پەقەت تۆت خىل ئىش دائىم بار بولسىلا، دىن ۋە دۇنيالىق داۋاملىشىۋېرىدۇ:

بايلار ئۆزىگە ئاتا قىلغان بايلىقتىن بېخىللىق قىلمىسا.
ئالىمنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولسا.
بىلىمسىزلەر مەغرۇرلۇق قىلماي، ئۆگىنىشتىن باش تارتمىسا.
نامرات دۇنيالىق ئۈچۈن ئاخىرەتلىكىنى سېتىۋەتمىسە.

27. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

قىيامەتتە ئاللاھ تۆت پەيغەمبەرنى تىلغا ئېلىپ، دۇنيادىكى تۆت خىل ئادەمنىڭ باھانە — سەۋەبىگە رەددىيە بېرىدۇ.

داۋۇد ئوغلى سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ بايلىقى بىلەن بايلارغا رەددىيە بېرىدۇ. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋر — تاقىتى بىلەن ئادەتتىكى خىزمەتچىلەرگە رەددىيە بېرىدۇ. ئەييۇپ پەيغەمبەرنىڭ تەتۈر قىسمىتى بىلەن كېسەل ئادەملەرگە رەددىيە بېرىدۇ. ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ نامراتلىقى بىلەن نامراتلارغا رەددىيە بېرىدۇ.

28. سەئىد ئىبنى بىلال مۇنداق دەيدۇ:

بىر ئادەم گۇناھ قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تۆت خىل شەكىل بىلەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلىدۇ:

ئۇنىڭغا بىر ۋاقىتتا رىزقىنى قىسىۋەتمەيدۇ.

ئۇنىڭغا بەرگەن سالامەتلىكنى ئېلىۋەتمەيدۇ.

ئۇنىڭ گۇناھىنى جاھانغا يېيىۋەتمەيدۇ.

ئۇنىڭغا دەرھاللا جازا بەرمەيدۇ.

29. ھاتەم ئەسەم مۇنداق دەيدۇ:

تۆت خىل ئىشنى تۆت ئىشقا ئالماشتۇرغۇچى جەننەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

قەبرىنى ئۇيقۇغا ئالماشتۇرسا.

باراۋەرلىكنى ھاكاۋۇرلۇققا ئالماشتۇرسا.

سىرات كۆۋرۈكنى بىكار تەلەپلىككە ئالماشتۇرسا.

جەننەتنى ئارزۇ — ھەۋەسكە ئالماشتۇرۇسا.

30. ھامىد لەففاف مۇنداق دەيدۇ:

بىز تۆت تۈرلۈك ئىشتىن باشقا تۆت تۈرلۈك ئىشنى تاپىمىز، لېكىن بىز خاتالىشىمىز. ئارقىدىن باشقا تۆت خىل ئىشتىن ئۆلارنى بايقىۋالىمىز.

بىز پۇلدىن باياشادلىقنى تاپىمىز. ئارقىدىن بىز قانائەت ئىچىدىن ئۇنى تېپىۋالىمىز.

بىز بىكارچىلىقنى بايلىق ئىچىدىن تاپىمىز. كېيىن بىز ئۇنى نامراتلىقتىن تاپىمىز.

بىز مېھرىبانلىق ئىچىدىن خۇشاللىق تاپىمىز، كېيىن بىز ساغلام بەدەندىن ئۇنى بايقايمىز.

بىز تۇپراقتىن كىيىم تاپىمىز، كېيىن بىز ئۇنى ئاسمان بوشلۇقىدىن بايقايمىز.

31. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇنداق دەيدۇ:

تۆت خىل نەرسە ئاز ئىچىدە كۆپ بولىدۇ:

بەدەندىكى ئاغرىق، تۇرمۇشتىكى نامراتلىق، ئوتتەك كۆيۈپ يېنىش، دۈشمەننىڭ ئۆچمەنلىكى.

32. ھاتەم ئەسەم مۇنداق دەيدۇ:

تۆت خىل قىممەتنى پەقەت تۆت خىل ئادەملا تونۇيدۇ:

ياشلىقنىڭ قىممىتىنى پەقەت ياشانغان ئادەملا تونۇيدۇ.

خاتىرجەملىكنىڭ قىممىتىنى پەقەت تالاپەتكە يولۇققانىدىلا تونۇيدۇ.

ساغلاملىقنىڭ قىممىتىنى پەقەت كېسەل بولغانلارلا تونۇيدۇ.

ھاياتلىقنىڭ قىممىتىنى پەقەت ئۆلۈم ئالدىدىلا تونۇيدۇ.

33. شائىر ئەبۇ نۇۋاس مۇنداق دەيدۇ:

مەن ئويلانسام، مەن تولىمۇ كۆپ گۇناھلارنى ئۆتكۈزدۈم، لېكىن ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ. مەن ياخشى سۆز نەسىھەتكە تەلپۈنمەن، ئاللاھنىڭ غەمخورلۇقىغا ئىنتىزارمەن. ئى ئاللاھ! مېنىڭ پەرۋەردىگارىم! مەن سېنىڭ قۇلۇڭ بولۇشقا ئىنتىزار. پەقەت ئاللاھنىڭ كۆيۈنۈشى ماڭا كەڭچىلىك قىلىدۇ. ئەگەر ئېرىشەلمىسەم، مەن پەقەت مەڭگۈ ئازابتا قالىمەن.

34. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

قىيامەت كۈنى تارازا توغرىلانغاندىن كېيىن ئاۋۋال ئېلىپ كېلىندىغىنى ناماز ئوقۇغۇچى، ئۇلارنىڭ ئەمەلى تارازىدا ئۆلچىنىپ، ئۇلارغا تولۇق مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئاندىن روزا تۇتقۇچى ئېلىپ كېلىنىدۇ، ئەمەللىرى جىڭدا تارتىلىدۇ، مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ھەج قىلغۇچى ئېلىپ كېلىنىدۇ، ئەمەللىرى جىڭدا تارتىلىپ مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئېلىپ كېلىندىغىنى بولسا، ئاغرىق-سىلاق غەم تارتقانلار، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەجرى تارازىدا ئۆلچەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئاز بولسىمۇ كۆرسىتىلمەيدۇ. ئۇلار ھېسابسىز ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ھەتتا ئاشۇ ساغلام ئادەملەر ئاللاھقا بۇ ئادەملەرگە قىلىنغان مۇكاپاتلارغا ئاشۇلاردەك بولساقچۇ، دەپ قالىدۇ.

35. بىر ھېكىم مۇنداق دەيدۇ:

ھەرقانداق كىشى تۆت خىل ئىشقا تارتۇۋېلىشقا دۇچ كېلىدۇ.

ئەزرائىل ئۇنىڭ روھىنى (جېنىنى) ئالىدۇ.

مىراسخور ئۇنىڭ مېلىنى ئالىدۇ.

قورۇق ئۈنىڭ تېنىنى تارتىۋالىدۇ.
رەقىبلەر قىيامەتتە ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى تارتىۋالىدۇ.
36. بىر ھېكىم مۇنداق دەيدۇ:
ئارزۇ ـ ھەۋەسكە ئالدىرىغۇچى، ئاياللار بىلەن ئالاقە قىلىپ ئۇچرىششتىن خالىي بولالمايدۇ.
پۇل يىغىشقا ئالدىرىغۇچى، ھارام پۇل بىلەن تېپىشتىن ساقلىنالمايدۇ.
مۇسۇلمانلارنىڭ بەختىنى كۆزلەپ ئالدىرىغۇچى، چوقۇم ئېھتىياتچان بولۇپ ئۇمۇمىي ۋەزىيەتكە زىيان يەتكۈزۈپ قويماسلىقى كېرەك.
ئىبادەت قىلغۇچى بىلىمى كەمچىل بولماسلىقى كېرەك.
37. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇنداق دەيدۇ:
ئەڭ تەستە قىلىنىدىغان ئىش، تۆۋەندىكى تۆت خىلىدىن ئاشالمايدۇ:
غەزەپلەنگەندە، قارشى تەرەپنى كەچۈرمەك.
قىيىنچىلىق پەيتتە سېخىي بولماق.
يالغۇز قالغاندا، پاك دىيانەتلىك بولۇش.
ئۆزى قورقىدىغان ئادەم، ئۆزى ئۈمىد باغلايدىغان ئادەمنىڭ ئالدىدا ھەقتە چىڭ تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىش.
38. ئاللاھ «تەۋرات»تا داۋۇد پەيغەمبەرگە مۇنداق ۋەھيي قىلغان.
ئەقىل ـ ئىدراكى بار، بىلىمى ئوچۇق ئادەم ھەر كۈنى مۇنداق تۆت تۈرلۈك ۋاقىتتا تەييارلىق قىلىشى زۆرۈر:

ئاللاھقا مەخپىي ئىلتىجا قىلىدىغان ۋاقىت.
ئۆز گۇناھلىرى توغرىلىق ئويلىنىدىغان ۋاقىت.
ئاق كۆڭۈل ئۇستاز ۋە ياخشى دوستلارنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاشقا كەتكەن ۋاقىت.
ھالال يولدىكى خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇشقا كېتىدىغان ۋاقىت.
39. بىر ھېكىم مۇنداق دەيدۇ:
ئاللاھنىڭ بەندىسى دېگەن سالاھىيەتكە نىسبەتەن، كىشىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرى تۆت خىل تەرەپتىن بولماي تۇرالماس:
ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش.
قانۇنغا رىئايە قىلىش.
يوقاتقىنىغا سەۋر قىلىش.
نەق پايدىدىن قانائەت قىلىش (رازى بولۇش).

# بەش جۈملىلىك ھېكمەتلەر

1. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

5 تۈرلۈك ئادەمگە ھاقارەت قىلدىغانلار بەش خىل ئىشتىن مەھرۇم قالىدۇ:

دىنىي ئالىملارغا ھاقارەت قىلىدىغانلار دىنىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

داھىيلارغا ھاقارەت قىلىدىغانلار دۇنيالىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

قوشنىسىغا ھاقارەت قىلىدىغانلار نۇرغۇن پايدىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

تۇغقانلىرىغا ھاقارەت قىلىدىغانلار دوستلىرىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

ئۆز ئائىلە — تاۋابىئاتلىرىغا ھاقارەت قىلىدىغانلار ئائىلە مەشۇمۇل خۇشاللىقتىن مەھرۇم قالىدۇ.

2. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

مېنىڭ ئۈممىتىم مۇنداق بىر دەۋرگە يولۇقۇپ بەش نەرسىنى ياقتۇرۇپ بەش نەرسىنى ئۇنتۇيدۇ:

ئۇلار دۇنيالىقنى ياخشى كۆرۈپ ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇيدۇ.

ئۇلار ئېگىز ئىمارەتلەرنى ياخشى كۆرۈپ، قەبرىنى ئۇنتۇيدۇ.

ئۇلار پۇل — مالنى ياقتۇرۇپ توغرا ھېساباتنى ئۇنتۇيدۇ.

ئۇلار ئاياللىرىنىڭ بولۇشىنى ياقتۇرۇپ، ھۆرلەرنى ئۇنتۇيدۇ.

ئۇلار ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ ئاللاھنى ئۇنتۇيدۇ.

مانا بۇنداق كىشىلەر بىلەن مېنىڭ ھېچقانداق ئالاقەم بولمايدۇ، ئۇلارنىڭمۇ مەن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.

3. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

ھەرقانداق ئادەمگە ئاللاھ بەش خىل خىسلەتنى بەرگەن بولسا، يەنە بەش خىل رەھمىتىنىمۇ ماس ھالدا تەييارلاپ بېرىدۇ.

ئاللاھ پەقەت ئۇنىڭغا ياخشىلىقا جاۋاب قايتۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان خىسلەتنى بەرگەن بولسا، يەنە مەست ھالدا ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا مۇكاپات بېرىشكە تەييار تۇرىدۇ.

ئاللاھ كىمگە دۇئا قىلىپ تىلەيدىغان خىسلەت بەرگەن بولسا، مۇناسىپ ھالدا ئۇنىڭ ئىزدىگىنىنى يەتكۈزىدىغان تەييارلىقنى قىلىدۇ.

ئاللاھ كىمگە گۇناھتىن ئايرىلىپ، ئەپۇ تىلەيدىغان خىسلەت بەرگەن بولسا، ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىشقا تەييارلىق قىلىدۇ.

ئاللاھ كىمگە قىلمىشىغا تۆۋبە قىلىپ يېڭى ئادەم بولۇش خىسلىتىنى بەرسە، مۇناسىپ ھالدا ئۇنىڭ ئەمەللىرىنى قارشى ئېلىپ قوبۇل قىلىدىغان تەييارلىقنى قىلىپ قويىدۇ.

ئاللاھ كىمگە قىلغان ياخشىلىقىغا خۇشال بولۇپ، سەدىقىدىن مەمنۇن بولىدىغان خىسلەتنى بەرسە، مۇناسىپ ھالدا ئۇنى ئىجابەت قىلىش تەييارلىقىنى قىلىدۇ.

4. ئەبۇبەكرى سىددىق مۇنداق دەيدۇ:

زالالەت قاراڭغۇلۇقى بەش خىل بولىدۇ، ئۇنى يوقىتىدىغان بەش خىل نۇرلۇق چىراغ بار:

دۇنياغا ئاچ كۆزلۈك قىلىش ــــ بىر خىل زالالەت. ئاللاھتىن قورقۇش ــــ بۇ زالالەتنى يورۇتىدىغان نۇرلۇق چىراغ.

گۇناھ ــــ بىر خىل زالالەت، گۇناھقا تۆۋبە قىلىپ، يېڭى ئادەم بولۇش زالالەتنى يورۇتىدىغان چىراغ.

قەبرە بولسا قاراڭغۇلۇق، كەلىمە تەۋھىد بولسا ئۇنى يورۇتىدىغان چىراغ.

ئاخىرەت بىر خىل قاراڭغۇلۇق، ياخشى ئەمەل ئۇنى يورۇتىدىغان چىراغ.

سىرات كۆۋرۈكى بولسا بىر خىل قاراڭغۇلۇق، قەتئىي ئىشەنچ بولسا، ئۇنى يورۇتىدىغان چىراغدۇر.

5. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياكى پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

ئەگەر يۈزەكى گۇمان بىلەن سۆزلىگەن بولۇپ قالمايدىغان بولسام، مەن چوقۇم بەش تۈرلۈك ئادەمنى ئەھلى جەننەت دەپ گۇۋاھلىق بېرەتتىم:

قىز — ئوغۇللىرى كۆپ نامرات ئائىلە باشلىقى.

ئېرىنىڭ رازىمەنلىك — مۇھەببىتىگە نائىل بولغان خوتۇن.

ئۆزىنىڭ تويلۇق زىننەتلىرىنى سەدىقە قىلالىغان ئايال.

ئاتا — ئانىسىنى رازى قىلغان باللار.

گۇناھىغا تۆۋبە قىلىپ يېڭى ئادەم بولغان كىشى.

6. ئوسمان ئىبنى ئەففان مۇنداق دەيدۇ:

تەقۋالىقنىڭ بەش تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى بار:

ئېتىقادى بار، چاكىنا ھەۋەسلىرىنى يېڭەلىگەن، ئويلاپ سۆزلەيدىغان ئادەم بىلەن باردى — كەلدى قىلىش.

كۆندىلىك تۇرمۇشتا مەيلى قانداق ئىشقا يولۇقۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەممىنى سىناق دەپ بىلىش.

دىنىي جەھەتتىن بەزى ئازراق نەتىجىنىمۇ غەنىمەت دەپ بىلىش.

ھەتتا ھالال نەرسە بولسىمۇ، زىيادە يېمەسلىك، ھارام نەرسىلەرنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش.

جامائەتنىڭ ھاياتى قۇتۇلدى دەپ قاراش، ئۆزىنى خەۋپ ئىچىدە دەپ بىلىش.

7. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇنداق دەيدۇ:

ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى بەش خىل ئادەت بولمىسىلا، ئۇ ئادەم ئىبسىل نەسەبلىك بولىدۇ.

بىلىمسىزلىككە رازى بولۇش.

دۇنياغا ھەۋەس قىلىش.

سىيلە — رەھىمگە بېخىللىق قىلىش.

ياخشى ئەمەلگە قارىتا شان — شۆھرەت قوغلىشىش.

ئۆقتىسىنەزەرگە قارىتا ئۆزىنى قالتىس ھېسابلاش.

8. ھەممە ئىپتىراپ قىلىدىغان ئالىملارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە:

ئاللاھ تالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىسىم، جىسىم، ئەتائ، خەتائ ۋە رىزا قاتارلىق بەش خىل شەرەپنى بەرگەن.

«ئىسىم» دېگىنى بولسا ئاللاھ ئادەم، نۇھ، ئىبراھىم قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاتىغاندەك ئاتىمىغان. ئاللاھ پەقەت ئۇنىڭ زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپىسىگە ئاساسەن ئۇنى شۇنداق ئاتىغان، «جىسىم» دېگەندە، ھەر قېتىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قانداقلا نىدا قىلسا، ئاللاھ ئۆزى ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرىدۇ.

«ئەتائ» دېگەندە، ئاللاھ رەسۇلۇللاھقا سوئالسىزلا نۇرغۇن ياخشىلىق ئاتا قىلغان. «خەتائ» دېگەندە رەسۇلۇللاھنىڭ گۇناھىنى ئىلگىرى ئەپۇ قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئاللاھ سېنىڭ گۇناھىڭنى كەچۈرۈۋەتتى دېگەن. «رىزا» دېگەندە، رەسۇلۇللاھنىڭ قۇربانلىقى، سەدىقىسى، نەپىقىسى ئاللاھنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىدۇ، لېكىن باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇ خىل ياخشى تىلەكلىرى ئاللاھ تەرىپىدىن رەت قىلىنغان.

9. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر مۇنداق دەيدۇ.

ئومۇمەن بەش خىل خىسلەتكە ئىگە ئادەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك ئادەمدۇر.

1) هەر ۋاقىت «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»نى ياد ئېتىش.

2) قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا، بىز ئاللاھ تەرىپىدىن كەلدۇق، يەنە ئاللاھ تەرەپكە قايتقۇچىلارمىز. پەقەت ئاللاھقا تايانمىساق قولىمىزدىن هېچ ئىش كەلمەيدۇ، دېيىش.

3) رەھمەتكە ئېرىشكەندە، جېمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر. ئۇ ئالەملەرنىڭ تەربىيە يېتەكچىسىدۇر. مەن كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرىمەن، دېيىش.

4) بىرەر ئىش قىلغاندا «چەكسىز مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، دېيىش.

5) بىرەر ئىشتا ئازراق چەكتىن ئاشۇرۇۋەتسە ياكى گۇناھ قىلسا، ئۇلۇغ ئاللاھتىن مېنى كەچۈرۈشىنى سورايمەن. مەن ئاللاھقا تەۋبە قىلىمەن، دېيىش.

10. ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ.

«تەۋرات»تا مۇنداق بەش جۈملە بار:

قانائەتتە بايلىق بار.

خىلۋەت تۇرۇشتا خاتىرجەملىك بار.

ھەۋەستىن كېچىشتە ھۆرمەت بار.

ئۇزاق ۋاقىتتا بەھرىمەن بولۇش بار.

قىسقا ۋاقىتتا سەۋر ــ تاقەت بار.

11. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

بەش نەرسە كېلىشتىن بۇرۇن بەش نەرسىنى غەنىيمەت بىلىڭلار: قېرىلىق كېلىشتىن بۇرۇن ياشلىقىڭنى.

كېسەل بولۇشتىن بۇرۇن سالامەتلىكىڭنى.
كەمبەغەللىكتىن بۇرۇن بايلىقىڭنى.
ئۆلۈشتىن بۇرۇن هاياتىڭنى.
ئالدىراشلىقتىن بۇرۇن بوش ۋاقتىڭنى.
12. يەھيا ئىبنى مەئاز مۇنداق دەيدۇ:
كۆپ يېگەننىڭ مۇسكۇللىرى كۈچلۈك بولىدۇ.
مۇسكۇللىرى كۈچلۈكنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋىسى (گۇناھى) كۆپ بولىدۇ.
گۇناھى كۆپنىڭ قەلبى قېتىپ كېتىدۇ.
قەلبى قاتقاننىڭ دۇنيانىڭ تۈرلۈك بالالىرى بىلەن زىننەتلىرى قاپلىۋالىدۇ.
13. سۇفيان سەۋرى مۇنداق دەيدۇ:
نامرات ۋە باي ھەرقايسىسى بەشتىن ئىشنى تاللىدى. نامرات تاللىغان بەش تۈرلۈك ئىش:
روھىي خاتىرجەملىك، كۆڭۈلنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى، ئاللاھنىڭ قۇلى بولۇشقا رازى بولۇش، ھېسابى ئاسانراق بولۇش، ئالىي مەرتىۋە.
باي تاللىغان بەش ئىش بولسا:
روھنىڭ چارچىشى، كۆڭۈلنىڭ ئالدىراش بولۇشى، دۇنيا پەرەس قۇل بولۇش، ھېسابىنى قاتتىق قىلىش، ناچار ـ تۆۋەن، دەرىجىگە ئېرىشىش.
14. ئابدۇللاھ ئەنتاكىي مۇنداق دەيدۇ:
دۇنيادا بەش تۈرلۈك ئىش بار، يۈرەك كېسەللىرىنى داۋالايدىغان دورا دېيىشكە بولىدىغان:
سالىھلار بىلەن ئالاقە قىلىش.
قۇرئاننى تەجۋىد بىلەن ئوقۇش.

ئازراق يېيىش.

كېچىدە ئىبادەت قىلىش.

سەھەر سۈبھىدە دۇئا قىلىش.

15. ئالىملار تەكىتلەيدۇ، بەش تەرەپتىن پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەك:

ئاللاھنىڭ تەربىيىسىدە پىكىر قىلىپ، ئاللاھنىڭ يەككە - يېگانە ئىكەنلىكىگە قارىتا مۇستەھكەم ئېتىقادقا ئىگە بولۇش.

ئاللاھ نېسىپ قىلغان تۈرلۈك نېئمەتلەرنى پىكىر قىلىپ، ئاللاھقا ھەقىقىي ئىشتىياق باغلايدىغان ھېس - تۇيغۇغا ئېرىشىش.

ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭغا تەلپۈنىدىغان ۋە تەسىرلىنىدىغان دىل ئاغرىش.

ئاللاھنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭدىن جازادىن قورقىدىغان قەلبكە ئېرىشىش.

ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئاز بولسىمۇ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئىلتىپاتىنى پىكىر قىلىپ (ئويلاپ)، ئۇنىڭدىن ھايالىق قەلبكە ئېرىشىش.

16. بىر ھېكىم مۇنداق دەيدۇ:

تەقۋا ئالدىدا بەش توسالغۇ مەۋجۇت، بۇنىڭدىن ھالقىيالىغان كىشى تەقۋا دەرىجىگە يېتىدۇ.

1) شادلىقنى تاشلاپ، جاپانى تاللاش.

2) خاتىرجەملىكنى تاشلاپ، قىيىنچىلىقنى تاللاش.

3) شان - شۆھرەتنى تاشلاپ، كەمتەر - نامسىزلىقنى تاللاش.

4) ياخشى ئىشنى تاشلاپ، سۈكۈتنى تاللاش.

5) ۋىجدانسىزلارچە ياشاشنى تاشلاپ، مەردلەرچە ئۆلۈشنى تاللاش.

17. پەيغەمبەرىمىز مۇنداق دېگەن:
مۇناجات — مەخپىيەتلىكنىڭ كاپالىتى (قوغدىغۇچىسى).
سەدىقە — بايلىقنىڭ قوغدىغۇچىسى.
ئىخلاس — ئەمەللەرنىڭ قوغدىغۇچىسى.
راستچىللىق — سۆزلەرنىڭ قوغدىغۇچىسى.
كېڭەشىش — پىكىرنىڭ قوغدىغۇچىسى.
18. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:
پۇل ـ مال توپلاشتا مۇنداق بەش تۈرلۈك چاتاق بار:
پۇل توپلاش ئۈچۈن مەشغۇلاتقا ئالدىراش.
مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھنى ئەسلەشكە سەل قاراش.
ماللىرىنىڭ ئوغرىلىنىشىدىن ئەنسىرەپ دەككە ـ دۈككىدە يۈرۈش.
ئۆزى ئۈچۈن بولغاچقا پىخسىق دېگەن سەت نامغا سەۋر قىلىش.
مال ـ مۈلۈك سەۋەبلىك ئاقىل ـ سالىھلار بىلەن ئارىلىقى يىراقلاپ كېتىش.

پۇل ـ مال سەرپ قىلىشتا يەنە بەش تۈرلۈك ئالاھىدىلىك بار:
كۆڭلى خاتىرجەم بولۇش.
پۈتۈن دىلى بىلەن ئاللاھنى ئەسلەش.
ئوغرى ـ بۇلاڭچىدىن قورقماسلىق.
سالىھلارنىڭ نامىنى ئىېلىش، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر بىلەن دوستلىشىش.
19. سۇفيان سەۋرى مۇنداق دەيدۇ:
بۇ دەۋردە پۇل ـ مال يىغقۇچى بەش خىل ئىللەتكە ئىگە:

چەكسىز ئارزۇ، زىيادە ئاچ كۆزلۈك، بەك بېخىل، تەقۋالىقى كەم، ئاخىرەتلىكى ئۇنتۇلغان.

شائىر مۇنداق دەيدۇ:

ئەي دۇنيانىڭ مېھرىگە ئاشىق بولغان ئادەم، دۇنيانىڭ مېھرى ھەركۈنى يېڭى – يېڭى ئەر چىللايدۇ. ئۇ ئەرلەرنى ئازدۇرۇپ خىلۋەت جايدا، ئۆز ئاشىقنى چەكسىز ئىستەككە باشلايدۇ.

پانىي دۇنيا ئوراپ ئالدى ئاشۇ ئاشىقنى،
ئۇلار بىر – بىرلەپ دۇنيا ئۈچۈن ئۆلدى.
مەنمۇ ئىلگىرى ئۇچىرىغان ئۇنىڭ نازۇكەرەشمىسىگە،
بەدىنىمدە جاراھەت دائىم ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى.
يەنىلا ياخشىسى ئۆلۈمگە تەييارلان!
بىر ئىدا چىللايدۇ، سەپەرگە ئاتلان!

20. ھاتەم ئەسەم مۇنداق دەيدۇ:

ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاننىڭ ئىشى، لېكىن تۆۋەندىكى بەش خىل ئىشقا ئالدىراش رەسۇلۇللاھنىڭ خىسلىتى:

1) مېھمان ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە كۈتۈۋېلىشقا ئالدىراش.
2) ئۆلگەن ئادەمنىڭ مېيىتىنى دەپنە قىلىشقا ئالدىراش.
3) قىز يېتىلگەندە ئۆيلۈك قىلىشقا ئالدىراش.
4) گۇناھتىن كېيىن تەۋبىگە ئالدىراش.
5) قەرزدار بولۇپ قالسا، قايتۇرۇشقا ئالدىراش.

21. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

ئىبلىس بەش ئىش سەۋەبىدىن لەنەتكە ئۇچرىغان:
جىنايىتىنى تونۇماسلىق.
تەۋبە قىلماسلىق.
ئۆزىنى ئەيىبلىمەسلىك.

رەزىللىكنى تۈزەپ ياخشىلىنىشقا ئىرادە باغلىماسلىق.

ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىش.

22. ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام بەش تۈرلۈك ئىش بىلەن بەختلىك بولغان:

گۇناھىنى تونۇش.

توۋا قىلىش.

ئۆزىنى ئەيىبلەش.

ئۆز خاتالىقىنى ئۆزگەرتىش.

ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىك.

23. شەقىق بەلخى مۇنداق دەيدۇ:

بەش ئىشتا چىڭ تۇرۇڭلار،

تاقىتىڭلار يېتىشىچە ئاللاھنىڭ كۈتكىنى بويىچە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش.

دۇنيادا ھاياتىڭلارنىڭ چېكىگە لايىق مال ـ مۈلۈك توپلاش.

ئاللاھنىڭ جازاسىنى قوبۇل قىلالىغۇچىنىڭ تاقىتى بويىچە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش.

قەبرىدە تۇرالايدىغان ۋاقىت بويىچە دۇنيادىن ئوزۇقلۇق تەييارلاش.

جەننەتتە تۇرۇش ۋاقتىڭلارنىڭ مىقدارىچە ياخشى ئەمەل قىلىش.

24. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دەيدۇ:

مەن نۇرغۇن دوست تۇتقان، لېكىن ھېچقايسىسى تىلنى تىزگىنلىيەلەيدىغان دوستتەك قەدىرلىك تۇيۇلمىدى.

مەن نۇرغۇن پاسوندىكى كىيىملەرنى سىناپ باققان، لېكىن تەقۋالىقتىن گۈزەل كىيىمنى بايقىمىدىم.

مەن نۇرغۇن بايلىقنى كۆرگەن، لېكىن قانائەتتەك زور بايلىقنى كۆرمىدىم.

مەن ھەرخىل خەيرىيەتلەرنى كۆردۈم، لېكىن نەسىھەتتىن ئارتۇق خەيرىيەتنى كۆرمىدىم.

مەن تۈرلۈك يېمەكلىكنى تېتىپ باققان، لېكىن سەۋردىن تاتلىقنى يەپ باقمىدىم.

25. بىر ھېكىم مۇنداق دەيدۇ:

دۇنياغا ھەۋەس قىلماسلىقتا بەش خىل خىسلەت بار:

ئاللاھقا تايىنىش، چاكىنىلىقتىن يىراقلىشىش، ئەمەلنى ئىخلاس بىلەن قىلىش، زۇلۇمدىن يىراق تۇرۇش، قولدا بارغا قانائەت قىلىش.

26. بىر ئابىد ئاللاھقا دۇئا قىلغاندا:

«ئى پەرۋەردىگارىم. مېنى ئالدىغان نەرسە چەكتىن ئاشقان ئارزۇ ۋە دۇنيا مۇھەببىتى، مېنى زەخىملەندۈرگىنى، مېنى ئازدۇرغىنى ئىبلىس. مېنى ھەقىقەتنى تېپىشتىن توسۇپ تۇرىدىغىنى قاباھەت. مېنى ئۇزاقچە گۇناھى ئىشلارغا بۇيرۇغىنى يامان دوست. ئىلتىجايىمنى قوبۇل كۆرگۈچى پەرۋەردىگارىم، ماڭا يول كۆرسەتكىن، ئەگەر سەن ماڭا رەھىم قىلمىساڭ، كىم ماڭا رەھىم قىلالايدۇ؟» دېگەن.

27. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:

مېنىڭ ئۇممىتىمگە شۇنداق بىر دەۋر كېلىدۇ، ئۇلار بەش ئىشنى ياقتۇرۇپ بەش ئىشنى ئۇنتۇيدۇ:

ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ، دۇنيالىقتا بەك بېرىلىدۇ.

ئۇلار ياشاشنى ياقتۇرۇپ، ئۆلۈمنى ئۇنتۇيدۇ.

ئۇلار ئېگىز بىنالارنى ياقتۇرۇپ، قەبرىنى ئۇنتۇيدۇ.

ئۇلار پۇلنى ياقتۇرۇپ، ھېساب قىلىشنى ئۇنتۇيدۇ.

ئادەم ۋە شەيئىلەرنى ياقتۇرۇپ، ئاللاھنى ئۇنتۇيدۇ.

28. يەھيا ئىبنى مەئاز ئۆزىنىڭ مۇناجاتىدا:

ئى پەرۋەردىگارىم، ساڭا ئىلتىجا قىلىشتىن باشقا كېچىدە ماڭا لەززەت بولىسۇن، ساڭا ئىتائەت قىلىشتىن باشقا كۈندۈز، ماڭا گۈزەل ئەمەس. سېنى ئەسلەشتىن باشقا، دۇنيا ماڭا مۇبارەك ئەمەس. ئاخىرەتتە پەقەت سېنىڭ كەچۈرۈشۈڭ مەن ئۈچۈن خۇشاللىق. جەننەتتە سېنى كۆرۈشتىن باشقا خۇشاللىق يوق.

# ئالته جۈملىلىك ھېكمەتلەر

1. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

ئالته خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئالته خىل نەرسە غېرىبتۇر:

ئادەملەر توپى ئىچىدە ناماز ئوقۇلمايدىغان مەسجىت غېرىب.

ھېچكىم كىتاب ئوقۇمايدىغان ئائىلىدىكى قۇرئان غېرىب.

پاسىقنىڭ قورسىقىدىكى قۇرئان كەرىم غېرىب.

دىيانەتلىك مۆئمىن ئايال پەسكەش زالىم ئەرنىڭ قولىغا قالسا بۇ غېرىب.

ئىلغار مۆئمىن ئەر پەسكەش ئازازۇل ئايالنىڭ قولىغا قالسا بۇ غېرىب.

كىشىلەر سۆزىگە قۇلاق سالمايدىغان ئالىم غېرىب.

پەيغەمبىرىمىز يۇقىرىقىلارنى سۆزلەپ بولۇپ، مۇنداق دېدى: راستتىنلا قىيامەتتە ئاللاھ بۇنداق كىشىلەرگە نەزەر سالمايدۇ.

2. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

ئالتە خىل ئادەم ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ:

ئۆز ئىختىيارىچە ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئۆز تەشەببۇسلىرىنى قوشۇپ قويغۇچى.

ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىشەنمىگۈچى.

زورلۇق كۈچ بىلەن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلىغۇچى ھەم ئاللاھنى ئەيىبلەيدىغان كىشىلەرگە يېقىنلىشىپ، ئاللاھقا يېقىن كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغۇچى.

ھالالنى ھارام.

ئاللاھ ئائىلەمگە ھارام قىلغان نەرسىلەرگە بىھۆرمەتلىك قىلغۇچى.

سۈننىتىمنى تەرك قىلغۇچى.

يۇقىرىقى ئادەملەرگە قىيامەتتە، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارغا بىر قېتىممۇ رەھمەت نەزىرىنى سالمايدۇ.

3. ئەبۇبەكرى سىددىق مۇنداق دەيدۇ.

ھەقىقەتەن شەيتان سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرىدۇ، ھاكاۋۇرلۇق سېنىڭ ئوڭ تەرىپىڭدە تۇرىدۇ، ھەۋەس سېنىڭ سول تەرىپىڭدە تۇرىدۇ، دۇنيا سېنىڭ ئارقاڭدا تۇرىدۇ، قۇدرەتلىك پەرۋەردىگار سېنىڭ ئۈستىڭدە تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شەيتان سېنى ئىماندىن چىقىشقا چاقىرىدۇ، ھاكاۋۇرلۇق سېنى ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ھەۋەس سېنى بۇزۇقچىلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ. دۇنيا سېنى ئۆزىنى ئېلىپ ئاخىرەتنى تاشلاشقا ئۈندەيدۇ. (پۇت – قوللار) سېنى قەبىھ ئىشلارنى قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئاللاھ سېنى جەننەتكە مېڭىشقا، كەچۈرۈلۈشكە ئېرىشىشكە ئۈندەيدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا مانا مۇشۇنداق دەۋەت قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن شەيتانغا ئاۋاز قوشقۇچى ئىماننى يوقىتىدۇ، ھاكاۋۇرلۇققا ئاۋاز قوشقۇچى روھنى يوقىتىدۇ. ھەۋەسكە بېرىلگۈچى ئاخىرەتنى يوقىتىدۇ، پۇت – قوللىرىغا ئەگەشكۈچى جەننەتنى يوقىتىدۇ. ئاللاھقا يۈزلەنگۈچى گۇناھنى يوقىتىدۇ، كاتتا بەختكە ئېرىشىدۇ.

4. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دەيدۇ:

ئاللاھ ئالتە خىل ئىشقا يەنە ئالتە خىل ئىشنى يوشۇرغان:

ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، پەيغەمبەرگە ئەگىشىش رازىلىقىنى يوشۇرغان.

ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ، پەيغەمبەرگە قارشى قوپۇشقا غەزەپىنى يوشۇرغان.

قۇرئانغا ئاللاھنىڭ يۈكسەك ئىسىم – سۈپەت (ئىسىم ئەزەم)لىرىنى يوشۇرغان.

رامىزان ئېيىغا قەدىر كېچىسى (قىممەتلىك كېچىنى) يوشۇرغان.

بەش ۋاق ناماز ئىچىگە ئەسىر نامىزىنى يوشۇرغان.

كۈنلەردىكى بىلىشكە ئامالسىز ۋاقىت ئىچىگە قىيامەتنى يوشۇرغان.

5. ئوسمان ئىبنى ئەففان مۇنداق دەيدۇ:

ھەقىقىي ئىخلاسمەن كىشى (مۆئمىن) ئالتە خىل ئەندىشىگە يولۇقىدۇ:

ئاللاھنىڭ ئۆز ئىمانىنى يوقىتىۋېتىشىدىن ئەنسىرەش.

پەرىشتىلەرنىڭ نام – ئەمەل خاتىرىگە ئۆزىنى قىيامەتتە يۈزىنى چۈشۈرىدىغان گۇناھلىرىنى يېزىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ.

شەيتاننىڭ ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى بۇزىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

ئەزرائىلنىڭ ئۆزىنى بىپەرۋا بىر پەيتتە ئۇستىگە چۈشۈپ جېنىنى ئېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

دۇنيانىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ئالدىنىپ قېلىپ، ئاخىرەتنى تاشلاپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدۇ.

خوتۇن – بالىلىرى سەۋەبلىك ھېرىپ – چارچاپ، ئاللاھنى ئەسلەشتىن بىپەرۋا قېلىشتىن ئەنسىرەيدۇ.

6. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇنداق دەيدۇ:

مۇنداق ئالتە خىل مەنزىلگە يەتكۈچى جەننەتنى تەلەپ قىلىش ھاجەتسىز، دوزاختىن قېچىش ھاجەتسىز:

ئاللاھنى تونۇغۇچى، ئىتائەت قىلغان بولسا،
شەيتاننى تونۇغۇچى، قارشى تۇرالىسا.
ئاخىرەتنى تونۇغۇچى، تەلەپ قىلىسا.
دۇنيانى تونۇغۇچى، تاشلىيالىسا.
ھەقىقەتنى تونۇغۇچى، ئەگىشەلىسە،
سەپسەتىنى تونۇغۇچى، ساقلىنالىسا،

7. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇنداق دەيدۇ:

ئىنسان ئۈچۈن ئالتە خىل خىسلەت نېئمەتتۇر:

ئىسلام، «قۇرئان»، ئاللاھنىڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ساغلاملىق، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يېپىش، بىراۋغا بېقىندى بولۇپ قالماسلىق.

8. يەھيا ئىبنى مەئاز مۇنداق دەيدۇ:

ئەمەلنىڭ يېتەكچىسى — ئىلىم.
ئىلىمنى ئالىدىغان قاچا — چۈشىنىش.
ياخشىلىقنىڭ ھۆكۈمرانى — ئەقىل.
گۇناھنىڭ يېتەكچىسى — ھەۋەس.
ھاكاۋۇرنىڭ كېمىسى — پۇل.
ئاخىرەتنىڭ بازىرى — بۇ دۇنيا ھاياتى.

9. ئەبۇ زۇر جىمھىرە مۇنداق دەيدۇ:

پۈتۈن دۇنياغا باراۋەر كەلگۈدەك ئالتە ئىش بار:

تەييار يېمەكلىك، سالىھ پەرزەنت، ھەر جەھەتتىن ئۈلگە بولىدىغان ئايال، قاتتىق مەخپىي سۆھبەت، مۇكەممەل ئەقىل، ساغلام بەدەن.

10. ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ:

ئەگەر ھەقىقىي ئادەملەر مەۋجۇت بولمىسا، يەر شارى بىلەن يەر شارى ئۈستىدىكى ھەممە چۆكتۈرۈلۈپ كېتەتتى.

ئەگەر سالىھلار بولمىسا، تۆيۇق يولدىكى ئادەملەر يوقىلىپ كېتەتتى.

ئەگەر ھاكىمىيەت بولمىسا، ئادەملەر ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىپ كېتەتتى.

ئەگەر ئەخمەق بولمىسا، دۇنيا خاراب بولۇپ كېتەتتى.

شاماللار بولمىسا، مەۋجۇدات سېسىپ كېتەتتى.

11. بىر ھېكىم مۇنداق دەيدۇ:

ئاللاھتىن قورقمايدىغان كىشى ۋەدىسىدە تۇرالماسلىقتىن ساقلىنىش تەس.

ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن توختىمىغان كىشىنىڭ قەلبىدە ھارام ياكى شۈبھە نەرسە بولماسلىقى قىيىن.

كىشىگە بېقىنغان كىشىنىڭ تاماخورلۇقتىن ساقلىنىشى تەس.

ئەمەللىرىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ تۇرمىغۇچى، رىيادىن ساقلانمىقى تەس.

ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدە بولۇشىنى ئارزۇ قىلمىغۇچى ھەسەتتىن ساقلانمىقى تەس.

بىلىم ۋە ئەمەلدە ئۆز ھالىتىدىن ھالقىغانلىقىنى كۆزەتمەيدىغان ئادەم مەنمەنلىكتىن ساقلىنىشى تەس.

12. ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ:

ئادەم قەلبى ئالتە خىل ئىشتىن بۇزۇلىدۇ (خۇنۇكلىشىدۇ):

1. گۇناھ قىلىپ ئۆزگەرمەسلىك گەرچە توۋا قىلىشنى ئارزۇ قىلسىمۇ.
2. ئىلىم ئىگىلەپ ئەمەل قىلمىغۇچى.
3. ئەمەلنى خالىس نىيەت بىلەن قىلمىغۇچى.
4. ئاللاھنىڭ نېئمىتىنى يەپ، ئاللاھقا تەشەككۇر ئېيتماسلىق.
5. ئاللاھنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولماسلىق.
6. ئۆلۈكنى دەپنە قىلغۇچى بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالماسلىق
13. ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ:
جان بېقىش قەستىدە يۈرگۈچىنى ئاللاھ ئالتە تۈرلۈك نەرسە بىلەن جازالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ خىلى بۇ دۇنيادا ئىشقا ئاشىدۇ، يەنە ئۈچ خىلى ئاخىرەتتە.
بۇ دۇنيادىكى ئۈچ خىلى بولسا: چەكسىز ئارزۇ ــ ھەۋەس، مەڭگۈ قانائەت قىلمايدىغان تەمەخورلۇق، ياخشى ئەمەلنىڭ ساۋابىنى يوقىتىش.
ئاخىرەتكە قالدۇرۇلغان ئۈچ خىلى بولسا: قىيامەتتىكى قورقۇنچ، قاتتىق ھېساب ئېلىش، تۈگىمەس ھەسرەت.
14. ئەھنەق ئىبنى قەيس مۇنداق دەيدۇ:
ھەسەتخورنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ئەمەس، يالغانچىلىققا ئادەتلەنگۈچىنىڭ خۇشال كەيپىياتى يوق. بېخىلغا چارە يوق، مۇستەبىت پادىشاھنىڭ ۋەدىسىدە تۇرىدىغان خىسلىتى بولمايدۇ، مىجەزى ئوسال ئادەملەردىن تالانت ئىگىلىرى چىقمايدۇ. ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قارشى تۇرغۇچى دوست بولالمايدۇ.
15. بىر ھېكىمدىن بىرى سوراپتۇ:
«بىر ئادەم توۋا قىلسا ئۇ قانداقسىگە ئۆز توۋىسىنى ئاللاھنىڭ قوبۇل كۆرگەنلىكىنى بىلەلەيدۇ؟» ھېكىم دەپتۇ: «بۇنىڭغا قارىتا،

مەنـدە ھېچقانـداق ھۆكۈم قىلغۇدەك ئىقتىـدار يـوق. لـېكىن، تووۇنـىـڭ ئۇنۇمى بولىدىمۇ، يوق. توۋا قىلغۇچى تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ئادا قىلىش شەرتتە:

1) ئۆزىنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىنى بىلىش، كەچۈرۈلمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلىش، خۇشاللىقى يوقىلىپ دائىم غەم ـ ئەندىشىدە يۈرۈش.

2) سالىھلارغا دائىم يېقىن تۇرۇپ، بۇزۇق ئادەملەردىن يىراقلىشىش.

3) كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى ئازنى كۆپ بىلىش، ئاخىرەت ئۈچۈن قىلغان چوڭ ئىشنى ئاز دەپ بىلىش.

4) ئۆزىنىڭ ئاللاھقا مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىش، مەنپەئەت تىلەش بولماسلىقى.

5) سۆزدە ئېھتىيات قىلىش، زۆرۈر بولغاندا سۆزلەش.

6) ئويلىنىش، دائىم مىسكىن قەلبى بولۇشى كېرەك.

16. يەھيا ئىبنى مەئاز مۇنداق دەيدۇ:

مېنىڭچە ئەڭ چوڭ ئالدامچىلىق:

1) يامانلىقتا چەكتىن ئېشىپ، تۆۋا قىلماي كەڭچىلىككە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىش.

2) ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى ئويلاش، لېكىن ئاللاھقا ئىتائەت قىلماسلىق.

3) دوزاخنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ، جەننەتنىڭ مېۋىسىنى ئېلىشقا تەشنا بولۇش.

4) گۇناھلىق قىلمىشى تۈرلۈك ئىبادەتمەن بەندىنىڭ مەنزىلگاھىنى تىلەش.

5) مۇكاپاتنى ئارزۇ قىلىش، لېكىن ئەمەلگە ئاتلانماسلىق.

6) ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشتۇر.

شائىر مۇنداق دەيدۇ:

ئىجادلىقنى ئۈمىد قىلىپ ئىجادلىق يولىغا ماڭماسلىق،

گويائى كېمە بىلەن قۇملۇقتا يول باسالماسلىق.

17 ئەھنەف مۇنداق دەيدۇ:

بىر ئادەم مەندىن: «ئادەم ئېرىشكەن نەرسىلەر ئىچىدە نېمە ئەڭ قىممەتلىك؟» مەن دېدىم: «تۇغما ئەقىللىق بولۇش».

سورىدى: — ئەگەر بۇنداق خىسلەت بولمىسىچۇ؟، مەن دېدىم: — بىر نىيەت بىر يولدىكى دوستى بولۇش.

سورىدى: — ئەگەر بۇنداق ئامەت نېسىپ بولمىسىچۇ؟

دېدىم: — ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەيدىغان قەلب بولسۇن.

سورىدى: — ئەگەر بۇنچىلىك ئارتۇقچىلىقمۇ بولمىسىچۇ؟

دېدىم: — سۈكۈت بىلەن يۈرسۇن، ئېھتىيات بىلەن سۆزلىسۇن.

سورىدى: — ئەگەر بۇنچىلىق خاراكتېرىمۇ تېپىلمىسىچۇ؟

دېدىم: — ئۆلۈم ئۇنىڭغا ئەڭ قىممەتلىكتۇر.

# يەتتە جۈملىلىك ھېكمەتلەر

1. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھ يەتتە تۈرلۈك ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئەرش سايىسىدا سايىدىتىدۇ. ئۇلار:

1) ئادىل پادىشاھ.

2) ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ياش.

3) خالىي جايدا ئاللاھتىن قورقۇپ ياش تۆككۈچى.

4) دىلى دائىم مەسجىتكە باغلىنىپ تۇرىدىغان ئادەم.

5) مەخپىي سەدىقە قىلغۇچى، ھەتتا ئوڭ قولى بەرگەننى سول قولى بىلمەيدىغان كىشى.

6) ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن دوستلاشقان ياكى ئايرىلىدىغان كىشىلەر.

7) مەرتىۋىلىك ئېسىلزادە ئايال ئۆزىگە چاقىرسا، ئاللاھتىن قورقىمەن دەپ رەت قىلغان ئادەم.

2. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بېخىل يەتتە خىل ئىشنىڭ بىرىدىن خالىي بولالمايدۇ.

1) يىخسىق ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مىلى ۋارىسىغا قالىدۇ، لېكىن بۇ ماللار ئاللاھنىڭ يولىغا ئىشلىتىلمەيدۇ.

2) ياكى ئاللاھ ئۇنى بىر زالىم ھۆكۈمرانغا يولۇقتۇرىدۇ، ئۇ تېز يۈككەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ماللىرىنى ئېلىۋالىدۇ.

3) ياكى ئۇ دائىم ئارزۇ ـــ ھەۋەسىنىڭ كەينىدە سوكۇلداپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭ مېلى بۇ يولدا چېچىلىپ تۈگەيدۇ.

4) ياكى ئۇ بىر ھەشەمەتلىك ئىمارەت سېلىشقا ھەۋەس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىنانىڭ ئۇلى بوش چىقىپ قېلىپ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى مۇشۇنداق توگىلاپ قالىدۇ.

5) ياكى ئۇ دۇنيا يۈزىدىلا زور بىر تالاپەتكە يولۇقىدۇ، مەسىلەن: سۇ ئاپىتى، ئوت ئاپىتى، ئوغرىلىنىش دېگەندەك.

6) ياكى ئۇ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ، ئۇ شۇنىڭ بىلەن داۋالىنىش ئۈچۈن بار مۈلكىنى سەرپ قىلىدۇ.

7) ياكى پىخسىق مىلىنى مەلۇم بىر جايغا كۆمۈپ قويىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ كۆمگەن جايىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دەيدۇ:

كۆپ كۈلگەن كىشىنىڭ سۈر ـ ھەيۋىسى ئازلاپ كېتىدۇ.
كىشىلەرنى ھاقارەتلىسە ئۇمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ھاقارەتلىنىدۇ.
ئىسراپخورلۇق قىلسا، ئۇنىڭ قەدرى ئۆتۈلىدۇ.
كىمكى كۆپ سۆزلىسە ناچار سۆز كۆپ بولىدۇ.
ناچار سۆز كۆپ بولسا، ھايا ئازىيىپ كېتىدۇ.
ھايا ئازايسا تەقۋالىقى كېمىيىپ كېتىدۇ.
تەقۋالىقى كەم بولسا قەلبى ئۆلۈپ كېتىدۇ.

3. ئوسمان ئىبنى ئەففان مۇنداق دەيدۇ: ﴿تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ بايلىقى بار، ئۇلارنىڭ دادىسى ئەسلىدە سالىھلاردىن﴾ دېگەن «قۇرئان» ئايىتىنى چۈشەندۈرۈپ ئېيتتى:

ئايەتتىكى «بايلىق» بولسا بىر پارچە ئالتۇن ئۈستىگە يەتتە جۈملە خەت يېزىلغان:

1) ئۆلۈم كەلگەنلىكىنى بىلگەن، ئەمما كۈلكە ـ چاقچاق قىلىپ يۈرگەن ئادەمگە مەن ھەيران قالىمەن.

2) دۇنيانىڭ رەزىللىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلغۇچىدىن ھەيرانمەن.

3) ھەممە نەرسىنىڭ تەقدىر بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يوقاتقىنىدىن ئىچى پۇشىدىغان ئادەمدىن ھەيرانمەن.

4) ھېساب ئېلىشىنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىسمۇ يەنىلا دۇنياليق توپلىغۇچىدىن مەن ھەيرانمەن.

5) دوزاخنىڭ مۇقەررەر مەۋجۇدلۇقىنى بىلىپ يەتكەن كىشىنىڭ يەنە گۇناھ قىلغىنىدىن ھەيرانمەن.

6. ئاللاھنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇدلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەرنى ئۇنتۇلماي يۈرىدىغان كىشىگە ھەيرانمەن.

7. جەننەتنىڭ ھەق راستلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، دۇنيادىن بەخت ئىزلەۋاتقانلاردىن ھەيرانمەن. (يەنە بىر رىۋايەتتە شەيتاننىڭ ئۆز دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە شەيتانغا باش ئەگكۈچىگە مەن ھەيران قالىمەن).

4. بىر ئادەم ئەلىدىن سوراپتۇ:

ئاسماندىنمۇ چوڭ نەرسە نېمە؟

زېمىندىنمۇ كەڭرى نەرسە نېمە؟

دېڭىزدىنمۇ مول نەرسە نېمە؟

تاشتىنمۇ قاتتىق نەرسە نېمە؟

ئوتتىنمۇ قىزىق نەرسە نېمە؟

قەھرىتان سوغۇقتىنمۇ قاتتىق سوغۇق نەرسە نېمە؟

زەھەردىن ئاچچىق نەرسە نېمە؟

ئەلى جاۋاب بېرىپتۇ:

گۇناھسىزغا بوھتان چاپلىغۇچىنىڭ گۇناھى ئاسماندىنمۇ چوڭ.

زېمىندىنمۇ كەڭ نەرسە ھەقىقەت.

قانائەتچان كىشىنىڭ قەلبى دېڭىزدىنمۇ مول.
مۇناپىقنىڭ يۈرىكى تاشتىن قاتتىق.
مۇستەبىت ھۆكۈمران ئوتتىنمۇ دەھشەت.
بېخىلغا ھاجىتى چۈشۈپ قېلىش قەھرىتان سوغۇقتىنمۇ بەك سوغۇق.
سەۋرچانلىق زەھەردىنمۇ ئاچچىق.
(يەنە بىر رىۋايەتتە: دەرد ۋە غەمنى يۇتماق زەھەردىن ئاچچىق دېيىلگەن).

5. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

دۇنيا بولسا مۇساپىرنىڭ ئۆتەڭگى، ھېچنېمىسى يوق ئادەمنىڭ بايلىقى، لېكىن پەمسىز ئادەم ئۇنى جۇغلايدۇ.

چۈشىنىش قۇۋۋىتى يوق ئادەم، ئۇنىڭغا بولغان تۈرلۈك ھەۋەسكە قاراپ چاپىدۇ. بىلىمسىز ئادەم ئۇنىڭ سەۋەبلىك جازالىنىدۇ. ئەقىلسىز ئادەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەسەت قىلىدۇ. ئېتىقادسىز ئادەم ئۇنىڭغا ئالدىرايدۇ.

6. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

جىبرىئىل ماڭا ئىزچىل تەكىتلەيدىغىنى قوشنىلارنى ھۆرمەتلەش بولغاچقا، مەن تېخى ئۇنى قوشنىنى قوشنىغا مىراسخور قىلغان چېغى دەپ قاپتىمەن.

ماڭا توي قىلىشنى دەۋەرگەچكە، مەن ھەتتا ئاجرىشىش دۇرۇس ئەمەسمىكىن دەپ قاپتىمەن.

ئۇ يەنە قۇللارغا ھېسداشلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرسە، مەن قۇللارنىڭ قويۇپ بېرىلىش ۋاقتى بېكىتىلىپ بولدى، دەپ قاپتىمەن.

ئۇ ماڭا چىش چوتكىلاشنى تەۋسىيە قىلىۋەرسە، مەن تېخى چىش چوتكىلاش پەرز قىلىنغان چېغى دەپ قاپتىمەن.

ئۇ يەنە مەندىن نامازغا جامائەتكە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلمىغۇرسە، مەن تېخى جامائەتكە قاتناشماي ئوقۇغان نامازنى ئاللاھ نەزىرىدە مەقبۇل ئەمەس ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

ئۇ يەنە ماڭا كېچىدە ئىبادەتكە تۇرۇشنى دەۋرەگەچ، مەن تېخى كېچىسى ئۇخلىغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن.

ئۇ ماڭا ئاللاھنى زىكرى قىلىشنى جېكىلەپ تۇرغاچقا، مەن تېخى ئاللاھنى زىكرى قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق سۆھبەت، سۆز پايدىسىزمىكىن دەپ قاراپ قاپتىمەن.

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: يەتتە خىل كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھ رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، ئۇلارنى پاكلىمايدۇ، ئۇلارنى دوزاخقا تاشلايدۇ:

1) ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى.

2) قولى بىلەن لەززەتلەنگۈچى.

3) ھايۋانغا يېقىنچىلىق قىلغۇچى.

4) ئايالنىڭ ئارقىسىدىن كەلگۈچى.

5) قىزى بىلەن ئانىسىنى بىراقلا نىكاھىغا ئالغۇچى.

6) قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغۇچى.

7) قوشنىسىغا ئازار ۋە لەنەت قىلغۇچى.

7. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:

ئاللاھ يولىدا جان بېرىپ شېھىت بولغاندىن باشقا يەنە يەتتە تۈرلۈك ئادەم شېھىت ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار:

قورساق ئاغرىقى بىلەن ئۆلگەن ئادەم.

سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن ئادەم.

كۆكرەك پەردە ياللۇغى بىلەن ئۆلگەن ئادەم.

يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئۆلگەن ئادەم.

ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەن ئادەم.
تام بېسىۋېلىپ ئۆلگەن ئادەم.
تۇغۇتتىدا ئۆلگەن ئايال.
8. ئىبنى ئاببباس مۇنداق دەيدۇ:
ئەقىل ئىگىلىرى يەتتە نەرسىدىن كېچىپ يەتتە نەرسىنى قولغا كەلتۈرسۇن:
بايلىقتىن كېچىپ نامراتلىقنى قولغا كەلتۈرسۇن.
هاكاۋۇرلۇقتىن كېچىپ، كەمتەرلىكنى قولغا كەلتۈرسۇن.
ساختىپەزلىكتىن كېچىپ، سەممىيلىكنى قولغا كەلتۈرسۇن.
توقچىلىقتىن كېچىپ، يوقسۇزلۇقنى قولغا كەلتۈرسۇن.
خۇشاللىقتىن كېچىپ غەم قايغۇنى قولغا كەلتۈرسۇن.
يۇقىرى مەرتىۋىدىن كېچىپ، تۆۋەن دەرىجىنى قولغا كەلتۈرسۇن.
هاياتتىن كېچىپ، ئۆلۈمنى قولغا كەلتۈرسۇن.

# سەككىز جۈملىلىك ھېكمەتلەر

1. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:
سەككىز نەرسە باشقا سەككىز نەرسىگە قارىتا قانائەتلەنمەيدۇ.
كۆز كۆرۈش بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ.
تۇپراق يامغۇر سۈيى بىلەن قانمايدۇ.
ئاياللار ئەرلەرگە قانائەت قىلمايدۇ.
ئالىم بىلىمگە قانمايدۇ.
كۆپ سوئال سورىغۇچى جاۋابقا قانائەت قىلمايدۇ.
ئاچ كۆز پۇل يىغىشقا قانمايدۇ.
دېڭىز سۇغا قانمايدۇ.
يالقۇنلۇق ئوت ئوتۇن بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ.
2. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:
سەككىز نەرسە باشقا سەككىز نەرسىنىڭ زىننىتى.
پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش ـــ نامراتلىقنىڭ زىننىتى.
تەشەككۈر ئېيتىش ـــ نېئمەتنىڭ زىننىتى (ساخاۋەتنىڭ).
سەۋرچانلىق ـــ مۇشەققەتنىڭ زىننىتى.
سىپايە بولۇش ـــ ئىلىمنىڭ زىننىتى.
كەمتەرلىك ـــ ئوقۇغۇچىنىڭ زىننىتى.
يىغا ـــ قورقۇشنىڭ زىننىتى.

تاپا — تەنگە پەسەنت قىلماسلىق — ياخشى ئىشنىڭ زىننىتى. قورقۇش (تەقۋالىق) — نامازنىڭ زىننىتى.

3. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دەيدۇ.

قۇرۇق گەپنى تەرك قىلغۇچى ئەقىلنى تاپىدۇ.

ماراپ يۈرۈشنى تاشلىغۇچى مۇلايىملىقنى تاپىدۇ.

ئاچ كۆزلۈكنى تاشلىغۇچى ئىبادەتنىڭ لەززىتىنى تاپىدۇ.

قاقاقلاپ كۈلۈشنى تاشلىغۇچى سالماق قىياپەتكە ئىگە بولىدۇ.

چاقچاقنى تاشلىغان كىشى ئابرۇيغا ئېرىشىدۇ.

دۇنياغا بولغان ھەۋەسنى تەرك ئەتكۈچى ئاخىرەتكە بولغان ئىشتىياقنى تاپىدۇ.

باشقىلارنىڭ ئەيىبنى ئېچىشنى تەرك ئەتكۈچى ئۆز كەمچىلىكىنى ئۆزگەرتكەن بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ قانداقلىقىنى مۇلاھىزە قىلىشنى تەرك ئەتكۈچى مۇناپىقلىقتىن قۇتۇلغان بولىدۇ.

4. ئوسمان ئىبنى ئەففان ئېيتىدۇ.

كېچە بىدار تۇرۇپ ئىش بېجىرىدىغان ئادەم تۆۋەندىكى خىسلەتنى تاپىدۇ.

پىكىر — ھېسسىياتى ئاللاھتىن قورقۇشتىن خالىي بولمايدۇ، ئاللاھقا بولغان ئىنتىزارلىق بىلەن بولىدۇ.

تىلى ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىشتىن خالىي بولمايدۇ، ئاللاھقا مەدھىيە ئوقۇش بىلەن بولىدۇ.

كۆزى ھايا بىلەن بولىدۇ، يىغىنى ھەمراھ قىلىدۇ.

ئىرادىسى پانىي دۇنيانى تەرك ئېتىشتە بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەشتە بولىدۇ.

5. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئېيتىدۇ:

ناماز دا ئېھتىرام بولمىسا، ئۇنىڭدا ياخشىلىق يوق. روزىدار يالغان گەپنى توختاتمىسا، روزىسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئىلىملىك تەقۋا بولمىسا، ئىلىمنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. قىرائەتنى تەھلىل قىلمىسا، ئوقۇشنىڭ پايدىسى يوق. پۇل تۇرۇپ سېخىي بولمىسا، پۇلنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. پۇت — قولنىڭ ھەققىنى قوغدىمىسا، پۇت — قولنىڭ ھەققىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. بەخت ئۇزاق داۋاملاشمىسا، بەختنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. دۇئا ئىخلاس بىلەن بولمىسا، دۇئانىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

# توققۇز جۈملىلىك ھېكمەتلەر

1. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئىمرانىنىڭ ئوغلى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتتا ۋەھيي قىلىپ شۇنداق دېدى:

بارلىق خاتالارنىڭ مەنبەسى ئۈچ خىل.

كىبرى، ھەسەتخورلۇق ۋە دۇنياغا بەك ھېرىسمەن بولۇش.

ئۇلاردىن ئالتىسى كۆپىيىپ، توققۇز بولدى.

كۆپەيگەن ئالتىسى: توقلۇق، ئۇيقۇ، ئارام ئىزلەش، پۇل مالنى ياخشى كۆرۈش، مەدھىيە ـ ماختاشنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئەمەلدارلىقنى ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت.

2. ئەبۇبەكرى سىددىق مۇنداق دەيدۇ:

ئابىدلار ئۈچ خىل بولىدۇ. ھەر خىل تۇردىكىلەر ئۈچۈن تونۇغىلى بولىدىغان ئۈچ خىل بەلگە بار: بىر خىلى ئاللاھقا قورقۇپ ئىبادەت قىلىدۇ. يەنە بىر خىلى ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ئىبادەت قىلىدۇ. يەنە بىر خىلى بولسا ئاللاھنى ياخشى كۆرۈپ ئىبادەت قىلىدۇ. بىرىنچى خىلدىكىلەر ئۈچۈن ئۈچ خىل بەلگە بار: ئۆزىنى تۆۋەن تۇتىدۇ. قىلغان ياخشىلىقنى ئاز، يامانلىقنى بولسا، كۆپ دەپ ئويلايدۇ.

ئىككىنچى خىلدىكىلەر ئۈچۈن ئۈچ خىل ئالامەت بار:

بارلىق ئىشلىرىدا كىشىلەرگە ئەگىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەڭ سېخىي كىشىسى بولىدۇ. ئاللاھقا بولغان ئېتىقادى ئەڭ ياخشى بولىدۇ.

ئۈچىنچى خىلدىكىلەر ئۈچۈن ئۈچ خىل ئالامەت بار:

ئۆزى ياخشى كۆرگەنلىكى نەرسىنى كىشىلەرگە بېرىۋېتىدۇ.

ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن باشقا ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلمايدۇ.

ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ نەپسى خاھىشىغا قارشى ئىش قىلىدۇ. ھەر قانداق ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلىدۇ.

3. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دەيدۇ:

شەيتاننىڭ توققۇز بالىسى بار ئۇلار:

زەلىيتۇن، ۋەسىن، لەقۇس، ئەئۋان، ھەففاف، مۇررە، مۇسەۋۋىت، داسىم ۋە ۋەلھاندىن ئىبارەت.

زەلىيتۇن بولسا بازارغا مەسئۇل بولۇپ، بايرىقىنى شۇ يەرگە قادايدۇ.

ۋەسىن بولسا ئۆلۈم ــ مۇسىبەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ.

ئەئۋان بولسا سۇلتان ــ پادىشاھلارغا مەسئۇل بولىدۇ.

ھەففاف بولسا ئىچىملىكلەرگە مەسئۇل.

مۇررە بولسا نەغمە ــ ناۋا مۇزىكىلارغا مەسئۇل.

لەقۇس بولسا ئوت پەرەسلەرگە مەسئۇل.

مۇسەۋۋىت بولسا كىشىلەر ئارىسىدا ئاساسسىز گەپ ــ سۆزلەرنى توشۇشقا مەسئۇل.

دائىم بولسا ئۆيلەرگە مەسئۇل بولۇپ بىر ئادەم بىر يەرگە كىرىپ سالام قىلمىسا ھەمدە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتىمىسا (بسم الله دېمىسە)، دائىم ئىنسىملىك شەيتان بالىسى ئۇلار ئارىسىغا تالاش — تارتىش ئۇرۇقىنى تېرىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تالاق — ئاجرىشىش، جەڭگە — جېدەل باشلىنىدۇ.

ۋەلھاسىل بولسا تاھارەت، ناماز ۋە باشقا ئىبادەتلەردە ئازدۇرۇشنى باشلايدۇ.

4. ئوسمان ئىبنى ئەففان مۇنداق دەيدۇ.

كىمكى بەش ۋاخ نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرسا ئۇنى ئاللاھ توققۇز خىل كارامەت بىلەن تارتۇقلايدۇ.

ئاللاھ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئۇنىڭ بەدىنى ساغلام بولىدۇ.

ئۇنى پەرىشتىلەر قوغدايدۇ.

ئائىلىسىگە بەرىكەت ياغىدۇ.

يۈزىدە سالىھلار سىماسى زاھىر بولىدۇ.

ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى يۇمشاق قىلىدۇ.

سىرات كۆۋرۈكىدىن چاقماق چاققاندەك ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئاللاھ ئۇنى دوزاختىن ساقلايدۇ.

قىيامەتتە قورقۇنچ يوق ۋە غەمسىز كىشىلەر بىلەن بىرگە تۇرىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇنداق دەيدۇ.

يىغا ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

1) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ يىغلاش.

2) ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ يىغلاش.

3) ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ يىغلاش.

بىرىنچىسى گۇناھىغا كاپارەت بولىدۇ.

ئىككىنچىسى ئەيىب - نۇقساندىن تازلايدۇ.

ئۈچىنچىسى دوستىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدۇ.

گۇناھىغا كاپارەت بولغاننىڭ مېۋىسى — ئازاب ئوقۇبەتلەردىن قۇتۇلۇشتۇر.

ئەيىب - نۇقساندىن تازلىنىشنىڭ مېۋىسى — داۋاملىق نازۇ نېئمەت ۋە ئالىي دەرىجە.

دوستقا ئېرىشىشنىڭ مېۋىسى — ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ ياخشى بېشارىتىدۇر، شۇنداقلا پەرىشتىلەرنىڭ زىيارەت قىلىشىنىڭ ۋە پەزىلىتىنىڭ زىيادە بولغانلىقىنىڭ ياخشى بېشارىتىدۇر.

# ئون جۈملىلىك ھېكمەتلەر

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: سىلەر چىش چوتكىلاشتا چىڭ تۇرۇڭلار. چۈنكى، چىش چوتكىلاشتا ئون تۈرلۈك خاسىيەت بار.

1) ئېغىزنى پاك قىلىدۇ،

2) ئاللاھنى رازى قىلىدۇ.

3) شەيتاننى غەزەپلەندۈرىدۇ.

4) مېھرىبان ئاللاھنىڭ مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىدۇ.

5) چىشنى چىڭىتىدۇ.

6) ئېغىز بوشلۇقىدىكى خەپرۈكنى تازىلايدۇ.

8) ئېغىز بوشلۇقىنىڭ نەملىكىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

7) ئېغىزنى خۇش بۇي قىلىدۇ.

9) كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

10) ئېغىز پۇراشنى يوقىتىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز يەنە مۇنداق دېگەن: چىش چوتكىلىماي ئوقۇغان نامازدىن چوتكىلاپ ئوقۇغان ناماز 70 ھەسسە ئەۋزەل بولىدۇ.

2. ئەبۇبەكرى سىددىق ئېيتىدۇ:

ھەرقانداق ئادەم پەقەت ئاللاھنىڭ ئون تۈرلۈك خىسلىتىگە ئېرىشەلىسە، ئۇ تۈرلۈك تالاپەت ۋە كېسەللەردىن قۇتۇلۇپ قالالماستىن، يەنە مۇتتەقىيلەرنىڭ قاتارىغا قويۇلىدۇ ھەم ئاللاھتىن قورقۇپ سۆيۈنەتكە ئەگەشكەنلەرنىڭ دەرىجىسىنى تاپقان بولىدۇ.

1) راستچىل ھەم قانائەتمەن يۈرەك.
2) سەۋرچان ھەم خۇدانىڭ رەھمىتىگە شۈكرى قىلىش.
3) نامراتلىق پەيتىمۇ، ئىبادەتتە چىڭ تۇرۇش.
4) قورسىقى ئاچ ھالدا ئۇزاق ئۇيلىنىش.
5) غەم ئەندىشىدە ئاللاھتىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش.
6) داۋاملىق تىرىشچانلىق بىلەن كەمتەر بولۇش.
7) مۇلايىم بولۇش ھەم دوست بۇرادەرلىرى بىلەن بىللە بولۇش.
8) ياخشى كۆرۈش ۋە ھايالىق بولۇش.
9) پايدىلىق بىلىم بولۇش ۋە ئىنتايىن سىپايە بولۇش.
10) مۇستەھكەم ئىمان بولۇش ھەم پەۋقۇلئاددە ئەقىل بولۇش.

3. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دەيدۇ:

ئون نەرسە كەم بولسا باشقا ئون نەرسە بىلەن تەڭشىگىلى بولماس.

1) تەقۋالىق بولمىسا، ئەقىل ياخشى بولماس.
2) بىلىم بولمىسا، پەزىلەتلىك بولغىلى بولماس.
3) قورقۇنچ بولمىسا، غەلىبە بولماس.
4) ئادىللىق بولمىسا، ياخشى ھۆكۈمران بولغىلى بولماس.
5) ئەدەپ بولمىسا، ئېسىل نەسەب ياخشى بولماس.
6) بىخەتەرلىك بولمىسا، خۇشاللىق بولماس.
7) سېخىيلىق بولمىسا، بايلىق ياخشى بولماس.
8) نامراتلىقنى قانائەتسىزلىك بىلەن تەڭشىگىلى بولماس.
9) كەمتەرلىك بولماي يۇقىرى مەرتىۋە ياخشى بولماس.

..........................................

4. ئوسمان ئىبنى ئەففان مۇنداق دەيدۇ:

تازا نەس باسىدىغان نەرسە ئون تۈرلۈك بولىدۇ.

1) ئالىمدىن مەسلىھەت سورىغۇچى بولمىسا.

2) بىلىمنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرگۈچىسى بولمىسا.

3) توغرا پىكىرنى قوبۇل قىلغۇچى بولمىسا.

4) ئەسۋاب- جابدۇقنى ئىشلەتكۈچى بولمىسا.

5) مەسجىت بولۇپ ناماز ئوقۇلمىسا.

6) قۇرئان بولۇپ ئوقۇغۇچى بولمىسا.

7) پۇل بولۇپ ياخشىلىققا ئىشلىتىلمىسە.

8) ياخشى ئات بولۇپ مىنگۈچى بولمىسا.

9) مەنپەئەتلىك بىلىم دۇنيا پەرەسنىڭ قورسىقىغا قاچىلىنىپ قالسا.

10) ئۇزۇن ئۆمۈر بولۇپ سەپەرنىڭ تەييارلىقى بولمىسا.

5. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئېيتىدۇ:

1) ئەڭ ياخشى مىراس بىلىم.

2) ئەڭ يۈكسەك كەسىپ مائارىپ.

3) ئەڭ ياخشى ئوزۇق تەقۋالىق.

4) ئەڭ ياخشى مال ئىبادەت.

5) ئەڭ ياخشى ھۆكۈمران ياخشى ئەمەل.

6) ئەڭ ياخشى ھەمراھ ئېسىل پەزىلەت.

7) ئەڭ ياخشى ۋەزىر ئالىيجاناب ئادەم.

8) ئەڭ ياخشى بايلىق قانائەت.

9) ئەڭ ياخشى ياردەمچى تەگشەش.

10) ئەڭ ياخشى ئەدەب - ئەخلاق ئۈگەتكۈچى، ئۆلۈم.

6. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

ئىسلام قوۋمى ئىچىدىن ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان ئون تۈرلۈك ئادەم چىقىدۇ. گەرچە ئۇلار ئۆزىنى مۇسۇلمان دەۋالسىمۇ.

1) قاتىل.

2) سېھىرگەر.

3) دەييۇس يەنى ئۆزىنىڭ ئايالىنىڭ ناباپ ئىشلىرىنى كۆرمىگەن ياكى ئاڭلىمىغان بولغۇچى.

4) زاكات بېرىشكە قارشى تۇرغۇچى.

5) هاراقكەش.

6) ھەج قىلىشقا لايىق بولسىمۇ، بارمىغۇچى.

7) پىتنە - پاسات تېرىغۇچى.

8) دۈشمەنگە قورال سېتىپ بەرگۈچى.

9) ئايالى بىلەن لىۋاتەت قىلغۇچى.

10) بىۋاستە تۇغقانلىرى بىلەن توي قىلغۇچى.

يۇقىرىقى ئىشلارنى ھالال سانىغۇچىلار دىندىن تانغان بولىدۇ.

7. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

ئاللاھنىڭ بەندىسى بولىدىغان كىشى مەپلى ئاسماندا ياكى زېمىندا بولمىسۇن، سېخىي بولماي تۇرۇپ مۆئمىن بولالمايدۇ.

مۇسۇلمان بولماي تۇرۇپ سېخىي بولغىلى بولمايدۇ.

باشقىلار ئۇنىڭ قولىدىن ۋە تىلىدىن ئازار يېگەن تۇرۇپ، ئۇ مۇسۇلمان بولالمايدۇ.

ئالىم بولماي تۇرۇپ مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدۇ.

ئەمەل قىلماي تۇرۇپ ئالىم بولغىلى بولمايدۇ.

تەقۋا بولماي تۇرۇپ ئىلىمگە ئەمەل قىلغىلى بولمايدۇ.

ئاللاھتىن بەك قورقماي تۇرۇپ تەقۋا بولغىلى بولمايدۇ.

كەمتەر بولماي تۇرۇپ تەقۋا بولغىلى بولمايدۇ.

ئۆزىنى تونۇماي تۇرۇپ كەمتەر بولغىلى بولمايدۇ.

ئەقىلسىز كىشى ئۆزىنى تونۇيالمايدۇ.

8. رىۋايەتتە، يەھيا ئىبنى مەئاز بىر دۇنياغا بېرىلگەن دىنىي ئالىمنى كۆرگەندىن كېيىن ئېيتقانىكى: «ئى ھەدىسلەرنى چۈشىنىدىغان ئىلىملىك ئالىم!. سىلەرنىڭ ئورداڭلار بىلەن رىم پاپاسى قەيسەرنىڭ ئوردىسى ئوخشاش، سىلەرنىڭ تۇرۇۋاتقان بىنا پارس شاھى كىسرانىڭ تۇرالغۇسىدىن پەرقسىز. سىلەر ياتقان كارىۋاتلار قارۇننىڭكى بىلەن ئوخشاش شەۋكەتلىك. سىلەرنىڭ ئىشىكىڭلار تالۇتنىڭ ئىشىكىگە ئوخشاش. سىلەرنىڭ كىيگەن كىيىملىرىڭلار ئۇرۇش جىنايەتچىسى جالۇتنىڭ كىيىمىگە ئوخشاش. سىلەرنىڭ يولۇڭلار ئىبلىسنىڭ يولى بىلەن بىر مەنبەدىن چىققان. سىلەرنىڭ بايلىقىڭلار بىلەن ئالۋاستىنىڭ بايلىقى بەرىبىر ئوخشاش، سىلەرنىڭ باشقۇرۇشۇڭلار بىلەن فىرئەۋننىڭ باشقۇرۇشى ئوخشاش، سىلەرنىڭ سوتچىڭلار بىلەن ئاشۇ تىلى شېكەر، دىلى زەھەر، پارىخور ئالدامچىلار ئوپمۇ ئوخشاش.

سىلەرنىڭ ئۆلۈمىڭلار بىلەن جاھىلىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمى ئوخشاش . سىلەر يەنە قانداقمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولالايسىلەر؟

9. بىر ھەكىم ئېيتىدۇ:

ئون خىل ئادەمدىن چىققان ئون خىل سۈپەتكە ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ. بايدىن چىققان پىخسىق، نامراتتىن چىققان چوڭچى، ئالىملاردىن چىققان تەمەخور، ئاياللاردىن چىققان شەرمەندە، قېرىلاردىن چىققان جانباقتى، ياشلاردىن چىققان ھۇرۇن، موقۇقداردىن چىققان زالىم، زاھىتتىن چىققان مەنمەنچى، ئىبادەت قىلغۇچىدىن چىققان رىياخور.

10. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

ئىجادلىق ئون تەرەپتىن كېلىدۇ. بەشى بۇ دۇنيادا، بەشى ئۇ دۇنيادا، بۇ دۇنيادىكى بەش بولسا:

1) بىلىمگە ئىگە بولۇش.

2) ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىش.

3) تۇرمۇش مەبلىغى هالال تىجارەتتىن كېلىش.

4) قىيىنچىلىققا قارىتا چىدامچان، سەۋرلىك بولۇش.

5) ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇش.

ئۇ دۇنيادىكى بەش بولسا:

1) ئەزرائىل ئۇنىڭغا رەھىمدىل بولۇش.

2) قەبرىدە مۇنكىر ــ نەكىر ناملىق ئىككى پەرىشتە سوراق سورىغاندا قورقماسلىق.

3) ئەڭ قورقۇنچلۇق پەيتتىمۇ خاتىرجەم تۇرۇش.

4) قەبىھ قىلمىشى يوققا چىقىرىلىپ، ياخشى ئەمەللىرى قوبۇل بولۇش.

5) پىلسىراتتىن ئۆتكەندە، چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈش، بىخەتەر جەننەتكە كىرىش.

11. ئەبۇلفەزلى ئېيتىدۇ:

ئاللاھ ئون سۈپەت بىلەن قۇرئاننى ماختىغان: مۇقەددەس ئوقۇشلۇق، ھەق ــ ناھەقنى ئايرىغۇچى دەستۇر، بۈيۈك قامۇس، ئاگاھنامە، ھىدايەتكە باشلىغۇچى، نۇرلۇق كىتاب، ئىنسانىيەتكە رەھمەت، دىللاردىكى كېسەللەرگە شىپا، مۇكەممەل روھ، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئۈممەتلەرنىڭ ھەققىدىكى خاتىرە ئەسەر، ئالدىنقى تۆت نام بولسا، ھەممە ئادەم بىلىدۇ. كېيىنكى ئالتە نام بولسا «قۇرئان»دىكى مۇنۇ ئايەتكە ئاساسلانغان.

ئاللاھ ئېيتىدۇ: «ئى بەندىلەر، سىلەرگە كەلگەن بۇ نەسىھەت پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپتىن كەلگەندۇر. ئۇ دىللاردىكى كېسەللەرنى داۋالىغۇچى دورا، مۆئمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر» يەنە.

«بۇ ئاللاھ تەرەپتىن چۈشكەن نۇر ۋە چۈشىنىشلىك دەستۇر، ھەقىقەتەن سىلەرگە نازىل بولدى» يەنە «مەن روھنى ساغلا ۋەھىي قىلدىم. بۇ مېنىڭ ئىرادەمدۇر.»، يەنە «سېنى كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك بايان قىلسۇن دەپ بۇ ۋەز – نەسىھەتنى چۈشۈردۇم».

12. لوقمان ھەكىم ئوغلىغا نەسىھەت قىلدى:

ئى ئوغلۇم، ئەقىل – پاراسەت ئون تۈرلۈك ئىشنى ئورۇندايدۇ، ئۇ:

ئۆلگەن قەلبنى تىرىلدۈرىدۇ.

كەمبەغەللەر بىلەن بىللە ئولتۇرىدۇ.

پادىشاھلارنىڭ بەزمىسىدىن قاچىدۇ.

نامرات كىشىلەرنى قوللايدۇ.

قۇلنى ئازاد قىلىدۇ.

كەمبەغەلنى باي قىلىدۇ.

زېمىنى بار ئادەمگە گۈل تىكىپ بېرىدۇ.

ياقا يۇرتلۇققا ياتاق بېرىدۇ.

باشلىققا پۇلدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھوقۇق بېرىدۇ.

قورقۇنچتىن ساقلايدۇ.

پۇل قايتۇرۇشتا كىرىزىس كۆرۈلگەندە بۆسۈپ ئۆتىدۇ. يەنى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن تۇرىدۇ، كىيىمى ئۈچىسىنى ياپالمايدىغان ئادەمگە كىيىم بېرىدۇ.

13. بىر ھەكىم ئېيتىدۇ:

ھەقىقىي تووۋا قىلغان ئەقىل ئىگىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇن ئىشنى قىلىش كېرەك.

ئېغىزدا تووۋا قىلىش، راستچىللىق بىلەن پۇشايمان قىلىش.

قەيىھ قىلمىشنى چىقىرىپ تاشلاش.

قەتئىي قايتا سادىر قىلماسلىق.

ئاخىرەتنى قىزغىن سۆيۈش.

پانىي دۇنيانى بەك ياخشى كۆرمەسلىك.

قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىش.

يېمەك ـ ئىچمەكتە تېجەشلىك بولۇش — بۇ ئىلىم ۋە ئىبادەتكە يۈزلىنىشنىڭ يولى.

ئاز ئۇخلاش — ئاللاھ ئېيتىدۇ: «ئۇلار كېچىلىرى ئاز ئۇخلايدۇ، سۈبھىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى تىلەيدۇ».

14. ئەنەس ئىبنى مالىك ئېيتىدۇ: زېمىندىن ھەر كۈنى مۇنداق ئۈن تۆرلۈك سادا ئاڭلىنىدۇ:

ئى ئىنسانلار! گەرچە سىلەر مېنىڭ دۇمبەمدە ھەرىكەت قىلساڭلارمۇ، لېكىن قايتىدىغان جايىڭلار ھەقىقەتەن مېنىڭ قورساق قىسمىمدۇر، گەرچە سىلەر مېنىڭ دۇمبەمدە گۇناھ ئىشلاردا چەكتىن ئاشساڭلارمۇ. لېكىن مېنىڭ قورساق قىسمىمدا جازالىنىسىلەر.

گەرچە سىلەر مېنىڭ دۇمبەمدە كۈلۈپ يۈرسەڭلارمۇ، لېكىن يات ئارىدا مېنىڭ قورساق قىسمىمدا يىغلاپ ياش تۆكىسىلەر.

گەرچە مېنىڭ دۇمبەمدە خۇشال تەنتەنە قىلساڭلارمۇ، لېكىن يات ئارىدا مېنىڭ قورساق قىسمىمدا غەمگە چۆكىسىلەر.

گەرچە مېنىڭ دۇمبەمدە مال ـ دۇنيا توپلىساڭلارمۇ يات ئارىدا پۇشايمان قىلىسىلەر.

گەرچە مېنىڭ دۇمبەمدە ھارام نەرسىلەرنى يېسەڭلارمۇ، پات ئارىدا مېنىڭ قورساق قىسمىمدا قۇرۇتلارغا يەم بولىسىلەر.

گەرچە سىلەر مېنىڭ دۇمبەمدە غادىيىپ يۈرسەڭلارمۇ لېكىن، پات ئارىدا مېنىڭ قورساق قىسمىمدا باش ئېگىپ تەزىم قىلىسىلەر.

گەرچە مېنىڭ دۇمبەمدە خۇشال ئالاقە قىلىشساڭلارمۇ، لېكىن، مېنىڭ قورساق قىسمىمدا خاتىرجەم بولالمايسىلەر.

گەرچە سىلەر مېنىڭ دۇمبەمدە باردى ــ كەلدى قىلىشقاندا نۇر بىلەن يورۇتۇلۇپ تۇرساڭلارمۇ، پات ئارىدا، مېنىڭ قورساق قىسمىمدا پۈتۈن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالىسىلەر.

گەرچە مېنىڭ دۇمبەمدە سىلەر تۈرلۈك بازارلارغا بارساڭلارمۇ لېكىن، پات ئارىدا مېنىڭ قورساق قىسمىمدا يېگانە كۆلپەتلىك كۈن كەچۈرىسىلەر.

15. رەسۇلۇللاھ ئېيتىدۇ:

كۆپ كۈلكۈچى ئون تۈرلۈك جازاغا ئۇچرايدۇ:

1) قەلبى بارا ــ بارا ئۆلىدۇ.

2) ئابرۇيى بارغانسېرى يوقىلىدۇ.

3) شەيتان ئۇنى كۈلدۈرىدۇ.

4) ئاللاھنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ.

5) قىيامەتتە قاتتىق سوراق قىلىنىدۇ.

6) قىيامەتتە پەيغەمبەرنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرايدۇ.

7) پەرىشتىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ.

8) ئاسمان ــ زېمىندىكى ھايۋانلارنىڭ ئاغرىنىشىغا ئۇچرايدۇ.

9) ئۇنتۇغاقلىق

10) قىيامەتتە بەتبەشىرە ھالەتتە ھەشر قىلىنىدۇ.

16. ھەسەن بەسرى ئېيتىدۇ:

مەلۇم بىر كۈنى باغداتنىڭ كوچىسىدا مەن بىر تەقۋادار ياش بىلەن بىللە كېتىۋاتاتتىم، تۇساتتىن بىر تېۋىپقا يولۇقتۇق. تېۋىپ بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بولۇپ، نۇرغۇن ئادەم ئۇنى ئورىۋالغانىكەن. ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش، كۆپچىلىك قولىغا بىر سۇ تولدۇرۇلغان ئەينەك شىپىشنى ئېلىپ تېۋىپنىڭ كۆرۈپ قويۇشىنى ئۆتۈنەتتى.

بۇ تەقۋادار ياش ئالدىغا بېرىپ، تېۋىپتىن سورىدى:

— سىلىدە گۇناھنى يۇيۇپ قەلب كېسەلنى داۋالايدىغان دورا بارمىدۇ؟

— بار!

— ئۇنداقتا ئېچىپ كۆرۈپ باقايلىمۇ؟

— نامراتلىق بىلەن كەمتەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ يىلتىزىدىن ئېلىپ، ئىچىگە تەۋۋا قىلىشنىڭ مېۋىسىنى قوشۇپ، ئاندىن بۇ ئۈچ خىل دورىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئىدىشىغا سېلىپ، قانائەت كالتىكى بىلەن ئۇنى ئېزىپ، مۇتتەقىيلەر قازىنىغا تۆكۈپ، ئۈستىگە شەرم ـ ھايا سۇيىنى قۇيۇپ، ئاللاھقا ياخشى كۆرۈنۈش ئوتىدا دورىنى قاينىتىپ، پىشقان دورىنى تەشەككۈر ئىستاكانىغا سېلىپ، ئاللاھقا ئۈمىد باغلاش يەلپۈگۈچىدە يەلپۈپ سوۋۇتۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئاللاھنى مەدھىيىلەش قوشۇقىدا بۇ دورىنى ئىچ. ئەگەر سەن تېۋىپ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلالىساڭ بۇ دورا مەيلى بۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە پۈتۈنلەي ساڭا پايدىلىق بولۇپ، تۈرلۈك كېسەللەرنى داۋالاپ، تۈرلۈك ئاپەتلەرنى يوقىتىدۇ.

17- رىۋايەتتە بىر پادىشاھ ئالىم ۋە ھۆكۈمالاردىن بەشىيلەننى تەكلىپ قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى بىردىن ھېكمەتلىك سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىپتۇ، نەتىجىدە ھەربىرى بىر جۈملىدىن جەمئىي بەش جۈملە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ.

1) ئاللاھتىن قورقۇش بولسا ئەمىنلىك، ئاللاھتىن قورقۇش يوق قەلب بولسا شەقى. جەمئىي مەۋجۇداتقا خاتىرجەملىك بېغىشلاش بولسا ئەركىنلىك. مەۋجۇداتتىن دىققەت قىلىش بولسا، كەڭرىلىكنىڭ ئېپادىسى.

2) ئۈمىدنى ئاللاھقا باغلاش بايلىق، بۇ خىل بايلىق مەڭگۈلۈك نامراتلىقنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمايدۇ. ئاللاھقا بولغان ئۈمىدسىزلىك —— نامراتلىق. بۇنىڭغا ھەرقانداق نەسىھەت كار قىلمايدۇ.

3) پەقەت كۆڭلى باي بولسا خىجىلچىلىقنىڭ زىيىنى يوق. ئەگەر، كۆڭلى نامرات بولسا، گەرچە يانچۇقلىرى لىق پۇل بولسىمۇ، پايدىسى يوق.

4) ئۆزى ئەقىللىق، قولى ئوچۇق، سېخىي بولسا، ئەڭ بايدۇر. ئەقلى كەمتۈك، نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى بار بولسا، تېخىمۇ نامراتتۇر.

5) ئازراق بەختكە ئېرىشىش، كۆپلەپ زىيان تارتقاندىن ياخشى. نۇرغۇن يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىش، ئازغىنە ياخشىلىققا ئېرىشكەندىن كۆپ ئەۋزەل.

18- پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە ھەقىقىي تۇۋا قىلغاندىن باشقا ئون تۈرلۈك ئادەم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. ئۇلار: ئەمەلدار ئالدىدا يۈگۈرۈپ يۈرگۈچى، كېپەن ئوغرىسى، ھەق ـ ناھەقنى توقۇپ چىقارغۇچى سۇخەنچى، قىزلارنى تېپىپ ئۆيىدە بەزمىخانا ئېچىپ بەرگۈچى، ئايالىنى، قىزلىرىنى كۈنلىمەيدىغان كىشى، چاڭ چالغۇچى، تۆت تارلىق چالغۇ ئەسۋابىنى تەڭكەش قىلغۇچى تەمبۇرچى، باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى كەچۈرمەيدىغان، كەچۈرۈم سورىشىنى قوبۇل قىلمايدىغان ئادەم، تەربىيەسىز قالغان ھارامدىن بولغان بالا، ئاتا ـ ئانىنىڭ قارغىشىغا كەتكەن بالا.

19- پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: ئون تۈرلۈك ئادەمنىڭ ئىبادىتىنى ئاللاھ قوبۇل قىلمايدۇ: يالغۇز ناماز ئوقۇپ، قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇمىغان ئادەم، زاكات بەرمەيدىغانلار، جامائەتكە ئىمام بولغان ئەمما جامائەت يامان كۆرىدىغان ئىمام، قاچقان قۇل، ھاراقنى جىنسىدىن ئەزىز كۆرگۈچى، ئېرىنى غەزەپلەندۈرۈپ سىرتتا قونۇپ قالغۇچى ئايال، بېشىغا ياغلىق ئارتماي ناماز ئوقۇغۇچى ئايال، جازانە يېگۈچى زومىگەر باشلىق، ناماز ئوقۇغۇچى ھەم يامان ئىشلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلغۇچى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھتىن كۈنسېرى يىراقلىشىپ كەتكۈچى.

20- پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: مەسچىتكە كىرگۈچى مۇنداق ئون خىل ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك: (1) ئاياغ — پايپاقلىرىدىن خەۋەر ئېلىش. (2) ئاۋۋال ئوڭ پۇت بىلەن كىرىش. (3) مەسچىتكە كىرگۈچە «بســــــم الله» دېيىش، پەيغەمبىرىمىز ۋە پەرىشتىلەرگە سالامەتلىك تىلەش كېرەك. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت دەرۋازىلىرىڭنى ئېچىۋەتكىن، سەن ھەقىقەتەن كۆپ ئاتا قىلغۇچىسەن دېيىش. (4) مەسچىتتىكىلەرگە سالام بېرىش. (5) ئەگەر مەسچىتتە ئادەم بولمىسا، تۆۋەندىكىنى ئوقۇش: «ئەسسالامۇ ئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللاھىس سالىھىين» كەينىدىن «**اشهد ان لااله الاالله وان محمد رسول الله**» دېيىش. (6) نامازگاھنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەسلىك. (7) دۇنيا ئىشىنى قىلماسلىق، دۇنيا پاراڭنى كۆپ سۆزلىمەسلىك. (8) ئىككى رەكئەت نەپلى ناماز ئوقۇپ مەسچىتتىن چىقىش. (9) مەسچىتكە كىرگۈچى چوقۇم تاھارەتلىك بولۇش. (10) ئورنىدىن تۇرغاندا: «**سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ اَشْهَدُ اَنْ لاَاِلَهَ اِلاَّ اَنْتَ اَسْتَغْفِرُكَ وَاَتُوبُ اِلَيْكَ**» پەرۋەردىگارىم سېنى بۈيۈك دەپ مەدھىيىلەيمەن. سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمەن دېيىش.

21- پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:
ناماز ـــ ئىسلامنىڭ ئۇل ئاساسى، نامازنىڭ ئون خاسىيىتى بار:
قىياپىتى سىلىق ـ سىپايە بولۇش.
دىلى يورۇق بولۇش.
تېنى ئازادە بولۇش.
قەبرىدە خاتىرجەم بولۇش.
رەھمەت چۈشۈش.
جەننەتنىڭ ئاچقۇچى.
تارازىنىڭ ئېغىر كېلىدىغىنى.
ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكۈچى.
جەننەتنىڭ قىممىتى.
دوزاختىن ساقلىغۇچى.
كىمكى ناماز ئوقۇسا دىنىنى تولۇقلىغان بولىدۇ. كىمكى ئوقۇمىسا دىنىنى بۇزغان بولىدۇ.
22- پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: ئەھلى جەننەتلەر جەننەتكە كىرگەندە، ئاللاھ سوۋغا ۋە كىيىملەرنى كۆتۈرۈۋالغان پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ. پەرىشتە ئۇ كىشىلەرگە: جامائەت بۇ يەردە قېلىڭلار، بۇ يەردە بىر سوۋغا بار، ئاللاھ سىلەرگە ئەۋەتكەن دەيدۇ. كىشىلەر سورىشىدۇ: نېمە سوۋغا ئۇ؟ پەرىشتە جاۋاب بېرىپ: ئون ئۈزۈك.
بىرىنچى ئۈزۈككە يېزىلغىنى: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر (گۇناھلار كىرىدىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار»
ئىككىنچى ئۈزۈككە يېزىلغىنى: سىلەرنىڭ بارلىق ئەندىشە ۋە زېرىكىشلىرىڭلارنى يوقىتىدۇ.

ئۈچىنچى ئۈزۈككە يېزىلغىنى: «سىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىڭلارغا بىنائەن سىلەر جەننەتكە ۋارىسلىق قىلىسىلەر».

تۆتىنچى ئۈزۈككە يېزىلغىنى: مەن سىلەرگە لىباسلارنى ۋە زىبۇ زىننەتلەرنى ھەدىيە قىلىمەن.

بەشىنچى ئۈزۈككە يېزىلغىنى: «مەن ھۆرلەرنى سىلەرگە جۈپ قىلىپ بېرىمەن»، «سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن مەن ئۇلارنى بۈگۈن مۇكاپاتلىدىم، ئۇلار ھەقىقەتەن مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر».

ئالتىنچى ئۈزۈككە يېزىلغىنى: بۈگۈن سىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپات سىلەرنىڭ ئىلگىرىكى ياخشى ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن.

يەتتىنچى ئۈزۈككە يېزىلغىنى: سىلەر ياشلىق ھالىتىڭلەرگە قايتىسىلەر، مەڭگۈ قېرىمايسىلەر.

سەككىزىنچى ئۈزۈككە يېزىلغىنى: سىلەرگە خاتىرجەملىك بولسۇنكى ھەرگىز ئەنسىرىمەڭلار.

توققۇزىنچى ئۈزۈككە يېزىلغىنى: سىلەر پەيغەمبەرلەر بىلەن، راستچىللار بىلەن شېھىتلەر ۋە ئالىملار بىلەن بىللە بولىسىلەر.

ئونىنچى ئۈزۈككە يېزىلغىنى: سىلەر جەننەتتە ئەرشنىڭ سايىسى ئاستىدا، خاتىرجەم تۇرىسىلەر. ئۇ پەرىشتە ئارقىسىدىنلا:

«سىلەر خاتىرجەم — بەھرىمەن كىرىڭلار» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك جەننەتكە كىرگەچ دېيىشىدۇ: «بارلىق ھەمدۇ سانا ۋە ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر. ئۇ ئاللىقاچان بىزنىڭ غەملىرىمىزنى كۆتۈرۈۋەتتى. بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز — كەرەملىكتۇر. تەشەككۈرگە لايىق زاتتۇر»، «ئالەمدىكى بارلىق ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر. ئۇ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇ بىزنى زېمىندا ۋارىس قىلدى ھەم بىزنى جەننەتكە كىرگۈزدى. ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى — ھە!».

ئەھلى دوزىخىيلار دوزاخقا كىرگەندە: ئاللاھ پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ، ئون ئۈزۈكنى ئېلىپ چىقىدۇ:

1- ئۈزۈكتە: كىرگۈچىلار! دوزاقتا مەڭگۈ ئۆلمەي ياكى ياشىيالماي مۇشەققەت تارتىسىلەر، ئەمما ئۇنىڭدىن چىقالمايسىلەر.

2- ئۈزۈكتە: جازاغا ئۇچرىغانلار مەڭگۈ خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمەيدۇ.

3- ئۈزۈكتە: مېنىڭ رەھمىتىمگە ئۈمىد يوقالدى.

4- ئۈزۈكتە: دوزاخقا كىرگەنلەر مەڭگۈ كۆلپەتتە بولىدۇ، ھەسرەت ۋە نادامەت چېكىدۇ.

5- ئۈزۈكتە: ئوت دوزىخىيلارنىڭ كىيىمى، زەققۇم (زەھەر) سىلەرنىڭ مېۋەڭلار، ئاچچىق تەر سۈيى سىلەرنىڭ ئىچىملىكىڭلار. ھەتتا سىلەرنىڭ ياتاق — ئورنۇڭلارمۇ ئوتتىن بولىدۇ.

6- ئۈزۈكتە: بۈگۈن دوزىخىيلارغا مۇنداق جازا بېرىلىش سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقىڭلار سەۋەبىدىن.

7- ئۈزۈكتە: گەرچە سىلەر دوزاختا مەڭگۈ قالساڭلارمۇ مېنىڭ جازايىم مەڭگۈ كۈچىيىدۇ.

8- ئۈزۈكتە: دوزىخىيلار مەڭگۈ لەنەتكە دۇچار بولىدۇ. بۇ سىلەرنىڭ قەستەن، چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغانلىقىڭلار سەۋەبىدىن ھەم توۋا قىلمىغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن.

9- ئۈزۈكتە: دوزاختا دوزىخىيلارنىڭ ھەمراھى شەيتاندۇر.

10- ئۈزۈكتە: دوزىخىيلارنىڭ بۇنداق نەتىجىگە ئېرىشىشى دوزىخىيلارنىڭ ئىبلىسقا ئەگىشىپ دۇنياغا بېرىلىپ، ئاخىرەتنى تەرك قىلغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان.

23- بىر ھەكىم ئېيتىدۇ:

مەن ئون خىل ھالەتتە مەنزىلنى ئىزلەيمەن. لېكىن، مەن باشقا ئون خىل ھالەتتە ئۇلارنى بايقايمەن.

مەن مەغرۇرلۇق بىلەن ئىمتىيازغا ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ ئويلايتتىمەن. لېكىن، مەن ئۇنى كەمتەرلىك ئىچىدىن تاپتىم.

مەن دۇئا بىلەن ئەمەلنى ئىزلەپتىمەن. لېكىن، ئۇنى تەقۋالىقتا بايقىدىم.

مەن تەمەخورلۇق ئىچىدىن خاتىرجەملىكنى ئىزلەپتىمەن. لېكىن، ئۇنى دۇنياغا بېرىلمەسلىكتىن تاپتىم.

مەن ئاشكارا كۆندۈزدىكى ئىبادەتتىن دىلىمغا نۇر ئىزدىگەنىدىم. لېكىن، ئۇنى ئۇن — تىنىسىز كېچىلەردىكى ئىبادەتتىن بايقىدىم.

مەن سېخىيلىق بىلەن قىيامەتتىكى شەرەپنى ئىزدىدىم. لېكىن، مەن ئۇنى روزىدىكى ئاچارچىلىقتىن بايقىدىم. مەن قۇربانلىق قىلىش بىلەن پىلسىراتتىن ئۆتۈش خېتىنى ئالدىم دەپتىمەن. لېكىن، ئۇنى سەدىقە ئىچىدىن بايقىدىم. مەن ھالال لەززەت بىلەن دوزاختىن ساقلىنىش ئامالىنى ئىزلىدىم. لېكىم، مەن ئۇنى نۇرغۇن ھەۋەسلەردىن ۋاز كېچىشتىن تاپتىم.

مەن دۇنيادىن ئاللاھنىڭ رىزاسىنى ئىزدىدىم. لېكىن، مەن ئۇنى ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىشتىن تاپتىم.

مەن ۋەز - نەسىھەت ۋە قۇرئان ئوقۇشتىن ئەقىل نۇرىنى ئىزلىدىم. لېكىن، مەن ئۇنى پىكىر قىلىش ۋە يىغا ئىچىدىن تاپتىم.

24- ئىبنى ئابباس 《ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە جۈملە (شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى》، دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندا: قۇرئاندىكى 《بىر قانچە جۈملە》 سۆزىنەتتىن ئون خىل ھېكمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەشى باش قىسمىدا، بەشى بەدىنىدە بولىدۇ. باش قىسمىدىكى بەشى

بولسا، چىش چوتكىلاش، ئېغىز چايقاش، بۇرۇن تازىلاش، بۇرۇتنى قىرقىش، چاچنى ئېلىش، بەدىنىدىكى بەشى بولسا، قولتۇق تۈكلىرىنى ئېلىش، تىرناقنى ئېلىش، ئەۋرەت تۈكلىرىنى ئېلىش، خەتنە قىلىش ۋە ئىستىنجا قىلىش.

25- ئىبنى ئابباس ئېيتىدۇ:

كىم پەيغەمبەرگە بىر قېتىم دۇرۇت ئېيتسا ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئون قېتىم بەخت تىلەيدۇ. كىم پەيغەمبەرگە بىر قېتىم تۆھمەت قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭغا ئون قېتىم لەنەت قىلىدۇ. نەچەبا بۇنداق ئەمەسمۇ؟ ۋەلىد ئىبنى مۇغىر پەيغەمبىرىمىزگە زىيانكەشلىك قىلغان چاغدا، ئاللاھ شۇ چاغدا ئۇنى قانداق جازالىدى. سەن كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ ئېيتىدۇ: ﴿سەن ھەربىر قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۆزخەنچى، بېخىل، چېكىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپال ۋە ھارامدىن بولغان ئادەمگە ئىتائەت قىلمىغىن﴾.

26- بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەمدىن: ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە. ﴿ماڭا دۇئا قىلىڭلار مەن ئىجابەت قىلىمەن﴾ دېگەن. بىز دۇئا قىلىۋاتىمىز ئىجابەت بولمىدىغۇ؟ دەپ سورىغاندا ئىبراھىم جاۋاب بېرىپ: سىلەرنىڭ قەلبىڭلار ئون خىل ئىشتىن ئۆلدى:

سىلەر ئاللاھنى تونۇيسىلەر لېكىن، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمايسىلەر.

سىلەر ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇيسىلەر. لېكىن، شۇ بويىچە ئىجرا قىلمايسىلەر.

سىلەر شەيتاننى ئۆچ كۆرىمەن، دەپ دەۋا قىلىسىلەر، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي ئالاقە قىلىسىلەر.

سىلەر پەيغەمبەرنى چىن ياخشى كۆرىمەن، دەپ دەۋا قىلىسىلەر. ...ن، ھەدىسلەرنى تاشلاپ قويىسىلەر.

...ر جەننەتنى ياخشى كۆرىمەن، دەپ دەۋا قىلىسىلەر. لېكىن، جە...دە كىرىشكە لايىق ئەمەل قىلمايسىلەر.

سىلەر دوزاختىن قورقىمەن، دەپ دەۋا قىلىسىلەر. لېكىن، يامان ئىشتىن توختىمايسىلەر.

سىلەر ئۆلۈمنىڭ راستلىقىنى بىلىمەن، دەپ دەۋا قىلىسىلەر. لېكىن، ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلمايسىلەر.

سىلەر ...م كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچىسىلەر، لېكىن ئۆزۈڭلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تۈزەتمەيسىلەر.

سىلەر ھەر كۈنى ئاللاھنىڭ نېئمىتىنى يەيسىلەر. لېكىن، تەشەككۈر ئېيتمايسىلەر.

سىلەر دائىم مېيىتنى دەپنە قىلىسىلەر. لېكىن، سىلەر ئۆزۈڭلار ئىبرەت ئالمايسىلەر.

27- پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

ئاللاھنىڭ ئەر ـ ئايال بەندىلىرى ئىچىدىن كىمكى ئەرەفات تېغىدا كېچىسى تۆۋەندىكى ئون جۈملە دۇئانى 1000 قېتىم ئوقۇسا، تىلىكى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدۇ. پەقەت گۇناھ قىلغان ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقان مۇناسىۋىتىنى بۇزغانلار بۇنىڭ سىرتىدا:

پەرۋەردىگارىمنى پاك، يۈكسەك دەپ مەدھىيىلەيمەن. ئەرشىئەلانىڭ ئۈستىدە.

پەرۋەردىگارىمنى پاك يۈكسەك دەپ مەدھىيىلەيمەن، مۈلكى ـ سەلتەنەتى زېمىندا.

پەرۋەردىگارىمنى پاك يۈكسەك دەپ مەدھىيىلەيمەن، يولى قۇرۇقلۇقتا.

پەرۋەردىگارىمنى پاك يۇكسەك دەپ مەدھىيىلەيمەن، روھى پەلەكتە.

پەرۋەردىگارىمنى پاك يۇكسەك دەپ مەدھىيىلەيمەن، هوقۇقى ئوت ئىچىدە.

پەرۋەردىگارىمنى پاك يۇكسەك دەپ مەدھىيىلەيمەن، بىلىمى بالىياتقۇ ئىچىدە.

پەرۋەردىگارىمنى پاك يۇكسەك دەپ مەدھىيىلەيمەن، ھۆكۈمى قەبرىدە.

پەرۋەردىگارىمنى پاك يۇكسەك دەپ مەدھىيىلەيمەن، ئاسماننى تۈۋرۈكسىز ياراتتى.

پەرۋەردىگارىمنى پاك يۇكسەك دەپ مەدھىيىلەيمەن، زېمىننى ياراتتى.

پەرۋەردىگارىمنى پاك يۇكسەك دەپ مەدھىيىلەيمەن، ئاللاھتىن باشقا پاناھ بەرگۈچى، نىجادلىق بەرگۈچى يوقتۇر.

28. بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ لەنەتكە ئۇچرىغان ئىبلىستىن سورىدى: «مېنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدە سېنىڭ قانچىلىك دوستۇڭ بار؟» ئىبلىس ئېيتتى: «سېنىڭ ئۇممىتىڭ ئىچىدە ئون تۈرلۈك ئادەم مېنىڭ دوستلىرىمدۇر. مۇستەبىت ئەمەلدار، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچى، پۇلنى تېپىش ۋە ئىشلىتىش يولىغا دىققەت قىلمايدىغان باي، ئەمەلدارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى تۇرمايلا قالماستىن يەنە ئۇنى قوللاپ بېرىدىغان دىنىي ئۆلىما، ئىشەنچىگە يارىمايدىغان سودىگەر، بېسىمدار تىجارەتچى، پاھىشىۋاز، جازانە بىلەن شۇغۇللانغۇچى، قانداق پۇل يىغسا ھالال بولىدىغانلىقىنى ئويلىمايدىغان، پىخسىق ۋە دائىم ھاراق ئىچىدىغانلار» . ئىبلىسنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ رەسۇلۇللاھ

يەنە سورىدى. مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە سېنىڭ قانچىلىك دۈشمىنىڭ بار؟، ئىبلىس جاۋاب بەردى، 20 تۈرلۈك ئادەم مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر

1) ئى مۇھەممەد، سەن ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى.

2) ئىلمىگە ئەمەل قىلغۇچى ئالىم.

3) «قۇرئان»غا ئەمەل قىلغۇچى قارىي.

4) بەش ۋاقىت ئەزان توۋلىغۇچى.

5) نامرات، مىسكىن ۋە يېتىملەرنى ياقتۇرغۇچى.

6) دىلى ئۈزۈك ئادەم.

7) ھەقىقەت ئۈچۈن تىز پۈككۈچى.

8) ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە ئۆسكەن ياش.

9) ھالال يېمەكلىكلەرنى يەيدىغان ئادەم.

10) ئاللاھ ئۈچۈن دوستلىشىدىغان ئىككى ياش.

11) جامائەت نامىزىغا قاتنىشىشقا ئىنتىزار ئادەم.

12) كېچىدە خەلق ئۇخلاۋاتقاندا ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى ئادەم .

13) ھارامدىن يىراق يۈرگۈچى.

14) ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسقۇچى (يەنە بىر رىۋايەتتە، دىنىي قېرىندىشىغا بەخت تىلەپ، دىلىدا شەخسىيەتچىلىك قىلمايدىغان كىشى)

15) ئۇزۇن مەزگىل تاھارەت بىلەن يۈرگەن كىشى.

16) سېخىي

17) مىجەزى سالىھ ئادەم.

18) ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قەتئىي ئىشەنگۈچى.

19) تۇل ئاياللارغا ياخشىلىق قىلغۇچى

20) ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلغۇچى.

29- ۋەھبە ئىبنى مۇنەببەھ ئېيتىدۇ:

«تەۋرات»تا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

بۇ دۇنيالىقتا ئاخىرەتكە تەييارلىق قىلغۇچى، قىيامەتتە ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ئېرىشىدۇ.

غەزەپنى تەرك قىلغۇچى ئاللاھنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىدۇ.

دۇنيانىڭ ھەۋىسىنى تەرك ئەتكۈچى ئاخىرەتتە جازاغا ئۇچرىمايدۇ.

ھەسەتنى تاشلىغۇچى ئاخىرەتتە جامائەتنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىدۇ.

ئەمەلدارلىق ئارزۇسىنى تاشلىغۇچى قىيامەتتە يۈكسەك، ئالەملەرنىڭ خوجىسى بولغان ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىدۇ.

ناھەق ئىشلارنى تەرك ئەتكۈچى قەلبى سۆزۈك ھەم دىيانەتلىكلەر قاتارىدىن بولىدۇ.

بۇ دۇنيالىقتا جەڭگى ـ جېدەلدىن خالىي بولغان ئادەم قىيامەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

بۇ دۇنيالىقتا بېخىللىقنى تەرك ئەتكۈچى ئاخىرەتتە جامائەتنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىدۇ. بۇ دۇنيالىقتا ئويۇن ـ تاماشا بىكارچىلىقنى تاشلىغۇچى ئاخىرەتتە چەكسىز رەھمەتكە ئېرىشىدۇ.

بۇ دۇنيالىقتا ھارام ئىشلاردىن ساقلانغۇچى ئاخىرەتتە پەيغەمبەرلەرگە يېقىن بولىدۇ.

بۇ دۇنيالىقتا ھارامغا قارىمىغان ئادەم، ئاخىرەتتە پەرۋەردىگار ئۇنى رازى قىلىدۇ.

بۇ دۇنيالىقتا بايلىقنى سەدىقە قىلىپ ئامراتلىقنى تاللىغۇچى، ئاخىرەتتە پەرۋەردىگار ئۇنى باي ۋە پەيغەمبەرلەر قاتارىدىن قىلىدۇ.

بۇ دۇنيالىقتا كىشىلەرنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىغۇچى، ئاخىرەتتە ۋە دۇنيالىقتا بولغان تەلەپلىرىنى خۇدا ئۈنىڭغا ھەل قىلىپ بېرىدۇ.

قەبرىدە خاتىرجەم ملىك بولۇشنى ئويلىغۇچى، ئۇ كېچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇسۇن.

مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئەرش سايىسىدىكى ھىمايىسىگە ئېرىشىشنى ئويلىغۇچى تەقۋا بولسۇن.

ئۆزىنىڭ ھېسابىنىڭ ئاسانراق بولۇشىنى ئويلىغۇچى ئۇ ئۆزگە ۋە تۇغقىنىغا نەسىھەت قىلسۇن.

پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزىنى زىيارەت قىلىشنى ئارزۇ قىلغۇچى ئالدى بىلەن ئۆزى بىر تەقۋادا بولۇشى كېرەك.

راھەتلىك جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇ قىلغۇچى ھەر ۋاقىت ئاللاھنى ئەسلىسۇن.

ھېساب ئېلىنماي جەننەتكە كىرمەك بولغانلار ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا توۋا قىلسۇن!.

بىر بايۋەچچە بولۇشنى ئويلىغۇچى ئاللاھنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولسۇن.

ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان قانۇنشۇناس ئالىم بولۇشنى ئارزۇ قىلغۇچى چوقۇم ئاللاھتىن قورقۇشى كېرەك.

بىر ئەقىل ساھىبى بولماقچى بولغانلار ئالدى بىلەن بىر ئالىم بولسۇن.

كىشىلەرنىڭ ئاۋارچىلىقىدىن ساقلىناي دېگەن ئادەم باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئەستە تۇتسۇن، ئۆزىنىڭ نېمىدىن يارىتىلغانلىقىنى ئويلىسۇن. نېمە ئۈچۈن يارىتىلدى؟

دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شەرەپ ئىزلىگۈچى. دۇنيالىقنى ئاخىرەتتىن تۆۋەن كۆرۈشى كېرەك.

فىردەۋس، نەئىم ئىسىملىك جەننەتتە مەڭگۈلۈك راھەتكە ئېرىشىشنى ئويلىغۇچى ئۇنداقتا بۇزۇق دۇنيادا ھاياتنى ئىسراپ قىلمىسۇن.

دۇنيانىڭ جەننىتى ۋە ئاخىرەتنىڭ جەننىتىگە ئېرىشمەكچى بولغانلار سېخىي بولۇشى كېرەك. چۈنكى، سېخىيلار جەننەتكە يېقىنلاشقۇچى دوزاختىن ساقلانغۇچىدۇر.

كۈچلۈك يورۇقلۇق بىلەن ئۆز قەلبىنى يورۇتماقچى بولغانلار چوڭقۇر پىكىرگە كىرىشى كېرەك.

جاپاغا چىدامچان بەدىنى بولۇشنى ئويلىغۇچى ئاللاھنى زىكرى قىلىدىغان تىلى ۋە ئاللاھتىن قورقىدىغان دىلى بولۇشى، مۆئمىن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھىنى ئاللاھتىن تىلەپ دۇئا قىلىشى كېرەك.

بارلىق مەدھىيە ئاللاھقا خاستۇر. پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بۈيۈك ئاللاھدۇر.

## ھەدىسلەردىن تاللانمىلار

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. «تۈرلۈك بالايىئاپەتلەر قاپقاراڭغۇ كېچىلەردە بىر پارچىدىن — بىر پارچىدىن يېقىنلاپ كېلىدۇ.»

مەن سورىدىم:

— يا رەسۇلۇللاھ ئۇ بالا - قازادىن قۇتۇلۇشنىڭ چىقىش يولى بارمۇ؟ پەيغەمبىرىمىز جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «بارچە ئازابتىن ساقلىنىشنىڭ چىقىش يولى — ئۇلۇغ قۇرئاندۇر. چۈنكى، قۇرئاندا ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرنىڭ تارىخى بولۇپلا قالماستىن، يەنە كېيىنكىلەر توغرىلىقمۇ ئۇچۇرلار بار.

قۇرئان — سىلەرنىڭ ناراگلاردا ھەق ـ ناھەقنى ئايرىغۇچى دەستۇردۇر.

ئۇ شۇنداق دەستۇركى، يالغان ساختىدىن خالىي.

قۇرئاندىن ئايرىلىپ قالغۇچى، ئۆز ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ئۇنى ئاللاھ خارلايدۇ.

قۇرئاندىن ئايرىلىپ ھەقىقەتنى ئىزدىگۈچىنى ئاللاھ ئازدۇرۇۋېتىدۇ. قۇرئان — ئاللاھنىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسى، پارلاق يولىدۇر. دانالارچە پەند ـ نەسىھەتتۇر. ساغلام، پارلاق يولدۇر.

ئۇ شۇنداق دەستۇركى، بۇرمىلىنىپ كېتىش بىلەن ساپلىقى يوقالمايدۇ. ئۇ نەچچە مىڭ ئىبارىلەر بىلەن ئۆزگەرتىلىشتىن بۇزۇلمايدۇ. ئۇ بەس ـ مۇنازىرە بىلەن كەمىستىلمەيدۇ. ئالىملار قۇرئان بىلىمگە قانمايدۇ، تەقۋادارلار ئۇنىڭدىن بىزار بولمايدۇ. قايتا ـ قايتا ئوقۇش بىلەن كونىراپ كەتمەيدۇ، ۋەقەلىرى مەڭگۇ تۈگىمەيدۇ.

ئۇ شۇنداق دەستۇركى، جىنلار بۇنى ئاگلاپ: ﴿بىز ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ئاگلىدۇق﴾ دەۋەتكەن.

كىمكى قۇرئاننى ئۆگەنسە، ئۇستۇنلۇك قازىنىدۇ. كىمكى قۇرئان بىلەن سۆزلىسە راستچىل بولىدۇ. كىمكى قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلسا ھەققانىيەتچى ئادىل بولىدۇ. كىمكى قۇرئانغا ئەمەل قىلسا پايدا تاپىدۇ. كىمكى قۇرئان تەرەپكە چاقىرسا توغرا يولدا ماگغان بولىدۇ.»
(تىرمىزى توپلىغان)

مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم. پەرۋەردىگارىم ماگا تەربىيە بېرىدۇ. ئۇنداقتا، مەن تەربىيىنى تېخىمۇ ياخشى قىلىشىم كېرەك. (ئىبنى سىمئانى سىرەتۇ توپلىغان)

ئاللاھ ھايالىق — سىلىق بايىنى ياخشى كۆرىدۇ، پەسكەش، بەك ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇۋالىدىغان سائىلنى يامان كۆرىدۇ.

ئاللاھ ئۆزى ئۈچۈن بۇ دىننى تاللىدى، دىنىڭلارغا پەقەت سېخىيلىق ۋە ياخشى ئەخلاقلا ماسلىشىدۇ، سىلەر چوقۇم بۇ ئىككى خىل خىسلەت بىلەن دىنىڭلارنى بېزەڭلار. (تىبرانىي، سۇيۇتى توپلىغان)

بىلىم پەقەت ئۆگىنىش بىلەن ھەل بولىدۇ، ئەقىللىق پەقەت سەۋر بىلەنلا يېتىلىپ چىقىدۇ. (دارىقۇتنى، خەتىيب توپلىغان)

سىلەر بىلىمگە ئىنتىلىڭلار، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىلىڭلار سىلىق، مۇلايىم بولسۇن. ئۇستاز ياكى ئوقۇغۇچىغا نىسبەتەن سالاپەتلىك بولۇشۇڭلار كېرەك. سىلەر ھەرگىز زالىم ئالىم بولۇپ قالماڭلار، بولمىسا سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى بىر قىسىم جاھىللار سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار بولۇپ قالىدۇ. (دەيلىمى توپلىغان)

نادانغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىگە قارىتا ئۆگەنمەسلىك توغرا ئەمەس، ئالىملار ئۆزىنىڭ بىلىمىنى تارقاتماسلىقى توغرا ئەمەس. (تىبرانىي، ئىبنى مەۋدۇدى، ئىبنى سىنا، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان)

قىيامەت يېقىنلاشقاندا بىر قىسىم نادان ئابىد ھەم بىر قىسىم پاسىق قارىيلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. (ئەبۇ نۇئەيىم، ھاكىم توپلىغان)

بۆشۈكتىن قەبرىگىچە ئىلىم ئۆگىنىڭلار. (ھاجى خەلىفە توپلىغان)

غەزالىي

# ئەي بالام

# ئەي بالام

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن (باشلايمەن).

## مۇقەددىمە

پارلاق ھەمدۇ سانا پۈتكۈل كائىناتنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر. ياخشى تىلەك ۋە سالاملىرىمىز ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ھەممىسىگە بولغاي!

مەلۇم بولغايكى، بۇرۇنقى تالىپلاردىن بىرى ئىمام ئەبۇ ھامىد ئىبنى مۇھەممەد غەزالى(ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھىم قىلغاي)نىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، بۇ كىشىدىن ئىلىم تەھسىل قىلغان ئىدى. ھەمدە ئىنچىكە ئىلىملارنى تولۇق ئۆگىنىپ، پىشىخىك پەزىلەتلەرنى تولۇق ۋايىغا يەتكۈزگەن ئىدى. كېيىنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆز ھالى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ خىيالىدىن مۇنۇلار كېچىپ دېدىكى: مەن خىلمۇ خىل ئىلىملارنى ئوقۇدۇم. ھاياتىمدىكى ئەڭ ئېسىل چاغلارنى ئىلىم ئۆگىنىش ۋە توپلاشقا سەرپ قىلدىم. ئەمدى مەن مۇشۇ ئىلىملارنىڭ قايسى خىلى ماڭا كېلەچەكتە مەنپەئەت بېرىپ، قەبرىدە مەن بىلەن ھەمراھ بولىدۇ؛ قايسىسى ماڭا مەنپەئەت بەرمەيدۇ،

دېگەنلەرنى بىلىشىم، (مەنپەئەتسىز ئىلىمنى) تاشلىشىم لازىم. رەسۇلۇللاھ شۇنداق دېگەنكى: «ئى ئاللاھ، مەن سېنىڭ ھەققى ھۆرمىتىڭ بىلەن مەنپەئەتسىز ئىلىمدىن، قورقماس قەلبتىن، تويماس نەپستىن، ئىجابەت بولماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن» (جامىئۇتتىرمىزىي، سۈنەنۇننەسەئىي، سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد، سۈنەنۇ ئىبنى ماجە، مۇسنەدۇ ئەھمەد تىن). ئۇ مۇشۇ ئوي بىلەن ئاخىرى ئەبۇ ھامىد ئىبنى مۇھەممەد تىن مەسلىھەت سوراپ خەت يازغان. ئۇ كىشىدىن بىر نەچچە خىل مەسىلە سورىغان ھەمدە نەسىھەت ۋە دۇئا تەلەپ قىلىپ مۇنداق دېگەن: گەرچە ئۇستازنىڭ «دىنىي بىلىملەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىتابلىرى مەن ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ مەقسىتىم ئۇستاز ماڭا لازىملىق نەرسىلەرنى بىر نەچچە بەت قىلىپ يېزىپ بەرسە، مەن ئۇنى ئۆمۈر بويى ساقلاپ تاكى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ ئۆتسەم، دېگەندىن ئىبارەت.

شۇنىڭ بىلەن شەيخ ئەبۇ ھامىد ئىبنى مۇھەممەد ئۇنىڭغا جاۋابەن بۇ رىسالىنى يازغان. ئاللاھ ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

## 1. نەسىھەت ھەققىدە چۈشەنچە

ئەي قەدىرلىك بالام، بىلگىنكى، ئومۇمەن نەسىھەت رىسالەتىنىڭ نى بولغان ھەدىستىن يېزىلىدۇ. ساڭا شۇ كاتىدىن نەسىھەت يەتكەن بولسا، مېنىڭ ساڭا نەسىھەت قىلىپ يۇرۇشۇمنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئەگەر يەتمىگەن بولسا، ماڭا دېگىنكى سەن ئۆتكەن يىللاردا (بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ھاياتىڭدا) نېمىنى تەھسىل قىلدىڭ؟.

## 2. ۋاقىتنى قەدىرلەش ھەققىدە

ئەي بالام، رەسۇلۇللاھ ئۇممىتىگە قىلغان نەسىھەتلەر ئىچىدە مۇنداق بىر سۆزى بار: «ئىنساننىڭ ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئۇ ئىنساندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بىر ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى نىشانى بولغان ئىبادەتتىن تاشقىرى غەيرىي ئىش بىلەن بىر سائەت ۋاقتىنىڭ ئۆتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇزۇن ھەسرەتتە مۇپتىلا بولۇشىغا يېتەرلىكتۇر. بىر ئادەمنىڭ قىرىق ياشتىن ھالقىپمۇ ياخشىلىقى يامانلىقىدىن غالىب كېلەلمىسە، ئۇ دوزاخقا تەييارلىق قىلسۇن» (مەجمەئۇلخەتىب، مەجمەئۇئەبىل فەتھىل ئەزدىي ۋە ئەددۇررۇل مەنسۇر فىتتەفسىرىلمەئسۇرلىسسۇيۇتىدىن). مانا بۇ نەسىھەت بىلىم ئىگىلىرىگە كۇپايىدۇر.

# 3. نەسىھەتنىڭ كىشىلەرگە ئېغىر كېلىدىغانلىقى ھەققىدە

ئەي بالام، نەسىھەت قىلىش ئاسان، ئۇنى قوبۇل قىلىش قىيىندۇر. چۈنكى، نەسىھەت ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلگۈچىلەرنىڭ تەم سەزگۈسىگە ناھايىتى ئاچچىق تېتىيدۇ. چۈنكى، يامان ئىشلار يولىنىڭ قەلبلىرىدە سۆيۈملۈكتۇر. خۇسۇسەن رەسمىيەت يۈزىسىدىن ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار ۋە ئۆز نەپسىنىڭ پەزىلىتى ۋە دۇنيا پەزىلەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. بۇنداق ئادەملەر نوقۇل ئىلىمنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ قۇتۇلدۇرغۇچىسى ۋە نىجاتلىقى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنىڭ كېرىكى يوق، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. مانا بۇ (قۇرۇق گەپ ساتىدىغان) پەيلاسوپلارنىڭ كۆز قارىشى. تۇۋا دېگۈلۈك! بۇ بىچارە بايقۇش ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسا ئىلىمنىڭ ئۆزىگە زىيان كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلمىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇكى: «قىيامەت كۈنى ئەڭ ئەشەددىي ئازاب قىلىنىدىغان كىشى ئۆزىنىڭ ئىلمىدىن مەنپەئەتلىنەلمىگەن (باشقىلارنى مەنپەئەتلەندۈرمىگەن) ئالىمدۇر» (مۇنجە مۇتتەبرانىي، سۇنەنۇلبەيھەقىيدىن).

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، جۇنەيد باغدادى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بىراۋ چۈشىدە كۆرۈپ ئۇنىڭغا دېگەنكى: ئەي جۇنەيد، ئەھۋالىڭ قانداق؟ جۇنەيد مۇنداق دېگەن: ھېلىقى (ئۆگەنگەن) ئىبارىلەر تىلىدىن قاچتى، ھېلىقى ئىشارىلار ھەم يوقالدى. بىزگە مەنپەئەت بەرگىنى پەقەت بىز يېرىم كېچىلەردە ئوقۇغان بىر نەچچە رەكەت نامازلا بولۇپ قالدى.

## 4. ئەمەلسىز ئىلىمنىڭ ئەسقاتمايدىغانلىقى

**ھەققىدە**

ئەي بالام، ئەمەلگە سۈس قارىمىغىن. ئەتراپىتىكى ئەھۋاللاردىن قۇرۇق قالمىغىن. شۇنىڭغا ھەقىقىي ئىشەنگىنكى، يالغۇز ئىلىملا ئادەمنى يېتەكلىيەلمەيدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر جاڭگالدىكى بىر ئادەمدە ئون دانە ھىندى قىلىچى ۋە باشقا قوراللار بار ئىكەن. ئۇ ئادەم ھەم باتۇر، جەڭ قىلىپ كۆرگەن ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭغا ناھايىتى زور، ھەيۋەتلىك بىر شىر ھۇجۇم قىلىپتۇ. قانداق ئويلايسەن؟ قورالنى ئىشلىتىپ زەربە بەرسە، ھېلىقى قوراللار شىرنىڭ يامانلىقىنى ئۇنىڭدىن توسۇپ قالالامدۇ؟ مەلۇمكى شىرنى پەقەت ھەرىكەتلىنىش ۋە ئۇرۇش بىلەنلا توسقىلى بولىدۇ. ئەنە شۇنىڭدەك بىر ئادەم يۈز مىڭ ئىلمىي مەسىلىنى ئوقۇپ تۆگىتىۋەتسۇن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسا پايدىسى يوق. يەنە بىر مىسال. بىر ئادەمدە تەن ھارارىتى ۋە سەپرا يۇقىرىلاش كېسىلى كۆرۈلسە، ئۇنى پەقەت سىركەنجۇبىل ۋە كەشكاب (ئارپا ئۇنىدىن ياسالغان دورا) بىلەنلا داۋالىغىلى بولىدۇ. تەن ساقلىق پەقەت مۇشۇ ئىككى خىل دورىنى ئىشلەتكەندىن كېيىن ئاندىن قولغا كېلىدۇ.

ئىككى مىڭ كىلو ھاراق ئۆلچىسەڭ،
مەست بولمايسەن ئەگەر ئۇنى ئىچمىسەڭ.

يۈز يىل بىلىم ئوقۇپ مىڭ كىتاب توپلىساڭمۇ ئەمەل قىلماي تەگرىنىڭ رەھمىتىگە نائىل بولالمايسەن. چۈنكى، قۇرئان كەرىمدە،

﴿ئىنسـان پـەقەت ئۆزىنىـڭ تىرىشـقىنىنىڭ نەتىجىسـىنى كۆرىـدۇ﴾ (سـۈرە نـەجم 39 ــ ئايـەت)، ﴿... كىمكـى پەرۋەردىگـارىغا مۇلاقـەت بولۇشـنى ئۈمىـد قىلىدىكـەن (سـاۋابىنى ئۈمىـد قىلىـپ، ئازابىدىن قورقىدىكـــەن)، ياخشـــى ئەمـــەل قىلســـۇن...﴾ (ســـۈرە كـەھف 110 ــ ئايەت)، ﴿... ئۇلار قىلمىشلىرىغا يارىشا جازالىنىدۇ﴾ (سۈرە تەۋبـە 82 ــ ئايـەت)، ﴿شۈبھىسـىزكى، ئىمـان ئېيتقـان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ. ئۇلار فىردەۋس جەننەتلىرىدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنى خالىمايـدۇ﴾ (سۈرە كـەھف 107 ــ 108- ئايەتلـەر)، ﴿... (ئىلگىرىكى گـۇناھلىرىغا) تەۋبـە قىلغـان، ئىمـان ئېيتقـان ۋە ياخشـى ئەمەللەرنى قىلغانلار جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىدىن) ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ﴾ (سۈرە مەريەم 60 ــ ئايەت).

سەن پـەيغەمبىرىمىزنىڭ: «ئىسـلام دىنـى دېگـەن بىـر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزان تۇتۇش، يول جەھەتتـە قـادىر بولالىغانلارغـا بەيتـۇللاھنى ھـەج تـاۋاب قىلىشتىن ئىبـارەت بـەش ئاسـاس ئۈستىگـە قـۇرۇلغان» (سـەھىھۇلبۇخارىي، سەھىھۇلمۇسلىم، جامىئۇتتىرمىزىي، سۇنەنۇننەسەئىي ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەد تىن) دېگەن سۆزىگە نېمە دەيسەن؟

ئىمان دېگەن تىل بىلەن سۆزلەش، قەلب بىلەن تەستىق قىلىش ۋە ئـەركان(پـەرز) لارنـى ئورۇنلاشـتۇر. ئەمـەل ھەققىـدىكى دەلىلسىز ھېسابسـىزدۇر. گـەرچە بەنـدە جەننەتكـە ئاللاھنىـڭ مەرھەمىتى ۋە كەرىمى بىلەن يېتىشىـمۇ، لېكىن ئۆز تائـەت ــ ئىبادىتى ئارقىلىق سـالاھىيەت ھازىرلىغانـدىن كېـيىن يېتىشـىدۇ. چۈنكـى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر. ئەگەر بىراۋ جەننەتكە پەقەت ئىمان بىلەنلا يېتىدۇ دېسە، بىز ئېيتىمىزكى، شۇنداق، ئېيتقىن

قاچان يېتىدۇ؟ ئۇ جەننەتكە يەتكۈچە نۇرغۇن ئەگرى ـ توقاي مۇساپىلار باردە! بۇ مۇساپىلەرنىڭ بىرىنچىسى ئىمان مۇساپىسى. ئىمانىنىڭ شەيتان تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىشىدىن قۇتۇلالامدۇ يوق؟ جەننەتكە يېتىش جەريانىدا ئۆزىنى يوقاتقان يوقسۇل بولۇپ قالامدۇ يوق؟

ھەسەن بەسرى مۇنداق دېگەن: ئاللاھ قىيامەت كۈنى بەندىلىرىگە: بەندىلىرىم مېنىڭ رەھمىتىم بىلەن جەننەتكە كىرىڭلار. ئۇنى ئەمەللىرىڭلارغا بېقىپ بۆلىشىۋېلىڭلار، دەيدۇ.

## 5. ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇش ھەققىدە

ئەي بالام، ئەمەل قىلماي ساۋاب يوق. ھېكايەت قىلىنىشىچە: بەنى ئىسرائىلدىن بىر ئادەم ئاللاھقا يەتمىش يىل ئىبادەت قىلغانىكەن. ئاللاھ ئۇنى پەرىشتىلەرگە نامايان قىلماقچى بولۇپ ئۇ كىشىگە بىر پەرىشتىنى: «ئۇ شۇنچە ئەمەللىرى بىلەنمۇ جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولالمايدۇ» دەپ خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ. پەرىشتە ئۇنىڭغا خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەندە ئۇ ئادەم دەپتۇكى: بىز ئىبادەت ئۈچۈن يارىتىلغانمىز، ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك. پەرىشتە قايتىپ ئاللاھقا دەپتۇكى: ئى تەڭرىم، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئۆزۈڭ ئوبدان بىلىسەن. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئېيتىپتۇ: «ئۇ بىزنىڭ ئىبادىتىمىزدىن يۈز ئۆرۈمىگەن ئىكەن، بىز ئۆز مەرھەمىتىمىز بىلەن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەيمىز. پەرىشتىلىرىم گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن ئۇنى مەغپىرەت قىلدىم».

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ھېساب ئېلىنىشتىن ئاۋۋال ئۆزۈڭلاردىن ھېساب ئېلىڭلار، ئۆلچىنىشتىن ئاۋۋال ئەمەللىرىڭلارنى دەڭسەپ كۆرۈڭلار.» دېگەن (جامىئۇت تىرمىزىيدىن).

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كىمكى ئەمەل قىلماي نىشانغا يېتىمەن دېسە، ئۇ قۇرۇق ئارزۇنى كۆپ قىلىدىغان ئادەم. كىمكى ئۆزىنى ئەمەل بىلەنلا نىشانغا يېتىمەن، دەپ ئويلىسا ئۇ ئۆزىدىن قاناتلىنىپ قالىدىغان (ئاللاھنىڭ رىزاسىنى ئىزدىمەيدىغان) ئادەمدۇر.

ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: ئەمەلسىز جەننەت تەلەپ قىلىش مەلۇم ئۇقتىسىدىن گۇناھدۇر. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتنىڭ بەلگىسى ۋۇجۇدقا چىقمايدىغان ئىشنى مۇلاھىزە قىلىشنى تەرك ئېتىشتۇر. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «زېرەك دېگەن — ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرغان، ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان ئادەمدۇر. ئەخمەق دېگەن — ئۆز كۆڭۈل خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئارزۇلا قىلغان ئادەمدۇر.» (جامىئۇتتىرمىزىي ۋە سۇنەنۇ ئىبنى ماجەدىن).

## 6. ئىلىم ئۆگىنىشتە نىيەتنى توغرىلاش ھەققىدە

ئەي بالام، ئىلىم تەكرار قىلىش ۋە كىتاب مۇتالىئە قىلىش بىلەن قانچە كېچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ ئۆزۈڭنى ئۇيقۇدىن مەھرۇم قىلدىڭ؟ مەن بۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئەگەر شۇ قىلغانلىرىڭ دۇنيالىققا ئېرىشىش، شۇ پۈچەك نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەنسەپكە ئېرىشىش، تەڭتۇشلىرىڭغا كۆز – كۆز قىلىش ئۈچۈن بولغان بولسا، سېنىڭ ھالىڭغا تەكرار – تەكرار ۋاي! ئەگەر سېنىڭ مەقسىتىڭ پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىنى تىرىلدۈرۈش، ئەخلاقىي يۈكسىلىش، يامانلىقنى كۆپ بۇيرۇيدىغان نەپسىڭنى باش ئەگدۈرۈش بولغان بولسا، ساڭا تەكرار – تەكرار مۇبارەك بولسۇن. شائىر راست ئېيتىدۇ.

رىزالىقىڭ كۆزلىمىگەن كۆز بىدارى ئەرزىمەس،
سېنى دېمەي يىغلاپ كېتىش باتىلدۇر بەس.

## 7. ھاياتلىق ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ئەي بالام، خالىغىنىڭچە ياشا، سەن چوقۇم ئۆلىسەن. خالىغىنىڭنى ياخشى كۆر، سەن چوقۇم ئۇنىڭدىن ئايرىلىسەن. خالىغىنىڭنى قىل، سەن چوقۇم قىلمىشىڭغا بېقىپ جازا – مۇكاپاتلىنىسەن.

## 8. ھەر قانداق ئىلىمنى ئۆگىنىشتە ھەق رىزالىقىنى ئىزدەش لازىملىقى ھەققىدە

ئەي بالام، ھەق رىزاسىنى كۆزلىمەي تۇرۇپ ئىلمىي كالام، مۇنازىرە، تىبابەت، قانۇنچىلىق، شېئىرىيەت، ئاسترونومىيە، قاپىيە، گىرامماتىكا، مورفولوگىيە قاتارلىقلارنى تەھسىل قىلىشتىن ساڭا نېمە پايدا بار؟ مەن ئىنجىلدا شۇنداق كۆرگەنمەن. مېيىت جىنازىگە قويۇلغان شۇ سائەتتىن باشلاپ قەبرىنىڭ لېۋىگە قويۇلغۇچە ئاللاھ ئۆز بۈيۈكلۈكى بىلەن ئۇنىڭدىن قىرىق سوئالنى سورايدۇ. بىرىنچى سوئالدا ئېيتىدۇ: «ئى بەندەم، سەن مەخلۇق كۆرىدىغان مەنزىرىنى نەچچە يىل پاكىز تۇتتۇڭ، مەن كۆرىدىغان مەنزىرىنى پاكىز تۇتمىدىڭ. ھەر كۈنى سېنىڭ قەلبىڭگە قاراپ ئېيتىدۇ: سەن مەن بېغىشلىغان خەيرىيەت بىلەن ئورالغان تۇرۇپ غەيرىيلەر ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىۋاتىسەن؟ سەن بىر گاسسەنكى ئاڭلىمايسەن!»

## 9. بىلگىنىگە ئەمەل قىلىش ھەققىدە

ئەي بالام، ئەمەلىي بولمىغان ئىلىم ساراڭلىقتۇر، بىلىمى بولمىغان ئەمەل ھەم كارغا كەلمەس. بىلىپ قالغىنكى، سېنى خاتا ئىشلاردىن توسۇپ، ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە ئۈندىمەيدىغان ئىلىم سېنى جەھەننەم ئوتىدىن يىراق قىلالمايدۇ. بۈگۈن بىلگىنىڭگە ئەمەل قىلمىساڭ، ئۆتكەن كۈنۈڭنى ھەم بايقاپ يەتمىسەڭ قىيامەتتە: ﴿ئى ئاللاھ، بىزنى دۇنياغا قايتۇرغىن، بىز ياخشى ئەمەل قىلايلى﴾، دەيسەن. ساڭا: «ئەي ئەخمەق، سەن بۇ يەرگە قەيەردىن كەلدىڭ!» دېيىلىدۇ.

# 10. كەلگۈسىگە تەييارلىق قىلىش ھەققىدە

ئەي بالام، ھەممەتنى روھقا، شىكەستىلىكنى نەپسىگە، ئۆلۈمنى تەنگە ئورۇنلاشتۇر. چۈنكى، سېنىڭ بارار جايىڭ قەبرە. قەبرىدىكىلەر ھەر قاچان كېلىدىغانلىقىڭغا ئىنتىزاردۇر. ئۇلارنىڭ قېشىغا ئوزۇقسىز بېرىپ قېلىشتىن ساقلان. ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بۇ تەن قۇشلارنىڭ قەپىزى ياكى ھايۋانلارنىڭ ئېغىلىدۇر. سەن ئۆزۈڭنىڭ قايسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىڭنى ئويلان. ئەگەر ئۈستۈنكە تەۋە قۇشلاردىن بولساڭ ﴿(ئى نەپس) پەرۋەردىگارىڭ تەرەپكە قايتقىن﴾ دېگەن ناغرا ساداسىنى ئاڭلاپ جەننەتنىڭ ئالىي قەسىرلىرىدە ئولتۇرغانغا قەدەر يۇقىرىغا پەرۋاز قىلىسەن. رەسۇلۇللاھ شۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ ئەرشى سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆلۈمى تۈپەيلى لەرزىگە كەلدى» (سەھىھۇلبۇخارىي، سەھىھۇلمۇسلىم، جامىئۇتتىرمىزىي، سۇنەنۇ ئىبنى ماجە ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەد تىن). ئاللاھ ساقلىسۇنكى، ئەگەر چارۋىلار تۈركۈمىدىن بولساڭ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ھايۋانغا ئوخشايدۇ. بەلكى ئۇلار ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئازغۇن﴾ (سۈرە ئەئراف 179 ـ ئايەت). بۇ دۇنيانىڭ قايسىبىر بۇلۇڭ ـ پۇچقىقىدىن دوزاخنىڭ قەرىگە چۈشۈپ كېتىشىڭدىن ئەنسىزلىككە چۈك!

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەسەن بەسرىگە بىرى بىر قاچا سوغۇق سۇ بەرگەن ئىكەن. ئۇ زات قاچىنى قولىغا ئېلىپلا ھوشىدىن كېتىپ، قاچا قولىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە بىراۋ ئۇنىڭدىن:

ئـى ھەسـەن، نېمـە بولـدىڭىز؟ دەپ سـورىغان ئىكـەن ئـۇ. ئـەھلى دوزاخنىڭ ئەھلى جەننەتكە: ﴿بىزگە سۇ ياكى ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى قويۇپ بېرىڭلار﴾ (سۈرە ئەئراف 50 – ئايەت) دېگەن ۋاقتىدىكى ئارزۇسى يادىمغا كېلىپ قالدى، دېگەن ئىكەن.

# 11. ئەمەلىيەتنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى ھەققىدە

ئەي بالام، ئەگەر ئىلمىنىڭ ئۆزىلا ساڭا كۇپايە بولۇپ باشقا ئەمەلنىڭ كېرىكى بولمىسا، ھەدىس شەرىفتىكى ئاللاھنىڭ: «بىر نەرسە تىلەيدىغان ئادەم بارمۇ؟ ئىستىغفار تىلەيدىغان ئادەم بارمۇ؟ تەۋۋە قىلىدىغان ئادەم بارمۇ؟» (سەھىھۇلبۇخارىي ۋە سەھىھۇلمۇسلىمدىن) دېگەن سۆزلىرى پايدىسىز قۇرۇق گەپ بولۇپ قالغان بولاتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە: بىر بۆلەك ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرنىڭ نامىلىرىنى تىلغا ئېلىشقانىكەن، رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەپتۇكى: «ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ئادەم ھە، كاشكى كېچىسى ناماز ئوقۇغان بولسا» (سەھىھۇلبۇخارىي، سەھىھۇلمۇسلىم، جامىئۇتتىرمىزىي ۋە سۈنەنۇننەسەئىيدىن). يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلاردىن بىرىگە مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئى پالانچى، سەن كېچىسى كۆپ ئۇخلىما، كېچىسى كۆپ ئۇخلاش ئۇيقۇ ئىگىسىنى قىيامەت كۈنى يوقسۇل ھالدا قالدۇرىدۇ» دېگەن (سۈنەنۇ ئىبنى ماجەدىن).

## 12. سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇش ھەققىدە

ئەي بـالام، ﴿كېچـىـدە نەپلە بولسۇن ئۈچـۈن ئاللاھقـا تەھـەججۇد نامىزى ئوقۇغىن﴾ (سۈرە ئىسرا 79 ـ ئايـەت). بـۇ بـۇيرۇق، ﴿سـەھەر ۋاقىتلىرىـدا ئـۇلار مەغپىـرەت تەلـەپ قىلىـدۇ﴾ (سـۈرە زارىيـات 18 ـ ئايـەت) تەشـەككۇردۇر. ﴿مۆئمىنلـەر سـەھەرلەردە مەغپىـرەت تەلـەپ قىلغـۇچىلاردۇر﴾ (سـۈرە ئـال ئىمـران 18 ـ ئايـەت) نـى ئاللاھـدە تىلغا ئېلىشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنـداق دېگـەن: «ئـۈچ خىـل ئـاۋازنى ئاللاھ ياخشى كۆرىـدۇ. خورازنىڭ ئـاۋازى، قـۇرئان ئوقـۇغان كىشـىنىڭ ئاۋازى، سەھەرلەردە گۇناھىنىڭ مەغپىرىتىنى تىلىگۈچىنىڭ ئـاۋازى» (سۈنەنۇد دەيلىمىيدىن).

سـۈفيان سـەۋرى مۇنـداق دېگـەن: ئـاللاھ تائـالا سـەھەردە چىقىـدىغان بىـر شـامالنى ياراتقـان بولـۇپ، بـۇ شـامال زىكـرى ۋە ئىستىغفارنى ئاللاھ تەرەپكە يەتكۈزىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دېگـەن: كېچـە كىرىشـى بىلـەن ئەرشـىنىڭ ئاستىدىن بىـر ئـاۋاز: دىققـەت، ئابىـدلار قوپسۇن، دەپ نىدا قىلىدۇ. ئـۇلار قوپـۇپ سەھەرگىچە ناماز ئوقۇيـدۇ. سەھەر ۋاقتى بولغاندا بىر نىدا قىلغۇچى: دىققەت، مەغپىـرەت تەلـەپ قىلغۇچىلار قوپسۇن، دەيدۇ. ئـۇلار قوپـۇپ مەغپىـرەت تەلـەپ قىلىـدۇ. تاڭ يورۇغاندا بىر نىدا قىلغۇچى: دىققەت، بىخۇد، غاپىللار قوپسـۇن، دەيدۇ. ئۇلار كۆرپىلىرىدىن قەبرىدىن قوپقان ئۆلۈكتەك قوپۇشىدۇ.

## 13. لوقماننىڭ نەسىھىتى ھەققىدە

ئەي بالام، لوقمان ھەكىمنىڭ ئۆز ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتىدە بايان قىلىنىشىچە، ئۇ زات مۇنداق دېگەن: ئوغلۇم، خوراز سەندىن زېرەك بولۇپ قالمىسۇن، ئۇ سەھەردە چىللايدۇ. ھالبۇكى، سەن بۇ چاغدا ئۇخلاۋاتقان بولىسەن، تۆۋەندىكى شېئىرنىڭ شائىرى ناھايىتى توغرا ئېيتقان:

تۈن قوينىدا كەپتەرلەر سايرىغاندا قونداقتا،
مەن ئىدىمكى بۇ يەردە (شېرىن ئۇيقۇ) ئۇخلىغان
كاززاپكەنمەن، ئاشىقلىق داۋرىڭدا قەسەمكى،
ئاشىق بولسام بولاتتىم، كەپتەرلەردىن قالمىغان.
دەۋاپتىمەن ئۆزۈمچە ئىشقدارمەن رەببىمگە،
ھايۋان يىغلىغان يەردە ئۆزۈڭدەك يىغلىيالمىغان.

## 14. ئىلىمنىڭ ئاساسى ھەققىدە

ئەي بالام، ئىلىمنىڭ نېگىزى ئىتائەت ۋە ئىبادەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشتۇر. بىلگىنكى، تائەت — ئىبادەت دېمەك، بۇيرۇق ۋە چەكلىمىدە سۆز ۋە ھەرىكىتىمىز بىلەن شەرىئەتكە ئەگىشىش دېمەكتۇر. يەنى ھەر بىر دېگەن، قىلغان، قىلمىغانلىرىڭ شەرىئەت ئاساسىدا بولۇشتۇر. مەسىلەن، روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنى روزا تۇتساڭ ئاسىي گۇناھكار بولىسەن. ياكى بۇلاپ ئالغان كىيىمدە ناماز ئوقۇساڭ ھەم گۇناھكار بولىسەن.

# 15. نەپسنى كونترول قىلىش ھەققىدە

ئەي بالام، سۆز، ھەرىكىتىڭ شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. چۈنكى، شەرىئەتكە ئەگەشمىگەن بىلىم ۋە ئەمەل زالالەتتۇر. سەن سوپىزىمنىڭ تۇيۇق يول ۋە بالايىئاپەتلىرىگە ئالدانما. چۈنكى، بۇ يولدا مېڭىش تىرىشچانلىق، نەپس شەھۋىتى ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسنى رىيازەت قىلچى بىلەن قىرىش ئارقىلىق بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ سوپىزىمنىڭ بالايىئاپەت ۋە باتىللىرى بىلەن بولمايدۇ. بىلىپ قويغىنكى، گەپدانلىق غەپلەت ۋە شەھۋەتكە لىق تولغان قەلب بەختسىزلىكنىڭ بەلگىسى. ئەگەر نەپسىڭنى سەممىي تىرىشچانلىقىڭ ئارقىلىق ئۆلتۈرمىسەڭ قەلبىڭ ھەرگىزمۇ مەرىپەت نۇرى بىلەن تىرىلمەيدۇ. بىلگىنكى، سەن مەندىن سورىغان بىر بۆلۈك مەسىلىلەرگە يېزىق ۋە تىل ئارقىلىق مۇكەممەل جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ. سەن ئەمەلىيەتنى باشتىن كەچۈرگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلەيسەن. بۇ باشتىن كەچۈرمەي تۇرۇپ بىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، ئۇ ھېسسىي مەسىلە. ھېسسىي بولغان ھەرقانداق ئىشنى سۆز بىلەن ھەقىقىي تەسۋىرلىگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئاچچىق نەرسىنىڭ ئاچچىقى، تاتلىق نەرسىنىڭ تاتلىقلىقىنى پەقەت ھېس- تۇيغۇ بىلەنلا بىلگىلى بولىدۇ. ھېكايە قىلىنىشىچە، جىنسىي ئىقتىدارى چورتلا بولمىغان بىرى دوستىغا: سەن ماڭا ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەت لەززىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى دەپ بەرسەڭ، دەپ خەت يوللىغان ئىكەن. دوستى ئۇنىڭغا جاۋابەن: ئى دوستۇم، مەن سېنى

پەقەتلا جىنسىي ئىقتىدارى ئاجىز، باشقا مەسىلە يوق دەپ ئويلايتتىم. ئەمدى بىلدىمكى، سەن جىنسىي ئىقتىدارى ئاجىزلا ئەمەس ھەم ئەخمەق ئىكەنسەن. بۆنداق دۈشمەنىڭ سەۋەبى بۆ لەززەت سەزگۆدە بولىدۆكى، باشتىن كەچۆرسەڭ بىلىسەن. بولمىسا، ئۆنى سۆز ۋە خەت بىلەن تەسۋىرلەش مۆمكىن ئەمەس، دەپ نامە يوللاپتۆ.

## 11. ھەق يولىنى تۇتۇپ ماڭغۇچى ھەققىدە

سوئال: سەن سورىغان بىر قىسىم مەسىلىلەر، مۇشۇ تۈردىكى مەسىلىلەردۇر. جاۋاب بېرىشكە بولىدىغان يەنە بىر قىسىم مەسىلىلەرنى بىز «ئىھيائ» ۋە باشقا كىتابلاردا بايان قىلدۇق. بىز ئۇنىڭ بىر قىسمىنى قىستۇرما سۈپىتىدە بايان قىلىپ كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

ھەق يولىنى تۇتۇپ ماڭغۇچى مۇنداق تۆت ئىشنى قىلىشى لازىم:

1. بىدئەت قوشۇلمىغان ساغلام ئېتىقاد؛

2. قايتىلاپ قەتئىي خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان ھەقىقىي تەۋبە؛

3. دەۋاگەر ۋە ھەق ئىگىلىرىنى ھېچكىمنىڭ ئۈستىدە ھەققى قالمىغۇدەك دەرىجىدە رازى قىلىش؛

4. ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئادا قىلالىغۇدەك دەرىجىدە شەرىئەت ئىلمى، ئارقىدىن نىجاتلىققا ئېرىشكىلى بولغۇدەك باشقا ئىلىملارنى تەھسىل قىلىش.

ھېكايە قىلىنىشىچە، شەيخ شىبلى تۆت يۈز ئۇستازنىڭ خىزمىتىدە بولغانىكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن تۆت مىڭ ھەدىس ئوقۇدۇم. ئاندىن بىرلا ھەدىسنى تاللىۋېلىپ ئەمەل قىلدىم. باشقىسىنى قويۇپ قويدۇم. چۈنكى، مەن چىقىش يولۇم ۋە نىجاتلىقنى شۇ ھەدىستە كۆردۈم. بۇرۇنقىلار ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىلمىنى شۇ ھەدىس ئۆز ئىچىگە ئالغانىكەن. مەن شۇنىڭ بىلەنلا كۇپايىلەندىم. مەزكۇر ھەدىس بولسا، رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىنىڭ بىرىگە مۇنداق

دېگەن: «سەن بۇ دۇنيا ئۈچۈن دۇنيادا تۇرۇشۇڭغا يېقىپ ئىشلە. ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئۇ يەردە قېلىشىڭغا يېقىپ ئىشلە. ئاللاھ ئۈچۈن ئاللاھقا بولغان ئېھتىياجىڭغا يېقىپ ئىشلە. دوزاخ ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىلالايدىغان سەۋرىڭگە يېقىپ ئىشلە» (ئەلمەقسەدۇلئەرشەدۇدىن).

## 17. ھاتەمنىڭ نەسىھىتى ھەققىدە

ئەي بالام، بۇ ھەدىسنى بىلسەڭ، كۆپ ئىلىمگە ئېھتىياج يوق. باشقا ۋەقەلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ باقىن.

ھاتەم ئەسەم دېگەن كىشى شەقىق بەلخىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى ئىكەن. شەقىق بىر كۈنى ھاتەمدىن مۇنداق سوراپتۇ: سەن مەن بىلەن ئوتتۇز يىلدىن بىرى ھەمراھ بولدۇڭ. بۇ جەريانىدا نېمىگە ئېرىشتىڭ؟ ھاتەم جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ: مەن ئىلىمدىن سەككىز پايدىغا ئېرىشتىم. مۇشۇ ماڭا كۇپايە. چۈنكى، مەن مېنىڭ چىقىش يولۇم ۋە نىجادلىقىم مۇشۇ سەككىز پايدىدا، دەپ قارايمەن. شەقىق: ئۇ قايسى پايدا؟ دېگەن ئىكەن. ھاتەم مۇنداق دەپتۇ:

1. مەن خالايىققا قاراپ ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ مەھبۇبى، مەشۇقى بارلىقىنى، شۇنى ياخشى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ يۈرۈيدىغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ مەشۇقلارنىڭ بەزىسى ئۇ كىشىگە ئېغىر كېسەل بولغانغا قەدەر ھەمراھ بولسا، بەزىسى قەبرىنىڭ لېۋىگىچە ھەمراھ بولىدىكەن. ئارقىدىن قايتىپ كېتىپ ئۇنى يەككە ـ يېگانە قالدۇرۇپ قويىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇ كىشى بىلەن بىللە قەبرىگە كىرمەيدىكەن. مەن ئويلىدىمكى، ئىنساننىڭ ئەڭ ياخشى مەھبۇبى قەبرىگە بىللە كىرىپ بىرگە ھەمراھ بولىدىغىنى ئىكەن. مەن ئۇ مەھبۇبنىڭ ياخشى ئەمەل ئىكەنلىكىنى بايقاپ، قەبرەمدە ماڭا ھەمراھ، چىراغ بولسۇن، مېنى يېگانە تاشلاپ قويمىسۇن، دەپ ئۇيلاپ ئۇنى مەھبۇب قىلىۋالدىم.

2. مەن خالايىقنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدىغانلىقىنى، ئۆز نەپسىنىڭ مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە ئالدىرايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئاللاھنىڭ مۇنۇ: «پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا

(سوراققا تارتىلىشتىن) قورققىنىدىن، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ﴾ (سۈرە نازىئات 40، 41- ئايەتلەر) دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ قۇرئان ھەقىقەت، سادىق دېگەنلەرگە چىن ئىشىنىپ، ئۆز نەپسى خاھىشىمنىڭ ئەكسىدىكى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىدىم. نەپسىمگە قارشى تۇرۇشقا، ئۇنى ھاۋايى ـ ھەۋەستىن توسۇشقا يەك تۇردۇم. ئاخىر نەپسىم ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە بويسۇندى.

3. مەن ھەربىر ئىنسانىنىڭ پۇچەك مال ـ دۇنيا غەملەشكە يۈگرەيدىغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنى چىڭ سىقىمداپ تۇتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئاللاھنىڭ: ﴿سىلەردىكى تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ بولسا ئەبەدىي باقىيدۇر﴾ (سۈرە نەھل 56- ئايەت). دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ، دۇنيادىن ئالغان ھوسۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئاللاھ يولىدا كەمبەغەل بىچارىلەرگە ئاللاھ دەرگاھىدا مەن ئۈچۈن ساقلىنىپ تۇرار دەپ بۆلۈپ بەردىم.

4. مەن بەزى كىشىلەرنىڭ شان ـ شەرەپ ۋە ئىززەت ـ ئادىمىنىڭ ۋە جەمەتىنىڭ كۆپلۈكىدە، دەپ ئويلاپ ئۇلار بىلەن مەغرۇرلىنىپ كەتكىنىنى؛ يەنە بەزىلەرنىڭ شان ـ شەرەپ ۋە ئىززەت ـــ ئىقتىساد ۋە بالىنىڭ كۆپ بولۇشىدا، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىۋاتقانلىقىنى؛ يەنە بەزىلەرنىڭ شەرەپ ۋە ئىززەت ـــ خەلقنىڭ پۇل ـ مېلىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش، زۇلۇم قىلىش، قان تۆكۈشتە دەپ ئويلىغانلىقىنى؛ يەنە بىر تۈركۈم ئادەمنىڭ شان ـ شەرەپ ـــ پۇل مالنى بۇزۇپ چېچىشتا، دەپ قارايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئاللاھنىڭ: ﴿ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىكىڭلار بەكرەك تەقۋا بولغىنىڭلاردۇر﴾ (سۈرە ھۇجرات 13-

ئايەت) دېگەن سۆزىنى ئويلاپ، تەقۋالىقنى تاللىدىم ۋە قۇرئان ھەق سەممىي، ئۇلارنىڭ ئوي ـ خىياللىرى خاتا، يوقىلاڭ دەپ ئېتىقاد قىلدىم.

5. مەن ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەپ بىر ـ بىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ۋە بۇ غەيۋەتلەر ئىقتىساد، مەنسەپ ۋە بىلىمدىكى ھەسەتخورلۇقتىن، دەپ چۈشىنىپ ئاللاھنىڭ: ﴿بىز ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكىنى ھاياتىي دۇنيادا تەقسىم قىلدۇق﴾ (سۈرە زۇخرۇف 32- ئايەت) دېگەن سۆزىنى ئويلاپ بىلدىمكى، تەقسىمات ئەزەلدە ئاللاھ تەرىپىدىن قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن مەن ھېچكىمگە ھەسەت قىلماي ئاللاھنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولدۇم.

6. مەن ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىنى قانداقتۇر غەرەز ۋە مەقسەتلەر تۈپەيلى ئۆچ كۆرۈدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئاللاھنىڭ: ﴿چوقۇمكى شەيتان سىلەرگە دۈشمەندۇر، سىلەر ئۇنى دۈشمەن كۆرۈڭلار﴾ (سۈرە فاتىر 6- ئايەت) دېگەن سۆزىنى ئويلاپ بىلدىمكى، شەيتاندىن باشقىسىنى دۈشمەن بىلگىلى بولمايدىكەن.

7. مەن ھەركىمنىڭ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ، قاتتىق جاپا چېكىپ، شۇبھە ۋە ھارامغا يېقىن كېلىپ دېگۈدەك تىرىكچىلىكىنىڭ غېمىنى قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنى خار قىلىپ، قەدىر ـ قىممىتىنى يەرگە ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاللاھنىڭ: ﴿يەر يۈزىدىكى جانلىقنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغاندۇر﴾ (سۈرە ھۇد 6- ئايەت) دېگەن سۆزىنى ئويلاپ رىزقىمنى ئاللاھنىڭ بېرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ كېپىل بولىدىغانلىقىنى بىلدىم ـ دە، ئاللاھنىڭ ئىبادىتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئاللاھتىن غەيرىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم.

8. مەن ھەركىمنىڭ مەلۇم بىر شەيئىگە تايانغانلىقىنى كۆردۈم. بەزىلەر دىنار ـ دەرھەمگە، بەزىلەر مال ـ ھوقۇققا، بەزىلەر ھۈنەر ـ سانائەتكە، يەنە بەزىلەر ئۆزىگە ئوخشاش مەخلۇققا تايىنىدىكەن. مەن

ئاللاھنىڭ: «كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدىكەن، ئۇ كىشىگە ئاللاھ ئۆزى كۇپايە. ئاللاھ ئۆز ئىشىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ ھەربىر شەيئىگە ئۆلچەم بېكىتكەندۇر» (سۇرە تالاق 3- ئايەت) دېگەن سۆزىنى ئويلاپ ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلدىم. ئاللاھ ماڭا كۇپايە، ئۇ ناھايىتى ياخشى ۋەكىلدۇر.

شەفىق دەپتۇ: ئاللاھ ساڭا مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلغاي! مەن تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر ۋە قۇرئانلارغا قاراپ يۇقىرىقى سەككىز مەزمۇننىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلدىم. يۇقىرىقى سەككىز مەزمۇنغا ئەمەل قىلغان ئادەم مۇشۇ تۆت، كىتابقا ئەمەل قىلغان بولىدۇ.

## 18. يېتەكچى ئۇستاز ھەققىدە

ئەي بالام، بۇ ئىككى ۋەقەلىكتىن شۇنى بىلىپ يەتتىڭكى، سەن كۆپ ئىلىمگە موھتاج بولمايسەن. مەن ئەمدى ساڭا ھەق يولدا ماڭغۇچى قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى بايان قىلىمەن.

بىلگىنكى، ھەق يولىدا ماڭغۇچى ئۈچۈن ئۇنىڭدىكى ناچار ئەخلاقلارنى ئۈز تەربىيىسى بىلەن چىقىرىپ تاشلاپ، ياخشى ئەخلاق ئورنىتىدىغان تەربىيىچى، يېتەكچى ئۇستاز كېرەك. تەربىيىسىنىڭ مەنىسى — ئۆسۈملۈكنىڭ ياخشى ئۆسۈشى، ئوبدان پىشىشى ئۈچۈن تىكەن ۋە ياۋا ئوت - چۆپلەرنى زىرائەت ئارىسىدىن چىقىرىۋېتىدىغان دېھقانىنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشايدۇ. ھەق يولدا ماڭغۇچى ئۈچۈن ئۇنى تەربىيىلەپ ئاللاھنىڭ يولىغا سالىدىغان ئۇستاز چوقۇم كېرەك. چۈنكى، ئاللاھ بەندىلەرنى ئۆز يولىغا باشلاش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتكەن. پەيغەمبەر دۇنيادىن كەتسە، ئاللاھ تەرەپكە يېتەكلەش ئۈچۈن ئورنىغا ئورۇن باسار كىشىلەرنى قويۇپ كەتكەن بولىدۇ. پەيغەمبەرنىڭ نائىبى بولۇشقا ماس كېلىدىغان كىشىنىڭ شەرتى، ئالىم بولۇشى لازىم. ئەمما، ھەممە ئالىم ئورۇنباسارلىققا ماس كېلىۋەرمەيدۇ. مەن ساڭا ھەركىمنىڭ ئۆزىنى ئۇستاز، يولباشچى دەپ تونۇۋالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىپ بېرىمەن. دۇنياغا ئۆزىنى ئاتىمىغان، مەنسەپكە دۈم چۈشمىگەن ئادەم بولۇشى؛ يىراقنى كۆرەر، تەپەككۇر ئىقتىدارى ياخشى، سېلىشتۇرۇش قابىلىيىتى بار ئادەم بولۇشى لازىم.

ئۇنىڭغا ئەگىشىش پەيغەمبەرگە ئەگىشىش بولىدۇ. ئۇ يەنە ئاز يېيىش، ئاز سۆزلەش، ئاز ئۇخلاش ئارقىلىق ناماز ئوقۇيدىغان،

سەدىقە بېرىدىغان ۋە رامىزاننى كۆپ تۇتۇش ئارقىلىق نەپسىنىڭ رىيازىتىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن بولۇشى كېرەك.

يەنە ئۇ ئاشۇ يىراقنى كۆرەر ئۇستازغا ئەگىشىش ئارقىلىق ئېسىل ئەخلاقلارنى — سەۋر، نامـاز، شۈكرى، تەۋەككۇل، ئىشەنچ، قانائەت، كۆڭۈل خاتىرجەملىك، مۇلايىملىق، كەمتەرلىك، بىلىم، سەممىيلىك، هايا، ۋاپادارلىق، تەمكىنلىك، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ۋە كەم سۆز بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئەخلاقىغا ئايلاندۇرغان بولۇشى لازىم. مانا شۇندىلا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىز باسارلىرىدىن بىرى بولۇپ ئەگىشىشكە ماس كېلىدۇ. لېكىن مۇنداق ئادەملەر دۇنيادا قىزىل گۈگگۈرتتىنمۇ ئاز تېپىلىدۇ. بىر ئادەمگە ئامەت يار بولۇپ بىز يۇقىرىدا دېگەندەك بىر ئادەم تېپىلسا، ئۇ ئۇستاز ئۇنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلسا، ئۇ ئادەم ئۇستازىنى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتلەردىن هۆرمەتلىشى لازىم. تاشقى جەھەتتىن هۆرمەتلەش دېگەندە، ئۇنىڭ بىلەن قارىغۇلارچە مۇنازىرىلەشمەسلىكى، گەرچە ئادەتتىكى خاتالىقنى بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇچرىغانلا مەسىلىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشمەسلىكى لازىم. ناماز ۋاقتى بولماي تۇرۇپ جايناماز ئېلىپ قويماسلىقى، نامازنى ئوقۇپ بولغان هامان يىغىۋېتىشى لازىم. ئۇستازنىڭ هوزۇرىدا نەپلە نامازنى كۆپ ئوقۇماسلىقى كېرەك. ئۇستاز بۇيرۇغان خىزمەتلەرنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ئىچكى جەھەتتىن هۆرمەتلەشكە كەلسەك، ئاڭلىغان نەرسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىچىدە نە سۆز، نە هەرىكەت جەھەتتە بولسۇن ئىنكار قىلماسلىقى لازىم. شۇ چاغدا مۇناپىق دېگەن نامدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولۇشقا قادىر بولالمىغان تەقدىردە ئىچى بىلەن تېشى بىردەك هالەتكە كەلگەنگە قەدەر ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كىرمەي تۇرۇشى لازىم. ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ كونتروللۇقىنى قەلب سەھنىسىدىن يوقىتىش، قەلبنىڭ

شەيتانلارنىڭ بۇلغىشىدىن پاك بولۇشى ئۈچۈن يامان ئادەملەر بىلەن بىرگە بولماسلىقى لازىم. ھەرقانداق چاغدا يوقسۇلنى بايدىن تۆۋەن كۆرمەسلىكى لازىم.

بىلگىنكى، ساپ دىللىقتا ئىككى خىل خىسلەت بار:

1. ئاللاھنىڭ ئالدىدا دۇرۇس بولۇش؛
2. مەخلۇقاتلارنىڭ ئالدىدا ئاددىي ـ ساددا بولۇش.

ئاللاھنىڭ ئالدىدا دۇرۇس بولغان ئادەم كىشىلەرگە نىسبەتەن گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇپ، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان كىشىدۇر. دۇرۇس بولۇش دېگەنلىك ئۆز نېسىۋە ئۈلۈشىنى ئاللاھنىڭ ئەمرى ئاساسىدا پىدا قىلىش دېمەكتۇر.

كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش دېگەنلىك، ئۆز نەپسىڭنىڭ مەقسىتىنى كىشىلەرگە يۈكلىمەستىن، كىشىلەر شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلمىسىلا كىشىلەرنىڭ مەقسىتىنى ئۆز نەپسىڭگە يۈكلىشىڭدۇر.

## قۇلچىلىق

سەن مەندىن ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ھەققىدە سورىدىڭ، ئۇ ئۈچ تۈرلۈكتۇر:

1. شەرىئەت ئەمرىنى چىڭ تۇتۇش؛
2. قازا ـ قەدەرگە، ئاللاھنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولۇش؛
3. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىستەپ ئۆز ھەۋىسىڭنى تاشلاش.

سەن مەندىن تەۋەككۈل ھەققىدە سوراپسەن. تەۋەككۈل دېگەن ئاللاھقا بولغان ئىتىقادىڭدا ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنى ھۆكۈمران قىلىشىڭدۇر. يەنى سەن ئۈچۈن بېكىتىلگەن نەرسە پۈتكۈل دۇنيادىكىلەر ئۇنى سەندىن توسماقچى بولسىمۇ، چوقۇم ساڭا يېتىدۇ.

ساڭا تەقدىر قىلىنمىغان نەرسە پۈتكۈل دۇنيا ھەمدەم بولسىمۇ ساڭا يەتمەيدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىشىڭدۇر.

مەندىن ئىخلاس ھەققىدە سوراپسەن. ئىخلاس دېمەك، پۈتكۈل ئەمىلىڭنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن بولۇشى. قەلبىڭ كىشىلەرنىڭ ئالقىشلىرى بىلەن راھەتلىنىپ كەتمەسلىكى، ئۇلارنىڭ ئەيىبلەشلىرىنى ھېسابقا ئالماسلىقىڭدۇر.

بىلگىنكى، رىياخورلۇق مەخلۇقلارنى چوڭ بىلىشتىن تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئامالى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا مەھكۇم دەپ قارىشىڭ؛ رىياخورلۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىنسانلار ساڭا راھەت ياكى مۇشەققەت يەتكۈزۈشتە ئۇلارنىڭ قۇدرىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىشىڭ، ئۇلارنى بەئەينى چالما ـ كېسەك، دەپ ئويلىشىڭدۇر. سەن قاچانكى، ئۇلارنى ئىرادە ۋە قۇدرەت ئىگىسى، دەپ ئويلىغىدەكلا بولساڭ رىيادىن ھەرگىز قۇتۇلالمايسەن.

## 19. تەپەككۇر ھەققىدە

ئەي بالام، سېنىڭ يەنە بىر قىسىم مەسىلىلىرىڭ مېنىڭ كىتابلىرىمدا خاتىرىلەنگەن، شۇ يەردىن ئىزدىگىن. ئۆنىڭ بەزىسىنى يازمىدىم. بىلمىگەن نەرسىلەرنى تەپەككۇر قىلىپ بايقىشىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭ بىلگىنىڭچە قىل.

# 20. ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ھەققىدە

ئەي بالام، بۆگۈندىن باشلاپ مەندىن مەسىلە سورىساڭ پەقەت قەلب تىلى بىلەن سورا. ئاللاھ ئېيتىدۇ: ﴿ئۇلار سەن چىققۇچە سەۋر قىلغان بولسا ئەلۋەتتە ئۇلارغا ياخشى بولغان بولاتتى﴾ (سۈرە ھۇجرات 5- ئايەت). خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿مەن ئۆزۈم ساڭا بايان قىلمىغۇچە مەندىن ھېچ نەرسىنى سورىما﴾ (سۈرە كەھف 70- ئايەت) دېگەن نەسىھىتىنى قوبۇل قىلغىن. ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى كېلىپ ساڭا نامايان قىلىنىپ سەن ئۆزۈڭ كۆرمىگۈچە ئالدىراڭغۇلۇق قىلمىغىن ﴿مەن سىلەرگە مۆجىزاتلىرىمنى كۆرسىتىمەن سىلەر ئالدىرىماڭلار﴾ (سۈرە ئەنبىيا 37- ئايەت).

ۋاقتى كېلىشتىن ئاۋۋال مەندىن بىر نەرسە سورىما. شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، نىشانغا پەقەت ماڭغاندىلا يەتكىلى بولىدۇ. ﴿ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ كۆرمىدىمۇ؟ (تەپەككۇر نەزەرى بىلەن) قاراپ باقار ئىدى...﴾ (سۈرە فاتىر 44- ئايەت).

## 21. زۇننۇنى مىسرىنىڭ نەسىھىتى ھەققىدە

ئەي بالام، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئەگەر سەيلە قىلساڭ ھەربىر جايدا ئاجايىباتلارنى كۆرىسەن. ھەق يولىغا جېنىڭنى ئاتىۋەت. بۇ ئىشنىڭ چوڭى جاننى ئاتاشتۇر. زۇننۇنى مىسرى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرىگە مۇنداق دېگەن ئىكەن: بۇ يولغا جېنىڭنى ئاتىۋېتىشكە قادىر بولالىساڭ كەل. بولمايدىكەن دەرۋىشتەك ۋاقىتنى ئىسراپ قىلما.

## 22. سەككىز تۈرلۈك نەسىھەت ھەققىدە

ئەي بالام، مەن ساڭا سەككىز ئىشنى تاپىلايمەن. قىيامەت كۈنى ئىلمىڭ ساڭا دۈشمەن بولمىسۇن دېسەڭ، ئۇنى قوبۇل قىل. بۇ سەككىز ئىشنىڭ تۆتىنى قىلىپ تۆتىنى قىلمىغايسەن. سەن قىلماسلىقتا تېگىشلىك تۆت ئىشقا كەلسەك:

### مۇنازىرە قىلىش

1. ئىمكان بار بىرەر مەسىلە توغرىسىدا بىر ئادەم بىلەن مۇنازىرىلەشمە. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاپىتى كۆپ، زىيىنى پايدىسىدىن زور. ئۇ يەنە رىيا، ھەسەت، تەكەببۇرلۇق، كۆرەلمەسلىك، ئاداۋەت، كۆرەڭلىك ۋە باشقا نۇرغۇن ناچار ئەخلاقنىڭ مەنبەسىدۇر. توغرا، بىر ئادەم ياكى بىر جامائەت بىلەن ئاراڭلاردا بىر مەسىلە چۈشسە، سېنىڭ بۇ مەسىلىدىكى ئىرادەڭ ھەقنىڭ زاھىر بولۇشى، زايە كەتمەسلىكى ئۈچۈن بولسا بەس — مۇنازىرە قىلىش توغرا. لېكىن، بۇ

ئىرادىنىڭ ئىككى خىل ئالامىتى بار. بىرىنچىدىن، ھەقنىڭ سېنىڭ تىلىڭ ياكى باشقىلارنىڭ تىلى ئارقىلىق ئېچىلىشى ئارىسىدا پەرق بولماسلىقى، ئىككىنچىدىن، مۇنازىرىنىڭ خالىي جايدا بولۇشى ساڭا نىسبەتەن جامائەت ئالدىدا بولۇشتىن ئەۋزەل بولۇشتۇر. قۇلاق سال، مەن ساڭا بۇ يەردە بىر مەزمۇننى سۆزلەپ بېرىمەن. شۇنى بىلىۋالغىنكى، يولۇققان مەسىلىلەر ھەققىدە سوراش، قەلبىنىڭ كېسەلنى تېۋىپقا كۆرسەتكەنلىكتۇر. ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن تىرىشقانلىقتۇر. بىلىپ قويكى، بىلمىسىز ئادەملەر قەلبى كېسەل ئادەملەردۇر. چولتا ئالىم كېسەلنى ياخشى داۋالىيالمايدۇ. ئەگەر كېسەللىك سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىك ياكى تۇغماسلىق كېسىلى بولسا بۇ ھەقتە تېۋىپنىڭ دانالىقى ---. بۇ كېسەلنى داۋالىغىلى بولمايدۇ، داۋالىتىمەن دەپ ئاۋارە بولما، چۈنكى ئۇنى داۋالاش ئۆمۈرنى زايا قىلىشتۇر، دېيىشتۇر.

يەنە بىلىپ قويغىنكى، جاھىللىق كېسىلى تۆت تۈرلۈك بولىدۇ. بىرىنى داۋالىغىلى بولىدۇ. قالغىنىنى داۋالىغىلى بولمايدۇ.

## ھەسەتخورلۇق

1) داۋالىغىلى بولمايدىغان كېسەلنىڭ بىرى: سوئالى، ئېتىرازى ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىكتىن بولغان كېسەلدۇر. سەن ئۇنىڭغا قانچە ياخشى، پاساھەتلىك، روشەن جاۋاب بەرسەڭ جاۋابىڭ ئۇنىڭ ئۆچ - ئاداۋىتىنى ۋە ھەسەتخورلۇقىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. ياخشىسى ئۇنىڭ مەسىلىسىگە جاۋاب بېرىش بىلەن ئاۋارە بولماسلىقتۇر. شائىر ئېيتىدۇ:

هەر قانداق ئاداۋەتنى يوقىتىش مۇمكىن ئەزەلدىن،
مۇمكىن بولماس ئۇ ئەگەر كەلگەن بولسا ھەسەتتىن.

بۇنداق ئادەمنى كېسەللى بىلەن تاشلاپ ئۇنىڭغا قارىماسلىقىڭ لازىم. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن بىزنىڭ زىكرىمىزدىن يۈز ئۆرۈگەن، ھاياتىي دۇنيانىلا ئارزۇ قىلغان ئادەمدىن يۈز ئۆرۈگىن﴾ (سۈرە نەجىم 29- ئايەت). قىلغان ھەربىر نەرسىگە ھەسەت قىلغۇچى كىشى ئۆزىنىڭ ئەمەل زىرائىتىگە ئوت قويغان ئادەمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەسەت ياخشى ئەمەلنى بەئەينى ئوت ئوتۇننى يېگەندەك يەيدۇ»
(سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد، سۈنەنۇ ئىبنى ماجە)

## ھاماقەتلىك

2) ھاماقەتلىك كېسەلى. بۇمۇ ساقايماس كېسەللەر قاتارىدىندۇر. ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن (ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن) ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشتىن ئاجىز كەلمىدىم. لېكىن، ئەخمەقنى داۋالاشتىن ئاجىز كەلدىم». بۇ دېگىنىمىز بىر ئادەم قىسقىغىنا ۋاقىت ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئەقلىي ۋە شەرئىي ئىلىملاردىن بىر ئاز بىر نەرسە بىلىۋېلىپ ھاماقەتلىكىدىن ھاياتىنى ئەقلىي ۋە شەرئىي ئىلىم بىلەن ئۆتكۈزگەن چوڭ ئۆلىمالارغا شىپلىتىڭ ئاتىدۇ. بۇ ئەخمەق بىر نەرسە بىلمەيدۇ. ئۇ ئۆزى بىلمىگەننى بۇ ئالىمۇ بىلمەيدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئەگەر ئۇ مۇشۇ چەك – چېگرىنى بايقاپ يېتەلمىسە ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە ھاماقەتلىكتىن كېلىپ چىققاندۇر. ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىمەن دەپ ئاۋارە بولماسلىقىڭ كېرەك.

3) ئىزدىنگۈچى چوڭلارنىڭ سۆزىدىن چۈشىنەلمىگەنلا نەرسىنى ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىنىڭ كالتىسە ئىكەنلىكىگە ئارتىپ قويىدۇ. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، لېكىن ئۆزى دۆت بولغاچقا، ھەقىقەتلەرنى بايقاپ يېتەلمىگەن، شۇڭا بۇنداق كىشىلەرگە جاۋاب بېرىش بىلەن ئاۋارە بولماسلىقنىڭ كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەرلەر جامائەسى ئادەملەرگە ئۇلارنىڭ ئەقلىگە بېقىپ سۆز قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز» (سۇنەنۇد دەيلەمىيدىن).

4) داۋالىغىلى بولىدىغان كېسەلگە كەلسەك، ئۇ كېسەلنىڭ ھەق تەلەپكارى ئەقىللىق، گەپ چۈشىنىدىغان بولۇشى، ھەسەت ۋە غەزەپنىڭ، شەھۋەت، مەنسەپ ۋە پۇل ـ مال مۇھەببىتىنىڭ ئولجىسى بولۇپ قالماسلىقىدۇر. بۇ ئادەم توغرا يول ئىزدىگۈچى بولۇپ، ئۇنىڭ سوئال ۋە ئېتىرازلىرى، ھەسەتخورلۇق، ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ۋە چېكىپ بېقىش قاتارىدىكى ئىش ئەمەس، بۇنى داۋالىغىلى بولىدۇ. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش بىلەن مەشغۇل بولۇشۇڭ جايىز بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشىڭ ۋاجىپتۇر.

## ۋەز ـ نەسىھەت

2. سەن تاشلاشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بىرى ۋائىز، قۇرۇق تەبلىغچى بولۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشتۇر. چۈنكى، ئۇنداق بولۇشتا زىيان كۆپ. ئەمما ئالدى بىلەن دېگىنىڭگە ئەمەل قىلىپ ئاندىن كىشىلەرگە نەسىھەت قىلساڭ بولىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا دېيىلگەن سۆز يادىڭدا بولسۇن: «ئى ئىيسا، ئۆزۈڭگە نەسىھەت

قىلغىن. ئەگەر ئۇنى قوبۇل قىلالىساڭ كىشىلەرگە نەسىھەت قىل، بولمىسا رەببىڭدىن هايا قىلغىن».

ئەگەر سەن مۇشۇ ئىشقا مۇپتىلا بولساڭ، ئىككى خىل ئىشتىن ساقلان:

1) سۆز، ئىشارەت، بالايىئاپەت، بېيىت، شېئىرلارنى سۆزلەشتە زورۇقۇپ كۆپتۈرۈپ سۆزلىمە. چۈنكى، ئاللاھ زورۇقۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ھەددىدىن ئارتۇق زورۇقۇپ سۆزلىگۈچى ئۇز باتىنىنىڭ خاراب، قەلبىنىڭ غاپىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. نەسىھەت قوبۇل قىلىش دېگەنلىك — بەندىنىڭ دوزاخ ئوتىنى ئەسلىشى، ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشتا ئۆزىنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى ئەسلىشى، ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەن ھاياتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشى، ئالدىدا ئۇچرايدىغان ئاقىۋەت — ئىمانىنىڭ ساغلام بولۇش بولماسلىقى، ئەزرائىل كەلگەندە ھالىنىڭ نېچۈك بولۇشى، مۇنكىر - نەكىرنىڭ سوئالىغا جاۋابنى قانداق بېرىش دېگەنلەرنى ئويلىشى، قىيامەتتىكى ھالى ۋە مەيدانىنىڭ قانداق بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، سىرات كۆۋرۈكىدىن ساق ئۆتەلەمدۇ ياكى دوزاخقا چۈشەمدۇ؟ دېگەنلەر ئۈستىدە ئويلىنىش دېمەكتۇر. يۇقىرىقىلارنىڭ قەلبىدىن كەتمەسلىكى، قەلبىنى ھەر دائىم ساراسىمىدە تۇتۇشى، مۇشۇ ئوتلارنىڭ يالقۇنلىشى، «نەسىھەت قوبۇل قىلىش» دېيىلىدۇ. خەلققە تەلىم بېرىپ، ئۇلارغا مۇشۇ ئىشلارنى بىلدۈرۈش، ئۇلار كەتكۈزۈپ قويغان، سەل قارىغان نوقتىلارنى ئۇلارغا ئەسكەرتىش، ئۇلارغا ئەيىپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش، مۇشۇ ئوتلارنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىگە تۇتىشىشى، بۇ مۇسىبەتلەرنىڭ ئۇلارنى بىئارام قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئىمكان قەدەر ئۆتكەن ئۆمرىنى ئەسلەپ، ئىبادەتسىز ئۆتكەن كۈنلىرىگە ھەسرەتلىنىشى قاتارلىق ئىشلار «ۋەز نەسىھەت»، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، سەن بىراۋنىڭ ئۆيىگە كەلگۈن كەلگەنلىكىنى

كۆرسەك، ئۇ كىشى ۋە بالا ـ چاقىلىرى شۇ ئۆيدە بولسا سەن دەيسەنكى: «ئېھتىيات قىلىڭلار! كەلكۈن كەلدى، قېچىڭلار...» مۇشۇ ھالدا كۆڭلۈڭ ئۆي ئىگىسىگە بۇ خەۋەرنى زورۇقۇپ ياساپ سۆزلەپ ھەرخىل ھاياجانلىق ئىبارىلەر بىلەن يەتكۈزۈشنى تارتامدۇ؟ ئەلۋەتتە ياق. نەسىھەتچى، تەبلىغچىنىڭ ھالى ئەنە شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، بۇ ئىشتىن ساقلىنىش لازىم.

2) سېنىڭ تەبلىغ قىلىشتىكى مەقسىتىڭ، بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھۆكۈرەپ يىغلاپ كېتىشى ياكى ھاياجاندىن كىيىملىرىنى يىرتىشى، ئېھدىگەن ئېسىل ئولتۇرۇش بۇ! دېيىلىش بولماسلىقى لازىم. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنياغا مايىل بولغانلىقتۇر. دۇنياغا مايىل بولۇش غەپلەتتىن تۇغۇلىدۇ. ساڭا كېرەكلىك ئىرادە ۋە غېمىڭنىڭ كىشىلەرنى دۇنيادىن ئاخىرەتكە، گۇناھ مەئسىيەتتىن ئىتائەتكە، پۇل ـ مالغا بېرىلىشتىن زاھىدلىققا، بېخىل ـ پىخسىقلىقتىن سېخىيلىققا، گۇمان ـ شەكتىن ئىشەنچكە، غەپلەتتىن سەگەكلىككە، مەغرۇرلۇقتىن تەقۋالىققا ئۆتۈشكە دەۋەت قىلىشتۇر. سەن ئۇلارغا ئاخىرەتنىڭ ئېسىللىكىنى، بۇ دۇنيانىڭ يوقىلاڭ، ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكىنى سۆزلىشىڭ، ئىبادەت ۋە تەقۋالىق ئىلمىنى ئۆگىتىشىڭ، ئاللاھنىڭ مەرھەمەت ۋە رەھمىتىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئۇلارنى ئالداپ قويماسلىقىڭ كېرەك. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدە ئومۇملاشقىنى شەرىئەت پرىنسىپلىرىدىن چىقىپ، ئاللاھ غەزەپ قىلىدىغان يوللارغا چېپىش، پۈچەك ئەخلاقلارنى ئۈستۈن كۆرۈشتۇر. شۇڭلاشقا، سەن ئۇلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ تاشلا، ئۇلارنى قورقۇتۇپ، ئۇلارنى ئالدىدىكى قورقۇنچ ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇر. بەلكىم ئۇلارنىڭ باتىنىنىڭ سۈپەتلىرى ئۆزگىرىپ زاھىرى مۇئامىلىسى ئالمىشىپ، ئىتائەتكە قىزىقىش، مەئسىيەتتىن قايتىشقا بولغان ھېرىسمەنلىكنى ئىپادىلەپ قالىدۇ. مانا

بۇ ۋەز ـ نەسىھەت ئۇسۇلى. مۇشۇ جەمل سۈپەتتە بولمىغان ھەر قانداق ۋەز ـ نەسىھەت، سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىغا ئۇۋالچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بەلكى بۇنداق نەسىھەت ئېزىتقۇ ۋە شەيتان بولۇپ، خالايىقلارنى توغرا يولدىن چىقىرىپ ھالاك قىلىدۇ. خالايىقلار بۇنداق نەسىھەتتىن قېچىشى لازىم. چۈنكى، دىننى بۇ نەسىھەت قىلغۇچى بۇزغاندەك شەيتانمۇ بۇزالمايدۇ، دېيىلگەن. كىمكى قولىدىن كەلسە، ئۇ بۇنداق نەسىھەت قىلغۇچىنى ۋەز ـ نەسىھەت مۇنبىرىدىن چۈشۈرۈپ ئۇنى بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشتىن توسۇشى لازىم. مۇشۇنداق قىلىشمۇ ئەمر ـ مەئرۇپ نەھيى ـ مۇنكەر قاتارىغا كىرىدۇ.

## ئەمەلدارلاردىن يىراق تۇرۇش

3. سەن تاشلاشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بىرى ئەمەلدارلار بىلەن ئارىلاشماسلىقىڭ، ئۇلارنى كۆرمەسلىكىڭ لازىم. چۈنكى، ئۇلارنى كۆرۈش، ئۇلار بىلەن ھەم داستىخان بولۇش، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىش ناھايىتى زور ئاپەتتۇر. ئەگەر سەن بۇ ئىشقا گىرىپتار بولۇپ قالغان بولساڭ مەدھىيىلەيدىغان ۋە ماختايدىغان ئىشنى قىلما. چۈنكى، پاسىق ـ زالىملار مەدھىيىلەنسە ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتىنىڭ دائىمىي بولۇشىنى تىلىگەن ئادەم ئاللاھنىڭ زېمىنىدا مەئسىيەت ئۆتكۈزۈلۈشىنى ياخشى كۆرگەن بولىدۇ.

## ئەمەلدارلاردىن سوۋغات ئالماسلىق

4. سەن ھالال دەپ بىلگەن تەقدىردىمۇ ئەمەلدارلارنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىنى قوبۇل قىلماسلىقىڭ كېرەك. چۈنكى، ئەمەلدارلاردىن

نەرسە تەمە قىلىش ئېتىقادىنى بۇزىدۇ. تەمە تەخسىكەشلىكنى، ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىشنى، زوراۋانلىقتا ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئېتىقادتىكى بۇزۇلۇشتۇر. ئۇنىڭ ئەڭ ئەقەللىي زىيىنىمۇ سەن ئۇلارنىڭ سوۋغا — سالامىنى قوبۇل قىلىپ، مال دۇنياسىدىن مەنپەئەتلەنسەڭ ئۇلارنى ياخشى كۆرۈسەن. بىر كىمنى ياخشى كۆرگەن ئادەم چوقۇم ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى، شانۇ ــ شەۋكىتىنىڭ دائىمىي بولۇشىنى تىلەيدۇ. زالىمنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى ياخشى كۆرۈش، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى زۇلۇمنى ۋە دۇنيانىڭ خاراب بولۇشىنى ئىرادە قىلغانلىقتۇر. دىن ۋە ئاقىۋەتكە نىسبەتەن بۇنىڭدىنمۇ زىيانلىق نەرسە بارمۇ؟ شەيتاننىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنىڭ ئالداپ كېتىشى ياكى بەزىلەرنىڭ ساڭا: ئەڭ ياخشىسى، ئەڭ مۇۋاپىقى، ئۇلاردىن پۇل ـ مال ئېلىپ پېقىر ـ مىسكىنلەر ئارىسىدا تارقىتىپ بېرىشتۇر، ئۇلار بۇ پۇلنى گۇناھ ـ مەئسىيەتكە خەجلەيدۇ. سېنىڭ ئاجىز ئادەملەرگە خەجلىگىنىڭ ئۇلارنىڭ خەجلىگىنىدىن ياخشى، دېگەندەك سۆزلەرنىڭ سېنى ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن قاتتىق ساقلان. شەيتان مەلئۇن مۇشۇ خىل ۋەسۋەسە بىلەن نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆز باتىلى ئالدىدا تىزلاندۇرغان. بىز بۇلارنى «ئىھيائ» دېگەن كىتابتا بايان قىلىپ ئۆتتۇق، شۇ يەردىن ئىزدە.

سەن قىلىشقا تېگىشلىك بولغان تۆت مەسىلىگە كەلسەك:

1. سەن ئاللاھ بىلەن بولغان مۇئامىلەڭنى شۇ دەرىجىدە قىلغايسەنكى، ئەگەر ساڭا قۇلۇڭ شۇنداق مۇئامىلە قىلغان بولسا، سەن شۇنىڭغا رازى بولىدىغان، ئىچىڭ سىقىلمايدىغان، ئاچچىقىڭ كەلمەيدىغان دەرىجىدە بولسۇن. سېنىڭ قۇلۇڭ تەرىپىدىن ساڭا قىلىنىشىنى خالىمايدىغان مۇئامىلىنى ھەقىقىي خوجايىنىڭ بولغان ئاللاھ ئۈچۈن ھەم قىلىشقا رازى بولمىغايسەن.

## كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىش

2. ھەر قاچان كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلساڭ، ئۇلارنىڭ ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى خالىغان بولساڭ، ئۇلارغا ھەم شۇنداق مۇئامىلە قىلغىن. چۈنكى، ھەدىس شەرىفتە: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى باشقىلار ئۈچۈن ياخشى كۆرمىگۈچە ئىمانى مۇكەممەل بولغان بولمايدۇ» (سەھىھۇلبۇخارىي، سەھىھۇلمۇسلىم، جامىئۇتتىرمىزىي ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەدتىن) دېيىلگەن.

## كىتابنى تاللاپ ئوقۇش

3. ئىلىم ئوقۇساڭ، كىتاب كۆرسەڭ سېنىڭ ئىلىمىڭ قەلبىڭنى ئىسلاھ قىلالايدىغان، نەپسىڭنى پاكلىيالايدىغان بولۇشى لازىم. مەسىلەن، سەن ئۆمرۈڭنىڭ پەقەت بىر ھەپتىلا قالغانلىقىنى بىلسەڭ چوقۇمكى، سەن بۇ ۋاقىت ئىچىدە فىقھى، ئەخلاق، لوگىكا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىلىملار بىلەن مەشغۇل بولمايسەن. چۈنكى، سەن بۇ ئىلىملەرنىڭ ساڭا ئەسقاتمايدىغانلىقىنى بىلىسەن. سەن ئەلۋەتتە قەلبىڭنى كۆزىتىش، نەپسىڭنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىش، دۇنيا ئالاقىلىرىدىن يۈز ئۆرۈش ... لەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ نەپسىڭنى ناچار ئەخلاقلاردىن پاكلاپ، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى ۋە ئىبادىتىنى ياخشى سۈپەت بىلەن سۈپەتلەشكە مەشغۇل بولىسەن. بەندە بۈگۈنمۇ ياكى ئەتىمۇ چوقۇم بىر كۈنى ئۆلۈشى مۇمكىن — دە.

## 23. قەلب ھەققىدە

ئەي بالام، مېنىڭ يەنە بىر سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئۇ ھەقتە ئويلان، چىقىش يولى تاپىسەن. ئەگەر بىراۋ ساڭا كېلەر ھەپتە پادىشاھ سېنى زىيارەت قىلىپ كېلىدۇ، دەپ خەۋەر قىلسا، ماڭا مەلۇمكى سەن مۇشۇ مەزگىلدە باشقا ئىشلارنى قويۇپ، شاھنىڭ نەزىرى چۈشىدۇ، دەپ قارىغان كىيىم ـ كېچەك، بەدەن، ھويلا ـ ئارام، يوتقان ـ كۆرپە قاتارلىقلارنى ئىسلاھ قىلىسەن. ئەمدى مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشەنگەنسەن. داناغا بىرلا ئىغىز سۆز كۇپايە .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشۈڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى قەلبىڭلارغا قارايدۇ»

(سەھىھۇلمۇسلىم، جامىئۇتتىرمىزىي، سۈنەنۇ ئىبنى ماجە ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەد تىن).

ئەگەر قەلب ئەھۋالىنى بىلەي دېسەڭ مېنىڭ «ئىھيائ» قاتارلىق كىتابلىرىمغا قارا. بۇ پەرز ئەين بولغان ئىلىمدۇر. باشقا ئىلىملار ئاللاھنىڭ پەرزلىرى ئورۇنلانغۇدەك مىقدارىنى چىقىرىۋەتكەندە پەرز كۇپايە. ئۇ ئىلىمنى قولغا كەلتۈرۈش ساڭا مۇۋەپپەق بولغاي.

4. دۇنيالىققا قارىتا ئارزۇيۇڭنى بەك ئۇزۇن قىلمۇەتمە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم ھۇجرىلىرىغا تەمىنات تەييارلاپ بېرىپ دېگەن ئىدىكى: «ئى ئاللاھ، مۇھەممەد ئائىلىسىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى دەل يەتكۈدەك قىلغىن» (سەھىھۇلبۇخارىي، سەھىھۇلمۇسلىم، سۈنەنۇ ئىبنى ماجە ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەد تىن).

رەسۇلۇللاھ بۇ تەمىناتنى ھەممە ھۇجرىسىغا ئەمەس، بەلكى قەلبىدە زەئىپلىك بار دەپ قارىغان ھۇجرا ئىگىسى ئۈچۈن تەييارلايتتى. جەزمىيەت ئىگىسى بولغان ئاياللىرىغا بولسا، بىر ياكى يېرىم كۈنلۈكتىن ئارتۇق نەرسە تەييارلىمايتتى.

# 24. داۋاملىق ئوقۇلىدىغان دۇئالار ھەققىدە

ئەي بالام، مەن بۇ بۆلۈمدە سېنىڭ ئىلتىماسلىرىڭنى يازدىم، بۇنىڭغا ئەمەل قىلغىن. دۇئايىڭدا مېنى ئۇنتۇپ قالمىغىن. سەن مەندىن ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان دۇئاغا كەلسەك، سەن ئۇنى سەھەر كىتابلىرىدىكى دۇئالاردىن ئىزدە. ھەرقانداق چاغدا، خۇسۇسەن نامازنىڭ ئاخىرىدا مۇشۇ دۇئانى ئوقۇغىن:

ئى ئاللاھ، مەن سەندىن نېمەتنىڭ مۇكەممەللىكىنى، دائىملىق مۇھاپىزەتنى، رەھمەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈكلىكىنى، خاتىرجەملىكنىڭ ھاسىل بولۇشىنى، تۇرمۇشنىڭ باياشاتىنى، ئۆمۈرنىڭ بەختلىكىنى، ئېھساننىڭ تولۇقىنى، ئىنئامنىڭ ئومۇمىسىنى، مەرھەمەتنىڭ شېرىنىنى، لۇتفىنىڭ ئەڭ مەنپەئەتلىكىنى تىلەيمەن.

ئى ئاللاھ، بىزنىڭ تەرىپىمىزدە بولغىن، قارشى تەرەپتە بولمىغىن.

ئى ئاللاھ، ئەجەللىرىمىزنى سائادەت بىلەن ئاخىرلاشتۇرغىن، ئارزۇلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرغىن. ئەتىگەن ۋە كەچلىرىمىزنى خاتىرجەملىك بىلەن بىرلەشتۈرگىن. بىزنىڭ ئاقىۋەت ۋە بارار جايىمىزنى رەھمىتىڭ تەرەپكە قىلغىن، گۇناھلىرىمىزغا ئەپۇ سۇلىرىڭنى تۆككىن. ئەيىبلىرىمىزنى تۈزەش ئارقىلىق بىزگە مەرھەمەت قىلغىن. تەقۋالىقنى بىزگە ئوزۇق قىلغىن. ئىجتىھادىمىزنى ئۆزۈڭنىڭ دىنىدا قىلغىن. تەۋەككۇل ۋە تايانچىمىزنى ئۆزۈڭگە قىلغىن.

ئى ئاللاھ، بىزنى توغرا يول ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن. دۇنيادا بىزگە قىيامەتنىڭ نادامەتلىرىدىن نىجادلىق بەرگىن. بىزنىڭ ئېغىر گۇناھلىرىمىزنى يېنىكلىتىپ بەرگىن. ياخشىلارنىڭ تۇرمۇشىنى بەرگىن. بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇھىم بولغان نەرسىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزۈڭ چىققىن. يامانلارنىڭ شەررىدىن، بۇزۇقلارنىڭ مىكرىدىن بىزنى ساقلىغىن. بىزنى، ئاتا ــ ئانىمىزنى، ئاچا ــ سىڭىل قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن دوزاختىن ساقلىغىن.

ئى غالىب مەرھەمەت قىلغۇچى، ئى گۇناھلارنى كەچۈرگۈچى، ئى سېخىي، ئى ئەيىبلەرنى ياپقۇچى، ئى كېچە ۋە كۈندۈزنى ياراتقۇچى زات! بىزنى دۇنيا غېمى، قەبرە ۋە دوزاخ ئازابىدىن قۇتقۇزغىن.

ئى بىلىملىك، ئى كۈچتۈڭگۈر زات، ئى ئاللاھ، ئى ئاللاھ، ئى ئاللاھ، ئى رەھىملىكلەرنىڭ رەھىملىكرەكى، ئى ئەۋۋەللەرنىڭ ئەۋۋىلى، ئى ئاخىرلارنىڭ ئاخىرى، ئى دەھشەتلىك كۈچ ئىگىسى، ئى مىسكىنلەرگە رەھىم قىلغۇچى، ئى ئەڭ رەھىمدىل زات، سەندىن باشقا ئىلاھ يوق، سەن ئەيىبسىزسەن، مەن ئۆز نەپسىمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىنمەن.

ئاللاھنىڭ رەھمىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە ــ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلارغا ۋە بارلىق مۆئمىن مۇسۇلمانلارغا بولغاي.

بارلىق مەدھىيە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

غەزالىي

# ھىدايەتنامە

# ھىدايەتنامە

## كىرىش سۆز

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

ھەر بىر كىتاب ۋە ماقالىدە ئۆزىگە مەدھىيە ئوقۇلۇش بىلەن باشلىنىدىغان ئاللاھقا سان-ساناقسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن.

ئاللاھ بەندىلەر ئىچىدىن تاللاپ پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىك شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەمدە ئۇنىڭ ئىنسانلارنى ئازغۇنلۇقتىن قۇتقۇزۇپ، توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى ئائىلە-ئەۋلادى ۋە ساھابىلىرىگە دۇرۇد ۋە سالاملار بولغاي!.

ئەي قەدىرلىك دىن قېرىنداشىم![1] سىز مەندىن تۆرلۈك ئىلىملارنىڭ غايە-سىرلىرى، ھەر قايسى مەزھەب، ئېقىملارنىڭ دىنغا كەلتۈرگەن زىيانلىرى ۋە ماھىيەتلىرى، مەسلەك ۋە يوللىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان خىلمۇخىل پىرقىلەر ئارىسىدىن ھەقىقەت ئىزدەش جەريانىدا تارتقان جاپالىرىم، ئۆزۈمنىڭ قارىقويۇق

---

[1] بۇرۇنقى بەزى ئالىملار ئۆزىدىن سورالغان بىرەر سوئالغا بىر رىسالە ۋە ياكى بىر كىتاب ئارقىلىق جاۋاب بېرەتتى. غەزالىيمۇ شۇ ئادەت بويىچە ئىش كۆرۈپ، باشقا بىر قاتار ئەسەرلىرىگە ئوخشاش بۇ ئەسىرىنىمۇ كىتابتا ئېيتىلغاندەك بىرسىنىڭ سوئالىغا بېرىلگەن جاۋاب سۈپىتىدە يېزىپ چىققان. بۇ يەردە سوئال سورىغۇچىنىڭ كىملىكى ئېنىق ئەمەس.

تەقلىدچىلىك ئويمانلىقىدىن ئاگلىق چۈشىنىش يۈكسەكلىكىگە قانداق كۆتۈرۈلگەنلىكىم، دەسلەپتە كالام ئىلمىگە بېرىلگەنلىكىم، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەقىقەتنى بىلىشنى بىر-بىر ئىمامغىلا باغلىق قىلىپ قويىدىغان باتىنىيە[1] ئېقىمى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلاردىنمۇ رايىم قايتقانلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن پەلسەپەچىلىك يوللىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارغىمۇ قىزىقمىغانلىقىم، ئىنسانلارنىڭ سۆز ۋە چۈشەنچىلىرى ئۈستىدە تەكرار تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە، كۆزۈمگە چېلىققان ھەقىقەت جەۋھەرلىرى، باغداد شەھىرىدە بىر تالاي ئوقۇغۇچىلىرىمغا دەرس بېرىپ، كېيىن يۇرتۇم نىشاپور[2] غا قايتىپ كېلىشىمنىڭ سەۋەبى قاتارلىقلار توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىشىمنى سوراپسىز. قارىسام، سىز بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىغا ھەقىقەتەن قىزىقىدىكەنسىز، شۇڭا مەن جانابىي ئاللاھتىن ياردەم تىلىگەن، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلغان ۋە بۇ ئىشىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتىنى تىلەپ، ئۇنىڭغا يېلىنغان ھالدا سىزگە جاۋاب بېرىشكە باشلايمەن.

شۇنى بىلگىلاركى، — ئاللاھ سىلەرنى توغرا يولدا بۇرۇشكە مۇۋەپپەق قىلغاي ۋە سىلەرگە ھەقىقەتكە بويسۇنۇشنى قولايلاشتۇرۇپ

---

[1] باتىنىيە- بۇلار يەنە تەئلىمىيە ياكى تەئلىمىيلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ، شىئەلەرنىڭ بىر تارمىقى. ئۇلار ئىمامەت (يولباشچىلىق سالاھىيتى) ئىمام جەئفەرى سادىقتىن كېيىن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمايىلدا ئاياغلاشتى. ئۇ ھازىر غايىب ھالەتتە ئىماملىق ئىمتىيازىنى ساقلاپ تۇرىدۇ، ئۇ ئاخىر زاماندا ئىمام مەھدى (يولباشلىغۇچى) سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ «ھەق - ناھەق ئاستىن- ئۈستۈن بولغان يەر يۈزىدە ئادالەت ئورنىتىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە «يەتتە ئىمامچىلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

[2] نىشاپور- خوراساننىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى. خەلىفە ئوسمان دەۋرىدە ئىسلاملاشقان. ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئىلىم پېشۋالىرى يېتىشىپ چىققان. موڭغۇللار دەۋرىگە كەلگەندە موڭغۇل قوشۇنى تەرىپىدىن تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. ھازىر خارابە ھالىتىدە.

بەرگەي — بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار ئوخشىمىغان دىن ۋە مەزھەپلەرگە مەنسۇپ بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنە ھەربىر مىللەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغان بىر قاتار مەزھەپلەر مەيدانغا كېلىشى بىلەن ئۆزئارا دەتالاش، ئىختىلاپلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىش ئەھۋالى خۇددى بىر چوڭقۇر دېڭىزغا ئوخشاپ قالغان. بۇ دېڭىزدا ئاز بىر قىسىم ئادەملەرلا ساق قالغاندىن باشقا، كۆپىنچىلەر ئۇنىڭغا غەرق بولۇپ تۈگەشتى. ھالبۇكى، ئەمەلىيەت شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ھەر بىر گۇرۇھ بۇ دېڭىزدا ئۆزىنى خەتەردىن ئامان قالغۇچى، نىجاتلىق تاپقۇچى، دەپ ئويلايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتى ھېچ يەرگە بارماي قۇرئان كەرىمدىكى ﴿ھەر بىر فىرقە — گۇرۇھ ئۆز دىنى بىلەن خۇشالدۇر﴾ (سۈرە مۇئمىنۇن، 53- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتنى ئەسلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن راست سۆزلۈك، دېگىنى ئەمەلدە كۆرۈلىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ. «مېنىڭ ئۈممىتىم يەتمىش نەچچە فىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىرلا پىرقە نىجات تاپقۇچىدۇر»[1]، دېگەن سۆزىدىكى ئەھۋالنىڭ نەق ئۆزى بولۇۋاتاتتى. مەن كەمىنىمۇ 20 ياشقا كىرمىگەن ياش، يىگىتلىك چاغلىرىمدىن باشلاپ، تا ھازىرغا قەدەر (ھازىر يېشىم 50 كە بېرىپ قالدى) بۇ دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرىغا سوقۇلۇپ يۈردۈم. قورقۇش ۋە ئېھتىيات دېگەنلەردىن يىراق ھالدا بۇ دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغا جاسارەت بىلەن شۇڭغۇدۇم. ئۇنىڭدىكى ھەرقانداق بىر قاراڭغۇ نۇقتىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ھەر بىر ھالاكەت ئۆتكىلىدىن ھالقىپ ئۆتۈش ئۈچۈن بولۇشىچە غەيرەت قىلدىم. مەن شۇنداق قىلىپ بۇ دېڭىزدا كىمنىڭ «ھەقىقەتچى»، كىمنىڭ «سەپسەتىچى» ئىكەنلىكىنى، كىمنىڭ «سۈننەتچى»، كىمنىڭ

[1] سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد، سۈنەنۇ ئىبنى ماجە، مۇسنەدۇ ئەھمەد، جامىئۇتتىرمىزىيدىن.

«بىدئەتچى» ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ھەر بىر تائىپىنىڭ سىر-ئەسرارلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. مەن بۇ جەرياندا باتىنىييە ئېقىمىدىكىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇلاردىكى باتىنچىلىق (يوشۇرۇنچىلىق) خاھىشىنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولدۇم. زاھىرىيە[1] ئېقىمىدىكىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ زاھىرچىلىق (ئاشكارىچىلىق) خاھىشىنىڭ نېمە ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولدۇم. ھەر قايسى پەيلاسوپلار ياقلىغان پەلسەپۋى تەلىماتلارنىڭ نېمە ماھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولدۇم. كالامچىلارنىڭ مەقسەت-غايىلىرى، مۇنازىرىلىرىدىن خەۋەردار بولۇشقا تىرىشتىم. دەرۋىشلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە تىرىشتىم. زاھىتلار بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ زاھىتلىقى ۋە ئىبادەتگۈيلۇقىنىڭ نېمىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزەتتىم. زىندىق، مۇئەتتىلىلەرگە دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ زىندىق[2] بولۇشلىرى ۋە تەئتىل[3] قىلىش جۈرئىتىگە كېلىشلىرىگە نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولدۇم. مەندىكى ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنى

---

[1] زاھىرىيە ـ قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاشكارا مەنىسى بويىچە چۈشىنىدىغان ۋە شۇنداق چۈشىنىشنى تەرغىب قىلىدىغان ئىدىيۋىي ئېقىم.

[2] زىندىق ـ كۆڭلىدە خۇداغا ئىشەنمىسىمۇ سىرتىدا ئۆزىنى ئىمانلىق كۆرسىتىپ يۈرىدىغان كىشىلەرگە دېيىلىدىغان خاس سۆز، بۇ سۆز ئادەتتە «مۇلھىد»، «دەھرىي» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئوخشاش مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

[3] تەئتىل- بىكار قىلماق، كۈچتىن قالدۇرۇش، دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئاللاھنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتتە كەلگەن بەزى سۈپەتلىرىنى چۈشىنىشتە، ئۇلارنى سۆز مەنىسى بويىچە، ئۆز پېتى چۈشىنىشكە قارشى تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ بىر قىسىم ئايرىلماس سۈپەتلىرىنى يوققا چىقىرىش قىلمىشى ۋە خاھىشىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل خاھىشنى ياقلىغان ۋە ئۇنىڭغا تەرغىب قىلغان ئادەم ئەرەب تىلىدىكى شۇ سۆزنىڭ سۈبېكتىپ سۈپەتداش شەكلى بويىچە مۇئەتتىل- تەئتىلچى دېيىلىدۇ.

بىلىش قىزغىنلىقى بالىلىق چاغلىرىمدىن باشلاپلا مېنىڭ خۇي-ئادىتىمگە ئايلىنىپ كەتكەن، ئاللاھ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا سىڭدۈرۈۋەتكەن تۇغما تەبىئەت بولۇپ، مەندىكى بۇ خىل قىزغىنلىق ئاخىرى بېرىپ، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدىن باشلاپ ماڭا سىڭدۈرۈلگەن ئەنئەنىۋى ئەقىدىلەرگە بولغان باغلىنىشنى يىمىرىپ تاشلىدى. چۈنكى، مەن خىرىستىئان بالىلىرىنىڭ خىرىستىئان بولۇپ، يەھۇدىي بالىلىرىنىڭ يەھۇدىي بولۇپ چوڭ بولىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك، مۇسۇلمان بالىلىرىنىڭمۇ مۇسۇلمان ھالەتتە چوڭ بولىدىغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق بىر ھەدىسمۇ رىۋايەت قىلىنغاندى: «ھەر بىر بالا ئىسلامىي فىترەت ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. ئاتا - ئانىسى بولسا ئۇنى يەھۇدىي قىلىدۇ، ياكى خىرىستىئان قىلىدۇ، ۋەياكى مەجۇسىي قىلىدۇ»[1]. شۇنىڭ بىلەن مەندە ئىنساندىكى ئەسلىي ئۆزلۈك ئاڭنىڭ ماھىيىتى بىلەن بىرگە ئاتا-ئانا، ئۇستازلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللىنىدىغان ئەقىدىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ھەمدە ھەممىسى دەسلەپتە ئۆزگىلەر تەرىپىدىن ئۆگىتىلىش بىلەن ھاسىل بولىدىغان، قايسىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى توغرىسىدا گەپ بىر خىل بولمايۋاتقان بۇ ئەنئەنىۋى ئەقىدىلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ چىقىش ئىستىكى تۇغۇلدى. دەل شۇ چاغدا ئۆز-ئۆزۈمگە شۇنداق دېدىم: «مېنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىشىم ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ ئالدى بىلەن بىلىمنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشىمگە توغرا كېلىدۇ. ماڭا شۇنداق ئايان بولدىكى، ئىشەنچلىك بىلىم دېگەن بۇ بىلىم بىلەن بىلىنگەن نەرسە شەك-شۈبھە چۈشمىگۈدەك دەرىجىدە ئېنىقلىققا ئىگە ، خاتالىق ۋە گۇمانلىق ئېھتىماللىقىدىن يىراق ھەمدە كۆڭۈلگە باشقىچە بولۇپ قېلىشنى ئويلاشمۇ سىغمايدىغان دەرىجىدىكى

---

① سەھىھۇلبۇخارىي ۋە سەھىھۇلمۇسلىمدىن.

بىر تۈرلۈك ئىزچىل ئىشەنچكە ئايلىنىپ [illegible]كى، ئەگەر تاشنى ئالتۇنغا، ھاسىنى ئەجدىھاغا ئايلاندۇرۇپ قويالايدىغان بىر ئادەم چىقسا، ئۇنى يوققا چىقارغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئىشەنچلىكلىكىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەسلىكى كېرەك. دېمەك، مەن ئون سانىنىڭ ئۈچ ساندىن كۆپ بولىدىغانلىقى ماڭا ئېنىق ئىش بولسىمۇ، بىراۋ كېلىپ ئۆزىنىڭ ھاسىنى ئەجدىھاغا ئايلاندۇرۇپ قويالايدىغانلىقىنى پەش قىلىپ تۇرۇپ، ماڭا ئۈچ سانىنى ئون ساندىن كۆپ بولىدۇ، دەپ تۇرۇۋالسا ھەمدە مەن ئۇ ئادەمنىڭ ئەمەلىيەتتە ھاسىنى ئەجدىھاغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرسەممۇ، مەن يەنىلا ئۆزۈمنىڭ «ئون سانى ئۈچ ساندىن كۆپ بولىدۇ»، دېگەن بىلىمىمدىن ھەرگىز گۇمانلانماسلىقىم كېرەك. ماڭا بۇ ئىشتىن قالىدىغان نەتىجە پەقەت ئۇ ئادەمنىڭ ماھارىتىگە ھەيران بولۇپ قېلىشتۇر، خالاس. ئەمما، ئۆزۈمنىڭ بىلىمىدىمۇ چاتاق بولمىسا، بۇ باشقا گەپ.» مەن شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ئاساستا بىلىنمىگەن ۋە شۇ دەرىجىدە ئىشەنچ قىلىنمىغان بىلىمنىڭ ھەر قانداقى ئىشەنچلىك ۋە ساغلام بىلىم بولالمايدۇ، دېگەن تونۇشقا كەلدىم.

# سەپسەتىگە بېرىلىپ، ئەقلىي بىلىملەرنى ئىنكار قىلغانلىقىم توغرىسىدا

شۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئۆز بىلىملىرىم ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. مەن بۇ جەرياندا شۇنى ھېس قىلدىمكى، مەندە تېخى ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسىگە يەتكەن بىلىم يوقكەن. بۇنداق ئىشەنچلىكلىك شەرتىگە چۈشىدىغان بىلىم پەقەت ھېسسىي (سەزمە) ۋە زەرۆرىي (ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم) بىلىملەردىلا تېپىلىدىكەن. مەن بۇ چاغدا ئۆز-ئۆزۈمگە شۇنداق دېدىم: «ئەمدى مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىشتا ھېسسىي ۋە زۆرۈرىي بىلىملەردىن ئىبارەت يۈزەكى بىلىملەرگىلا تايانماقتىن باشقا يول قالمىدى. ئۇنداقتا مەن ئۆزۈمنىڭ ھېسسىي بىلىملەرگە بولغان ئىشەنچىم ھەمدە زۆرۈرىي بىلىملەردە خاتالىقتىن خالىي بولۇشۇم مېنىڭ ئەنئەنىۋى بىلىملەردىكى خاتالىقتىن خالىيلىقىم ھەمدە كۆپىنچە ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك نەزەرىيىۋى بىلىملىرىدىكى خاتالىقتىن خالىيلىقىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ بىر خىل زىيان-زەخمەت يەتمىگەن، ئالدىنىپ قېلىش بولمىغان، ھەقىقىي مەنىدىكى خاتالىقتىن خالىيلىق ئىكەنلىكىگە قارىتا ئېنىق تونۇشقا كېلىش ئۈچۈن بۇ ئىككى خىل بىلىمنى پۇختا ئىگىلىشىم كېرەك ئىكەن».

شۇنىڭ بىلەن مەن ھېسسىي بىلىملەر بىلەن زەرۆرىي بىلىملەر ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىشقا باشلىدىم. بۇ ئويلىنىش جەريانىدا مەن يەنىلا گۇماندىن خالىي بولالمىدىم. بۇ خىل گۇمانلىنىش خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقاندىن كېيىن، كۆڭلۈمدە ھېسسىي بىلىملەردە خاتالىقتىن

ساقلىنىش مۇمكىنچىلىكىگە قارىتا ئۈمىد قالمىدى. مەندە باشتىن شەكىللەنگەن گۇمانمۇ بارغانسېرى زورىيىشقا باشلىدى. بۇ گۇمان ماگا شۇنداق دەيتتى: «سەزگۇ ئەزالىرىغا نىسبەتەن ئىشەنچ قىلىنغۇدەك، كۆزنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ سەزگۇلەر ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈكى. هالبۇكى شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، كۆز سايىگە قارىسا، ئۇنى بىر يەردە جىم تۇرغان، هەرىكەت قىلمايۋاتقان هالەتتە سېزىدۇ، بىر ئاز ئۆتۈپ، ئۇنى كۆزەتكەن، تەجرىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جىم تۇرغان نەرسە بولماستىن، بەلكى هەرىكەتتە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ بۇ هەرىكەتنى ئاز-ئازدىن، بارا-بارا ئورۇندايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ هېچقاچان هەرىكەتتىن توختىمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ. بۇ كۆز يۇلتۇزغا قاراپ، ئۇنى بىر دانە تىللا چوگلۇقىدىكى كىچىك بىر نەرسە هالىتىدە كۆرىدۇ. ئاندىن ئاسترونومىيىلىك دەلىللەر بىلەن ئۇنىڭ يەر شارىدىن چوڭ ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سەزگۇلىرىدىمۇ بىر ئاز تۇرۇۋاتقان زېمىندىن نەچچە هەسسە چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

خۇددى شۇنىڭدەك، كۆزگە ئوخشىغان باشقا سەزگۇلىرىدىمۇ سېزىم بويىچە هۆكۈم قىلىنىدۇ. ئارقىدىن ئەقىل دېگەن هۆكۈمچى كېلىپ، قىلچە يۈز-خاتىرە قىلماي، سېزىم چىقارغان هۆكۈمنى يوققا چىقىرىدۇ. بۇنى هەر قانداق قىلىپ توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ». مەن ئۆز-ئۆزۈمگە شۇنداق دېدىم:

«مانا، هېسسىي بىلىملەرگە بولغان ئىشەنچمۇ يوققا چىقتى. بەلكىم، ئەقلىي (ئاگقىرىما) بىلىملەردە ئىشەنچ بولۇشى مۇمكىن، يەنە كېلىپ بۇ بىلىملەر بىزنىڭ ئون سانى ئۈچ ساندىن كۆپ، بىر نەرسىدە هەم ئىنكار هەم ئىسپات ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، بىر نەرسە بىرلا ۋاقىتتا كونا هەم يېڭى، يوق هەم بار، ئىمكانلىق هەم ئىمكانسىز بولمايدۇ، دېگەنگە ئوخشىغان، ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ئاددىي بىلىملەرگە ياتىدىغۇ».

شۇ چاغدا بايا مەن ئىنكار قىلىۋەتكەن ھېسسىي بىلىملەر بىردىنلا زوۋانغا كېلىپ مۇنداق دېدى: «سەن نېمىگە ئاساسەن، ھېسسىي بىلىملەرگە ئىشەنگەندەك، ئەقلىي بىلىملەرگىمۇ ئىشەنگۈدەكسەن، ھالبۇكى، سەن بۇرۇنمۇ ماڭا ئىشەنگەنىدىڭ، كۆتمىگەن يەردىن ئەقىل دېگەن ھۆكۈمچى كېلىپ مېنى ئىنكار قىلىۋەتتى، ناۋادا ئەقىل ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولسا، سەن ھېلىغىچە ماڭا ئىشىنىپ كەلگەن بولاتتىڭ. ناۋادا سەن ئىشەنگەن ئەقىلنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر ھۆكۈمچى بولۇپ قېلىپ، ئۇ كېلىپ ئەقىل ھېسسىنىڭ ھۆكۈمىنى يوققا چىقارغاندەك، ئەقىلنىڭ ھۆكمىنى يوققا چىقىرىۋەتسە، ئۇچاغدا قانداق قىلىسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ خىل ئىدراكنىڭ ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۆزىنى كۆرسەتمەسلىكى ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە يوق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرمايدىغۇ».

مەن سېزىمىمنىڭ بۇ سوئالىغا دەرھال جاۋاب بېرەلمىدىم. سېزىمىم بۇنى ئۇيقۇ بىلەن چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ مۇنداق دېدى: «سەن ئۇيقۇلۇق ھالىتىڭدە، ھەر خىل چۈشلەرنى كۆرىسەن، چۈشەنچىلەردە بولۇپ، تۈرلۈك خىياللارنى قىلىسەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋە بارلىق ئۇيقۇدىكى ۋاقىتلىق، ئاشۇ ئىشلار ئىكەنلىكىنى كاللاڭغا كەلتۈرمەيسەن، ئۇلارنىڭ چىنلىقىدىن گۇمانلانمايسەن. ئەمما، سەن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن بولسا، ئۇيقۇلۇقتا قىلغان ئىشلار، خىياللار، ئويلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يالغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى بىلىسەن. ئەنە شۇنداق تۇرۇپ، سېزىم ياكى ئەقىل بىلەن ئېرىشكەن ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئويغاقلىق ھالىتىڭگە نىسبەتەن چىن ۋە ھەقىقىي بولىدىغانلىقىغا قانداقمۇ ئىشىنەلىگۈدەكسەن؟ لېكىن، بۇ يەردە سېنىڭ ئويغاقلىق ھالىتىڭگە ئۇيقۇلۇق ھالىتىڭ سېلىشتۇرما بولغىنىدەك، ئويغاقلىق ھالىتىڭگە سېلىشتۇرما بولالايدىغان يەنە بىر خىل ھالەت يۈز بېرىپ، سېنىڭ ئويغاقلىقىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۇيقۇلۇق ھالەت بولۇپ قېلىشى تۇرغانلا

گەپ. ناۋادا ئاشۇنداق بىر ھالەت يۈز بەرسە، سەن شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، سەن ئەقىل بىلەن بىلىپ يەتكەن بارلىق نەرسىلەر بىر دۆۋە قۇرۇق خىيالغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بەلكىم، بۇ ھالەت بىر ھېسابتا ئۆلۈم بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۇخلىغۇچىدۇر، ئۇلار قاچان ئۆلسە، شۇ چاغدا ئويغىنىدۇ»[1]. بەلكىم، ئاخىرەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۇنيا ھاياتى پەقەت بىر ئۇيقۇ بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن كۆرىدىغان ئىشلار دەل بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ئەكسى ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، ئىنسان قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھقا ھەيدەپ كېلىنگەندە، ئۇنىڭغا: ﴿ئەمدى پەردەڭنى سەندىن كۆتۈرۈۋەتتۇق﴾ (سۈرە قاف، 22- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېيىلىدىغۇ؟!»

مەندە يۇقىرىقى ئويلار تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى زادىلا كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتەلمەي، ئارىسالدى بولۇپ يۈردۈم. مەن تىنىمسىز رەۋىشتە بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەيتتىم. بىراق، تاپالمايتتىم. سېزىمىمنىڭ دېگەنلىرىنى يوققا چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن پاكىت كېرەك ئىدى. بۇ پاكىتمۇ يەنە شۇ ئەقلىي بىلىملەردىن ئۆرە بولاتتى. پاكىتقا كېتەرلىك بىلىم مۇسەللەم (ئاكسىئوما) دەرىجىلىك بىلىم بولمىسا، پاكىت پاكىت بولماي قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەندىكى بۇ دەردكە داۋا تېپىلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئىككى ئايغا يېقىن گەپ-سۆزۈم، سىرتقى ھالىتىم بويىچە ئەمەس، روھىي ھالىتىم بويىچە قارىغاندا سەپسەتىگە بېرىلىپ يۈرگەن ئادەم بولدۇم. لېكىن، بۇ ئەھۋاللارنى تېشىمغا چىقارمايتتىم. ئاخىرى، ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن كېسىلىم شىپا تېپىپ، روھىي ھالىتىم ئەسلىگە كەلدى. ئەمدى مەندە زۆرۈرىي ۋە ئەقلىي بىلىملەرگە قارىتا قايتا ئىشەنچ تۇغۇلغان

① ھەدىس ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە كۆرە، بۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مەۋقۇف ھەدىس ئىكەن.

ئىدى. بۇ خىل ئىشەنچىنىڭ بارلىققا كېلىشى، قانداقتۇر بىر دەلىللەرنى تۈزۈپ، سۆزلەرنى رەت-رېتىگە كەلتۈرۈش بىلەن بولماستىن، بەلكى، ئاللاھ كۆڭلۈمگە تاشلىغان بىر نۇر بىلەنلا ئىشقا ئاشتى. ئاللاھ كۆڭلۈمگە تاشلىغان بۇ نۇر بارلىق بىلىملەرنىڭ ئاچقۇچى ئىدى. كىمدە كىم بۇ خىل كەشىپ(ئىلاھىي ئىلھام)نى ئاللىبىر تۇجۇپىلەنگەن دەلىل-پاكىتلارغا باغلىق قىلىپ قويىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ بۈيۈك ئاللاھنىڭ كەڭرى تۇرغان رەھمىتىنى تار چۈشىنىۋالغان بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئاللاھنىڭ: ﴿ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن كېڭەيتىدۇ﴾ (ئەنئام سۈرىسى، 125- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)، دېگەن سۆزىدىكى ﴿كەڭرى قىلىش﴾ دېگەننىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكى سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ: «ئۇ بولسا، ئاللاھ بەندىنىڭ قەلبىگە تاشلايدىغان نۇردۇر»، دېگەنىكەن. ساھابىلەر يەنە رەسۇلۇللاھتىن: «ئۇنىڭ بەلگىسى قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «غەرۇر (ئالدامچى) دۇنيادىن يىراقلىشىپ، مەڭگۈلۈك دۇنياغا بېرىلىشتۇر»، دېگەنىكەن[1]. رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدىمۇ دەل شۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتقانىدى: «ئاللاھ ئىنسانلارنى دەسلەپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يارىتىپ، كېيىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۆز نۇرىنى سەپكەن»[2]. ئىنساندىكى كەشىپ (ئىلاھىي ئىلھام) ئاشۇ نۇردىن ئىزدىلىشى كېرەك. ئاللاھنىڭ ئىلاھىي ساخاۋىتىدىن ئىبارەت بۇ نۇر، پەقەت ئايرىم چاغلاردىلا پارلاپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن خۇددى

---

[1] ئىمام ئىبنى جەرىر، ئىمام ئەبدۇررازاق، ئىمام ئىبنى ھاتەم ۋە ئىمام ئىبتى كەسرلار توپلىغان.

[2] بۇ ھەدىسنىڭ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ «مۇسنەد» دېگەن كىتابىدىكى ۋارىيانتىدا يۇقىرىقى مەزمۇندىن كېيىن: «ئۇ نۇرنى تاپالىغانلار توغرا يول تاپىدۇ، تاپالمىغانلار ئازىدۇ» دېگەن مەزمۇنمۇ بار.

رەسۇلۇللاھنىڭ: «سىلەرنىڭ ھاياتىڭلاردا بەزى- بەزىدە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ رەھمەت شامىلى ئېسىپ قالىدۇ. سىلەر سەگەك تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۇچرىشىۋېلىڭلار»[1] دېگىنىدەك، ئۇنى دائىم كۆزىتىپ تۇرۇش كېرەك.

مېنىڭ بۇ جەريانلارنى تىلغا ئېلىشتىكى مەقسىتىم، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىشتە تىرىشچانلىقنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئادەتتە ئىزدىنىشكە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەر ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىشكە باشلايدىغان دەرىجىگە يېتىش كېرەكلىكىنى ھەرقايسىڭلارغا بىلدۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت. چۈنكى، ئادەتتە كۈندىلىك بىلىملەر (بەدىھىيياتلار) ئۈستىدە ئىزدىنىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق بولۇپ، ئۇ بىلىملەرنى ھەممىمىز بىلىمىز. بۇنداق، كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان ئېنىق نەرسىلەر ئۈستىدە يىڭۋاشتىن ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلسا، ئۇلار بىردىنلا ئېنىقسىز، تۇتامسىز نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. قانداقلىكى ئادەم ئىلىم يولىدا ئىزدىنىشكە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەر ئۈستىدىمۇ ئىزدەنسە، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىزدىنىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەرگە كۈچىمەسلىك بىلەن ئەيىبلەنمەيدۇ.

[1] بۇ ھەدىسنىڭ ھەدىسشۇناس سۇيۇتىيىنىڭ «فەتھۇلكەبىير» دېگەن كىتابىدا كەلتۈرۈلگەن ۋارىيانتىدا يۇقىرىقى مەزمۇندىن كېيىن: «مەن بۇ رەھمەت شامىلىنىڭ سىلەر بىلەن ئۇچرىشىشىنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ مەڭگۈ بەختسىز بولماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن مەزمۇن ئارتۇق،

# ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ تۈرلىرى

ئاللاھنىڭ كۆيۈمى ۋە كەڭرى ساخاۋىتى بىلەن كېسەلىم شىپالىق تېپىپ، كاللام تىنچىدى. مەن بۇ چاغدا ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرنى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىپ چىقتىم. ئۇلار: كالامچىلار، ئەھلى تەئلىملەر، پەيلاسوپلاردىن ئىبارەت.

كالامچىلار: ئۇلار ئۆزىنى چۈشەنچە، پاراسەت ئۈستىدىكى كىشىلەر، دەپ بىلىدۇ.

باتىنىيلەر: بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنى تەئلىم كۆرگەنلەر (ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ مەخپىي تەرغىبات ھەرىكىتى بويىچە تەربىيىلەنگەنلەر، بىلىم تاپقانلار، دېمەكچى - ت) ۋە گۇناھتىن خالىي (مەئسۇم) ئىمامنىڭ پېشىنى تۇتقۇچىلار، دەپ قارايدۇ.

پەيلاسوپلار: بۇلار ئۆزلىرىنى مەنتىق ۋە پاكىت ئىگىلىرى، دەپ قارايدۇ.

مەن ئىچىمدە شۇنداق دېدىم: «ھەقىقەت مانا مۇشۇلاردىن باشقىلاردا تېپىلمايدۇ. نۆۋەتتە پەقەت ئاشۇلارلا ھەقىقەت ئىزدەش يولىدا كېتىشىۋاتىدۇ. ناۋادا بۇلارنىڭ قېشىدىنمۇ ھەقىقەت تېپىلمىسا، ئۇ چاغدا ئۇنى تېپىشتىن ئۈمىد قالمايدۇ. چۈنكى، ئەمدىلىكتە ئاللىبۇرۇن قول ئۈزۈپ بولغان ئەنئەنىۋى بىلىملەرگە قايتىشنىڭ ئورنى يوق. تەقلىدچى (ئۇدۇمچى) بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ تەقلىدچى ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكى كېرەك. ناۋادا ئۇ بۇنى قەلب كۆزى بىلەن بىلىپ قالسا، ئۇنىڭ تەقلىدتىن بارلىققا كەلگەن بىلىمى شىشە سۇنغاندەك چۇل-چۇل بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھالدا ئۇ تۇتاشتۇرغىلى بولمايدىغان يېرىقچا، قۇراپ، ھەملاپ بىر يەرگە ئەكەلگىلى

بولمايدىغان چۇۋالچاق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ. بۇ چاغدا، بۇ تەقلىدىي بىلىمنى ئوتقا سېلىپ ئېرىتىپ، ئۇنى يېڭى بىر بۇيۇم قىلىپ ياساپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ».

شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭ يوللىرىدا مېڭىپ كۆرۈشكە، بۇلارغا تەۋە نەرسىلەرنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە چۈشىنىپ چىقىشقا ئاتلاندىم.

مەن ئالدى بىلەن كالام ئىلمى، ئاندىن پەلسەپە يوللىرىنى، كېيىنكى قەدەمدە تەئلىمچىلىك مەزھىپىنى تەتقىق قىلدىم.

# كالام ئىلمىنىڭ مەقسىتى ۋە ئۇنىڭ قازانغان ئۇنۇمى توغرىسىدا

مەن شۇنىڭدىن كېيىن كالام ئىلمىنى تەتقىق قىلىشقا باشلاپ، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسە بولسىلا ئۆگەندىم. ئۆگەنگەنلىرىم ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ باردىم، ئويلاندىم. بۇ ساھەدىكى داڭلىق كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىقتىم. شۇ جەرياندا ئۆزۈم خالاپ قالغان بەزى تېمىلاردا كىتابمۇ يازدىم. مەن تۇساتتىن شۇنى سەزدىمكى، بۇ پەن گەرچە ئۆز مەقسىتىنى ئاقلاۋاتقان ۋە ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن ئوبدانلا چىقىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ مەقسىتىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىكەن. بۇ ئىلىمنىڭ مەقسىتى ئەھلى سۈننە (سۈننەتپەرۋەر مۇسۇلمانلار)نىڭ ئەقىدىسىنى قوغداپ، ئۇنى ئەھلى بىدئەتنىڭ قالايمىقانچىلىقىدىن ساقلاپ قېلىش ئىدى. خۇددى قۇرئان ۋە ھەدىستە ئېيتىلغاندەك، بۈيۈك ئاللاھ بەندىلىرىگە ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشىلىق تېپىشىنىڭ ئاساسى بولغان ھەق ئەقىدىنى چۈشۈرۈپ بەرگەن بىر ۋەزىيەتتە، شەيتان كېلىپ بىدئەتچى بۇزۇقلارنىڭ كۆڭلىگە سۈننەتكە خىلاپ ئىشلارنىڭ ۋەسۋەسىسىنى پەيدا قىلدى. بۇ بىدئەتچى كۈچلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە بېرىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ توغرا ئەقىدىسىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىشقا باشلىدى. دەل مانا مۇشۇنداق بىر شارائىتتا، ئاللاھ مۇتەكەللىملەر (كالامچىلار) جامائەسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇلاردا سۈننەتنى،

ئاللاھنىڭ دىنىنى كېلىشتۈرۈلگەن سۆز-جۈملىلەر، ئېدىتلىق بايانلار بىلەن ھىمايە قىلىش ئىستىكىنى قوزغاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن بىدئەتچىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى سۈننەتكە خىلاپ خاتا ئىشلىرىنى پاش قىلىشقا كىرىشتى. بىز دەۋاتقان كالام ئىلمى ۋە كالامچىلار دەل مۇشۇ ئېھتىياجىدىن بارلىققا كەلگەندى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن جانابىي ئاللاھ ئۆز دىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىگە ۋەكالەتچى قىلغان بىر جامائەت مەيدانغا كەلدى. ئۇلار سۈننەتنى قوغدىدى، پەيغەمبەردىن قالغان ئەقىدىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش ۋە بىدئەتچىلىكنى يوقىتىش يولىدا كۈرەش قىلدى. لېكىن، بۇلار ئىش ئېلىپ بارغاندا، ئۆز رەقىبلىرى ۋە دۈشمەنلىرىدىن قوبۇل قىلغان ئاساسلارغا تاياندى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار يا ئەنئەنىگە بېقىنىش، ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاقلاشما (ئىجتىمائىي) قاراشلىرىغا بېقىنىش ۋەياكى قۇرئان ۋە سۈننەتتىن پايدىلىنىش سەۋەبلىك ئاشۇ خىل تايىنىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغاندى. ئۇلارنىڭ كۆپرەك شۇغۇللىنىدىغان ئىشى قارشى تەرەپنىڭ ئىدىيىسىدىكى زىددىيەتلىك نۇقتىلارنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلاردا مۇتلەق ھەقىقەت-ئاكسىئوما، دەپ قارالغان نەرسىلەردىن چاتاق چىقىرىپ، ئۇلارنى يەرگە قارىتىش ئىدى. ئەقلىي بىلىملەردىن باشقىغا قايىل بولمايدىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن بۇ خىل ئۇسۇل بەك ئاز ئۈنۈم بېرەتتى. دېمەك، بۇ ھالەتتە تۇرغان كالام ئىلمى مېنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. مەن ھېلىغىچە دەردىمنى تارتىپ كېلىۋاتقان ئاغرىققا تېخى شىپا بولالمىدى. ھەقىقەتەن شۇنداق بولدى. كالام ئىلمى بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا، ئۇنىڭ خېلى بازىرى چىققانىدى، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، كالامچىلار سۈننەتنى قوغداشتا بىر قىسىم ماھىيەتلىك نەرسىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشكە قىزىقىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەۋھەر (سۇبستانسىيە)، ئەرز

(ئاكسىدىنىسىيە) قاتارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا ئىزدىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. بىراق، بۇ خىل ئىزدىنىش ئەسلىدىن كالام ئىلمىنىڭ نىشانى بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى ساھەلەردىكى تەتقىقاتىمۇ ھەق-دادىغا يېتەلمىدى ھەمدە ئۇ تۈرلۈك ئىختىلاپ، دە-تالاش زۇلمىتى ئىچىدە گاڭگىراپ قالغان كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىنى يورۇتۇش رولىنى ئوينىيالمىدى. بەلكى، كالام ئىلمى مېنى قانائەتلەندۈرەلمىگىنى بىلەن، مەندەك بىر-ئىككى ئادەم ئەمەس، بىر توپ جامائە بويىچە ئۇلارنىڭ يولىدىن قانائەت تاپقانلار باردۇر. لېكىن، نېمىلا دېگەن بىلەن، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئەقلىيلىققا ياتمايدىغان ئىشلاردىكى قانائىتى ئەنئەنىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغان ئەبجەش قانائەت ئىدى. مېنىڭ بۇلارنى دەپ ئۆتۈشۈمدىكى مەقسىتىم، پەقەت ئۆزۈمگە تەئەللۇق، مېنىڭ ئۆزۈمدىلا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى بىلدۈرۈپ ئۆتۈشكى. ھەرگىزمۇ باشقا بىراۋلارنىڭ مەن قانائەت تاپالمىغان ئۇ نەرسىلەردىن قانائەت تاپالىشىنى يوققا چىقارغانلىق ئەمەس. دورا دېگەن كېسەلگە قاراپ بۇيرۇلىدىغان نەرسە. گاھىدا ئوخشاش ئاغرىغان ئىككى كېسەلنىڭ بىرىگە پايدا قىلغان دورا، يەنە بىرىگە زىيان قىلىشى مۇمكىن.

# پەلسەپە ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلى

1. ئالقىشلىنىدىغان پەلسەپە ۋە قارشى تۇرۇلىدىغان پەلسەپە.

2. تىلغا ئالغان ئادەم دىنسىز بولۇپ كېتىدىغان پەلسەپە ۋە دىنسىز بولمايدىغان پەلسەپە.

3. بىدئەتكە ياتىدىغان ۋە ياتمايدىغان پەلسەپە.

4. پەيلاسوپلارنىڭ ھەقىقەتچىل كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغۇرلاپ ئىشلەتكەنلىكى.

5. پەيلاسوپلارنىڭ ئۆزىنىڭ خاتا ئىدىيىلىرىنى ئالقىش تاپتۇرۇش ئۈچۈن، ئەھلى ھەق قاراشلىرىغا ئۆز قاراشلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكى.

6. كىشىلەرنىڭ، پەيلاسوپلارنىڭ ھەق بىلەن ناھەق ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن قاراشلىرىدىن نەپرەتلەنگەنلىكى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلمىغانلىقى.

7. پەيلاسوپلارنىڭ قاراشلىرىنىڭ ساپ ۋە توغرىلىرىنى ساختا ۋە خاتالىرىدىن قانداق ئايرىپ چىقىلىدىغانلىقى

مەن كالام ئىلمى ئۈستىدە ئىزدىنىپ بولغاندىن كېيىن، پەلسەپىگە ئۆتتۈم. مەن ئىشەنچ بىلەن شۇنداق قارىدىمكى، ھەر قانداق بىر پەننى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەتقىق قىلمىغان ئادەم ئۇ پەننىڭ زىيانلىق تەرەپلىرىنى بىلىپ يېتەلمەيدۇ. بۇنداق مەقسەتكە يېتىمەن، دېگەن ئادەم قايسى پەنگە كىرىشكەن بولسا؛ ئۇ ئادەمنىڭ بۇ پەندىكى بىلىمى ئەقەللىيسى شۇ ساھەدە ئەڭ بىلىملىك ھېسابلىنىدىغان بىراۋنىڭ بىلىمىگە تەڭلەشكەن، بولسا ئۇنىڭدىن ھالقىپ كەتكەن چاغدىلا، ئاندىن ئۇ ئادەم شۇ پەننىڭ باشقىلار بىلىپ يەتمىگەن ماھىيەتلىرى ۋە

زىيانلىق تەرەپلىرىنى بىلەلىشى مۇمكىن. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئىناۋىتى بولىدۇ. مەن ئىسلام ئالىملىرى ئىچىدە بۇ ئىشقا دىققەت قىلغان ۋە ئەھمىيەت بەرگەن بىرەر ئادەمنى ئۇچرىتالمىدىم.

كالام ئىلمى ئالىملىرىنىڭ، پەيلاسوپلارنىڭ قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىپ يازغان كىتابلىرىغا قارىغۇدەك بولساق، ئۇلارغا يېزىلغان مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىدىن چىگىش، چېچىلاڭغۇ، زىددىيەتلىك، ئەپلەشمىگەن بىر نەرسىلەر بولۇپ چىقىدۇ.

بۇنداق نەرسىلەرگە ئۆزىنى ئىلىم سىرلىرىغا خەۋەردار، دەپ بىلىدىغان بىرسىنى ئەمەس، بەلكى ئاددىي، قارا قورساق ئادەمنىمۇ قايىل قىلغىلى بولمايتتى. دېمەك، مەن شۇنى بىلىپ يەتتىمكى، بىرەر مەزھەپنى ياخشىراق چۈشەنمەي، ئۇنىڭ تەگ-ماھىيىتىگە يەتمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشكە تۇتۇنۇش قارىسىغا ئوق ئاتقانلىق بىلەن باراۋەر ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن يېڭىۋاشتىن غەيرەتكە كېلىپ، پەلسەپىگە ئائىت كىتاب-ماتېرىياللارنى تولۇق توپلاپ چىقىپ، ئۆزۈمنىڭ ئەسەر يېزىش ۋە ئوقۇغۇچىلىرىمغا شەرىئەت ئىلىملىرى بويىچە دەرس بېرىشتىن سىرتقى بوش ۋاقىتلىرىمدا، ئوقۇتقۇچىنىڭ ياردىمىسىز ھالدا ئۇلارنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم. مەن شۇ چاغدا باغداد شەھىرىدە 300 نەپەرگە يېقىن ئوقۇغۇچىغا دىنىي ئىلىملەردىن دەرس بېرەتتىم. ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك ئاللاھ مېنى ئەنە شۇ ئاشقان — تاشقان ۋاقىتلاردا ئۆگىنىپ قويغان بىلىملىرىم بىلەن ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پەلسەپە بىلىملىرىدىن تولۇق خەۋەردار قىلدى.

مەن شۇنىڭدىن كېيىن تەخمىنەن بىر يىلچە ۋاقىت ئۆگەنگەنلىرىمنى پىششىقلاپ، ئۇلار ئۈستىدە مۇلاھىزە، ئويلىنىش ئېلىپ بېرىپ، پەلسەپەنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرى ۋە باشقا ماھىيەتلىك

نەرسىلەر ھەققىدە ئەستايىدىل ئىزدەندىم. مەن ئاخىرى بۇ ئىزدىنىشلىرىمنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، پەلسەپىدىكى ھەقىقىي ۋە ساختا نەرسىلەردىن دېيەرلىك خەۋەردار بولدۇم. مەن بۇ جەريانىدا پەيلاسوپلارنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا تەۋە بىلىملەرنىڭمۇ بىر نەچچە تارماققا بۆلۈنىدىغانلىقىنى بىلدىم. ھالبۇكى، ئۇلار قانچە تۈرلۈك بولۇپ كەتمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن پېشۋالىرى بىلەن كېيىنكىلىرى ئارىسىدا ھەقىقەتكە يېقىنلىق ياكى يىراقلىق بويىچە زور پەرق بولغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ھەر قاندىقىغا ئۇنداق ياكى مۇنداق شەكىلدىكى ئېتىقادسىزلىق، ئىلھاد (دەھرىيلىك) تامغىسى بېسىلغان بولىدىكەن.

# پەيلاسوپلارنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى ۋە ھەممىسىنىڭ دىنسىزلىقتىن خالىي ئەمەسلىكى توغرىسىدا

سىز شۇنى بىلىڭكى، پەيلاسوپلار ئادەتتە نۇرغۇنلىغان ئۇششاق پىرقىلەرگە ۋە ئوخشىمىغان مەزھەپلەرگە مەنسۇپ بولۇش بىلەن بىللە ئومۇمىي ئالاھىدىلىك ۋە تۈپكى خاسلىق بويىچە ئۇلارنى مۇنداق ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1. دەھرىيلەر.
2. تەبىئەتچىلەر.
3. ئىلاھىيەتچىلەر.

دەھرىيلەر — بۇ تۈركۈمدىكىلەر پەلسەپىچىلەر ئىچىدىكى تارىخى ئەڭ ئۇزۇنلاردىن بولۇپ، ئۇلار ئالەمنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئۇنى باشقۇرىدىغان، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان، ھەممە ئىشقا كۈچى يېتىدىغان بىر قۇدرەت ئىگىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار دۇنيا ئەزەلدىن بىر ياراتقۇچىسىز ھالدا ئۆز-ئۆزىدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، ھايۋانلار ئىسپېرمىدىن، ئىسپېرما بولسا يەنە شۇ ھايۋاندىن بارلىققا كېلىش ئارقىلىق ھاياتلىق ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە مەڭگۈ مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇلار ئادەتتە زىندىقلار، دېيىلىدۇ.

تەبىئەتچىلەر — بۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئۆسۈملۈك، ھايۋاناتلار ئۈستىدە كۆپ كۆزىتىش، ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. بولۇپمۇ، ئۇلار شۇ قاتاردا ھايۋاناتلار ئاناتومىيىسى بىلەن كۆپلەپ شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئاللاھنىڭ بىرياراتقۇچى، ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى بىر زاتنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىغان، ئەقىل تاڭ قالىدىغان سەنئەتلىرىنى، نەپىس ھېكمەتلىرىنى كۆرۈپ، ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتتى. لېكىن، ئۇلاردا تەبىئەت توغرىسىدا ئىزدىنىش كۆپەيگەنسېرى، مۇنداق بىر خىل قاراش باش كۆتۈردى. ئۇ بولسىمۇ جانلىقلاردىكى ھاياتلىق ئىقتىدارىنىڭ بېجىرىملىكىگە ئۇلاردىكى مىزاج تەڭپۇڭلۇقى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشتىن ئىبارەت. ئۇلار تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئىنساندىكى ئەقلىي ئىقتىدار نورماللىقىمۇ يەنە ئوخشاشلا مىزاجقا باغلىق. مىزاج بۇزۇلغاندا، ئەقلىي نورماللىقىمۇ بۇزۇلىدۇ. ئەگەر بىراۋ مىزاج بۇزۇلۇش بىلەن ئەقلىدىن پۈتۈنلەي ئازسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ساق ئەقلىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، دەپ قارىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قارىشىدىن، ئادەمدىن جان چىقىپ كەتسە، ئەسلىگە قايتمايدۇ، دېگەن يەكۈننى چىقاردى. بۇلار شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاخىرەتنى، جەننەت، دوزاخ، تىرىلىش، قىيامەت كۈنى دېگەنلەرنى ئىنكار قىلدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئىبادەتكە ساۋاب، گۇناھقا ئازاب بولمايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلار يولدىن چىقىپ ئەيش- ئىشرەت، راھەت- پاراغەت قويىنىغا ھايۋانلارچە ئۆزىنى ئاتتى. بۇ خىلدىكى پەيلاسوپلارمۇ يەنە زىندىقلار قاتارىدا قارىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىنكار قىلىۋەتكەن «ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش» كىشىنى مۆئمىن دېيىشنىڭ ئاساسىدۇر. ئۇلار گەرچە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك سۈپەتلىرىگە ئىشىنىشكەن بولسىمۇ ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلدى.

ئىلاھىيەتچىلەر — بۇلار كېيىنكى تۈركۈمدىكى پەيلاسوپلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋەكىللىكلىرى سوقرات (ئەپلاتوننىڭ ئۇستازى)، ئەپلاتون (ئارىستوتىلنىڭ ئۇستازى) ۋە ئارىستوتىللاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئارىستوتىل دېگىنى تۇنجى بولۇپ لوگىكا پەننى قائىدىلىرىنى يېڭىدىن رەتلەپ چىققان، پەنلەرنى تۈرگە ئايرىغان، پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە زور ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى بېيىتقان، پەلسەپە ساھەسىدىكى بىر قىسىم خام بىلىملەر ئۈستىدە پىششىقلاش ئېلىپ بارغان. بۇ تۈركۈمدىكىلەردىن مەيلى ئارىستوتىل بولمىسۇن، ياكى باشقىلار بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق ھالدا ئالدىنقى ئىككى تۈركۈمدىكى پەيلاسوپلارغا قارشى تۇرغان ۋە ئۇلارغا قارشى باشقىلارغا ئاشمىغۇدەك دەرىجىدە كۆرەش ۋە تەنقىدلەرنى ئېلىپ بارغان. ھەر ھالدا بۇلارنىڭ بۇنداق ئۆزئارا ئېلىشىشى نەتىجىسىدە، ئاللاھ مۆئمىنلەرنى ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ يۈرۈش ئاۋارىچىلىكىدىن ساقلاپ قالدى. بۇ تەنقىدنى كېيىنكىلەردىن ئارىستۇتىل ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئەپلاتون، سوقراتلارغا ۋە بۇلاردىن بۇرۇنقى ئىلاھىيەتچى پەيلاسوپلارغا قارشى ئېلىپ بېرىپ، تەنقىد قىلغۇدەكلا نەرسە بولسا قويۇپ قويمىدى. ئارىستۇتىل ئۆز تەنقىد ۋە يەكۈنىدە ئۇلارنىڭ بارلىق ئىدىيىسىگە قارشى تۇردى. ئارىستۇتىل ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرى ئۈستىدە ئاياۋسىز تۈردە تەنقىد ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن ئۈزۈل-كېسىل بولغانلىقىنى كۆرسەتتى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدا ئۆزى تەنقىد يۈرگۈزگەن ئاشۇ پەيلاسوپلارنىڭ كۇفرى ۋە بىدئەتكە ياتىدىغان ئىدىيىلىرىنىڭ تەسىرى ئازدۇر-كۆپتۇر ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ بۇنىڭدىن ھە دېگەندە، ئۆزىنى تارتالمىغان. شۇنىڭغا كۆرە، ئۇلارنى بىر پۈتۈن ھالدا دىنسىزلىق بىلەن ئەيىبلەيمىز ھەمدە مۇسۇلمان پەيلاسوپلاردىن فارابى، ئىبن سىنا ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭغان باشقىلارنىمۇ ئوخشاشلا دىنسىزلىق

بىلەن ئەيىبلەيمىز. بۇ ئىككى ئادەم ئارىستوتىل ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش ساھەسىدە زور ئەمگەك قىلغان بولۇپ، مۇسۇلمان پەيلاسوپلاردىن ھېچكىم ئۇلارچىلىك ئىش قىلغان ئەمەس. ئۇلاردىن باشقىلارنىڭ بۇ ساھەدە قىلغان ئەمگەكلىرىدە ھە دېگەندە مۇجمەللىك ۋە چۇۋالچاقلىقلار ساقلانغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىرەر نەرسىنى چۈشىنىپ ئالالىشى قىيىن. ھالبۇكى، بۇنداق مۇجمەل ۋە چۈشىنىكسىز نەرسىنى قانداقمۇ رەت قىلغىلى ياكى قوبۇل قىلغىلى بولسۇن، دەيسىز. بۇ ئىككى ئادەمنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئاستىدا بىزگە يېتىپ كەلگەن ئارىستوتىل پەلسەپىسىگە دائىر مەزمۇنلار مۇنداق ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

1. دىنسىزلىق مەزمۇنى بولغانلىرى
2. بىدئەتلىك مەزمۇنى بولغانلىرى
3. ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغانلىرى

بۇلارنىڭ ھەر بىرىنى تۆۋەندە تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

بىلىشىڭىز كېرەككى، پەلسەپە پەنلىرى مۇنداق ئالتە تۈرلۈك بولىدۇ: رىيازىيات (ماتېماتىكا پەنلىرى)، لوگىكا، فىزىكا، ئىلاھىيات (تېئولوگىيە)، سىياسەت، ئەخلاق (ئېتىكا).

1. ماتېماتىكا پەنلىرى: بۇ ئومۇمەن ئارفمېتىكا، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە پەنلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پەنلەردە ئىسپاتلاش ياكى ئىنكار قىلىش بويىچە دىنغا چېتىلىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق. بەلكى، ئۇنىڭدىكى بىلىملەر كۈچلۈك پاكىتچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنى چۈشەنگەن ۋە بىلگەن شارائىتتا ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئورنى قالمايدۇ. بۇ پەنلەردىن تۆۋەندىكى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئاپەت كېلىپ چىقىدۇ:

بىرىنچى، بىر ئادەم پەلسەپەنىڭ بۇ ساھەسىدىكى بىلىملەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ شۇ قەدەر ئىنچىكە ۋە نازۇك بىر پەن ئىكەنلىكى

ھەمدە ئۇنىڭدىكى كۈچلۈك ئاساسلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا تەبىئىي ھالدا پەيلاسوپلار ھەممىدە يېتىشكەن، مۇكەممەل ئادەملەر ئىكەن، دەيدىغان تەسىرات شەكىللىنىدۇ.- دە، پەيلاسوپلارنىڭ بارلىق بىلىم-پاراستى ئۆزىنىڭ ئېنىقلىقى ۋە پاكىتچانلىقىدا يۇقىرىقى ماتېماتىكا بىلىملىرىدىن قېلىشمايدۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇ، بۇ پەيلاسوپلارنىڭ دىنسىزغا ياتىدىغان، ئاللاھنىڭ بىر قىسىم سۈپەتلىرىنى يوققا چىقىرىدىغان، شەرىئەتنى مەنسىتمەيدىغان مەزمۇندىكى گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلىغان چېغىدا، ئۇ ئادەم ئۆزىدىكى، پەيلاسوپلار ھەممە جەھەتتە يېتىشكەن كىشىلەر، دېگەن ئىدىيىنىڭ سەۋەبى بىلەن، ئۇ پەيلاسوپلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ دىننى ئىنكار قىلىپ، كۇفرانى سۆزلەرنى قىلىپ تاشلايدۇ. ئۇ ئۆزىچە شۇنداق دەپ ئويلايدۇ: «ئەگەر دىن راستتىنلا ھەقىقەت بولغان بولسا، ئۇنى ماتېماتىكا پەنلىرىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلالىغان ئاشۇ ئالىملار بىلمەي قالارمىدى؟» بۇ ئادەم كۆڭلەر ئۆتۈپ، باشقىلاردىن ئاشۇ پەيلاسوپلارنىڭ دىنغا قارشى تۇرغان ئىشلىرىنى بىلسە، ئۇ بۇنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، ئەسلىدە دىنغا قارشى چىقىش توغرا ئىكەن، دەپ قالىدۇ. مەن ئەمەلىيەتتىمۇ ئاشۇ خىل تەسىرنىڭ تۈرتكىسى بىلەنلا، ھېچقانداق چوڭ سەۋەب ۋە ئاساس يوق ھالدا توغرا يولدىن ئازغانلارنى كۆپلەپ ئۇچراتقانمەن. ئەگەر سىز دورامچىلىق بىلەن دىندىن چىققان بۇئادەمگە: «ھۈنەر-سەنئەتنىڭ بىر تۈرىگە ئۇستا ئادەمنىڭ باشقا ھەممە تۈرلەردە ئۇستا بولۇشى لازىم ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، فىقھى — دىنىي بىلىمدانلىق ۋە كالام ئىلمىغا پىششىق ئادەمدىن تېبابەتكىمۇ پىششىق بولۇشنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ. ئەقلىي بىلىملەرنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ گىرامماتىكا بىلىملىرىنىمۇ بىلمەسلىكى كېرەك بولمايدۇ. دېمەك، ھەر بىر كەسىپ ئەھلىنىڭ ئۆزىگە خاس تالانت ۋە ئۇستۇنلۇك دەرىجىسى بولىدۇ. گەرچە ئۇنىڭدا

باشقا تۈرلەرگە نىسبەتەن بىلىمسىزلىك، ھەتتا تەجرىبىسىزلىك بولسىمۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئىلگىرىكى ئالىملارنىڭ رىيازىيات — ماتېماتىكا پەنلىرى توغرىسىدىكى قاراشلىرى بىر خىل پاكىتچانلىقتا ۋە ئەمەلىيلىككە ئىگە بولغان بولسا، ئىلاھىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە، تەخمىنىيلىككە ئاساسلانغان. بۇ تەرىپىنى پەقەت شۇ بىلىملەر ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ باققانلار ياخشىراق چۈشىنىدۇ» دېگۈدەك بولسىگىز، بۇ ئادەم گېپىڭىزگە ھەرگىز كۆنمەستىن، بەلكى ھاۋايى-ھەۋەس، ئۆزىنى بىلمىدان قىلىپ كۆرستىشكە بولغان ئامراقلىق، چىرىك ئارزۇ، ھۇرۇنلۇق قاتارلىق بىرقاتار ئىشلار ئۇنى قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ، پەيلاسوپلار ھەممە ساھەدە يېتىشكەن ئادەملەر، دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇرىدۇ. ماتېماتىكا پەنلىرىنىڭ بۇ خىل زىيىنىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا زىيادە بېرىلىپ كەتكەن ھەر قانداق ئادەمنى چەكلەش كېرەك. گەرچە بۇ بىلىملەرنىڭ دىن بىلەن ئالاقىسى بولمىسىمۇ، بەربىر ئۇلاردىكى ئاللىبىر ئىدىيە پرىنسىپلارنىڭ كىشىلەرگە ھامان شۇملۇقى يېتىدۇ. شۈبھىلىنىشقىمۇ، بۇ بىلىملەرگە بېرىلگەنلەر ئىچىدە دىندىن چىقمىغان، ئۆزىدىن تەقۋادارلىق يۈگىنىنى ئېلىپ تاشلىمىغانلار تولىمۇ ئاز بولغان.

ئىككىنچى ئاپەت بولسا، ئىسلام دىنىنى چۈشەنمەيدىغان جاھىللار تەرىپىدىن بارلىققا كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىچە ئاشۇ پەيلاسوپلارغا تەۋە بارلىق بىلىملەرنى ئىنكار قىلىش ئىسلام دىنىغا خىزمەت قىلغانلىق، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ پەيلاسوپلارنى ھېچنېمىنى بىلمەسلەرگە چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇلاردىن كەلگەن ھەر قانداق بىلىمنى سەپسەتىگە، نادانلىق قاتارىغا چىقىرىۋېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ھەتتا شۇ ئىنكار قىلىشىدا، پەيلاسوپلارنىڭ ئاي تۇتۇلۇش، كۈن تۇتۇلۇش توغرىسىدىكى

قاراشلىرىنىمۇ خاتاغا چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىمۇ شەرىئەتكە خىلاپ، دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىلمىشى، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىراۋنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ بىراۋ پەيلاسوپلارنىڭ كۈن-ئاي تۇتۇلۇش توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى كەسكىن پاكىتلار بىلەن بىلگەن، بۇ جەھەتتە كاللىسىدا گۇمان يوق، ئەمما يەنە بىر جەھەتتىن ئىسلام دىنىنى جاھالەت ئاساسىغا قۇرۇلغان، پاكىتنى ئېتىراپ قىلمايدىغان دىن، دەپ قارايدىغان بىر ئادەم بولغىنىدا، بۇ ئادەمنىڭ پەلسەپىگە بولغان مېھرى ئېشىپ، ئىسلام دىنىغا بولغان ئۆچلۈكى تېخىمۇ ئارتىپ كېتىشى تۇرغان گەپ. ۋەھالەنكى، ئۇ خىل ئىلىملارنى ئىنكار قىلىش، ئىسلام دىنىغا ياردەم بەرگەنلىك، دەپ ئويلاشنىڭ ئۆزى، ئىسلام دىنى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ جىنايەت ئىدى. يەنە كېلىپ، شەرىئەتتە بۇ بىلىملەرنى ئىنكار قىلىش ياكى ئىسپاتلاشقا ئائىت ھېچقانداق ئىپادە يوق، شۇنداقلا بۇ بىلىملەردىمۇ دىن بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدىغان ھېچقانداق مەزمۇن يوق. بىز بۇ يەرگە كەلگەندە، رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنۇ ھەدىسىگە نەزەر سالايلى: «ھەقىقەتەن قۇياش بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىككى ئالامەتتۇر، ئۇ ئىككىسى بىراۋنىڭ ھاياتى ۋە ماماتى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ، سىلەر كۈن ياكى ئاينىڭ تۇتۇلغىنىنى كۆرگەن ھامان ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار ۋە ناماز ئوقۇڭلار»①. قارايدىغان بولساق، مانا بۇ ھەدىسنىڭ ھېچبىر يېرىدە، كۈن ۋە ئاينىڭ دەۋرىيلىك ھەرىكىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالدا ئۆزئارا ئۇچرىشىشى توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىدىغان ماتېماتىكا بىلىملىرىنى ئىنكار قىلىشقا ياتىدىغان ھېچقانداق گەپ يوق. ئەمما، يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ بەزى نۇسخىلىرىدىكى «لېكىن، ئاللاھ بىرەر نەرسىگە تەجەللىي قىلسا (يۈزلەنسە)، ئۇ

① سەھىھۇلبۇخارىي، مۇسنەدۇ ئەھمەد، سۈنەنۇن نەسەئىي، سۈنەنۇ ئىبنى ماجە ۋە مۇۋەتتا مالىكتىن.

شەيئى شۇ ھامان ئاللاھقا تۆۋەنچىلىك بىلدۈرىدۇ»، دېگەن قوشۇمچە قىسىم ئىشەنچىلىك، سەھىھ ھەدىس توپلاملىرىدا زادىلا ئۇچرىمايدۇ.

رىيازىيات پەنلىرىگە بېرىلىدىغان ھۆكۈم ۋە ئۇ پەنلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاپەت-زىيانلار ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

2. مەنتىق (لوگىكا) پەنلىرى: بۇلاردىمۇ ئىنكار ياكى قوللاش بويىچە دىنغا چېتىلىدىغان ھېچ قانداق نەرسە يوق. ئەكسىچە، ئۇ دەلىل-پاكىت كەلتۈرۈش يوللىرى، ھەر خىل ئۆلچەم-ئەندىزە، ھۆكۈمنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرى، ھۆكۈمنىڭ قانداق تۈزۈلۈشى، خۇلاسە چىقىرىش (ئانالوگىيە)، ئاساسىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئاساسىنىڭ نېمىدىن تەركىب تاپىدىغانلىقى، توغرا تەبىرنىڭ شەرتى ۋە ئۇسۇلى، بىلىمنىڭ تەسەۋۋۇر ياكى ئېنىق ھۆكۈمدىن ئىبارەت بولىدىغانلىقى، بىلىمنىڭ تەبىرىنىڭ ئۇقۇم ئارقىلىق بىلىنىدىغانلىقى، ھۆكۈم تۈرىدىكى بىلىمنىڭ ھۆججەت، ئىسپات بىلەن بىلىنىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ. مەنتىق ئىلمى تەتقىقات نىشانى قىلغان يۇقىرىقى تېمىلارنىڭ ئىچىدە ئىنكار كۆتۈرگۈدەك ھېچ نەرسە يوق. بەلكى، ئۇ نەرسىلەر كالامچىلار ۋە باشقا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دەلىل-ئىسپات توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. مەنتىقچىلەرنىڭ كالامچىلاردىن پەرقى شۇ يەردىكى، مەنتىقچىلەر كالامچىلارغا قارىغاندا ئۆزگىچىرەك بولغان ئاتالغۇ ۋە تېرمىنلارنى ئىشلىتىدۇ. ئۇلار مەسىلىلەرنى تەبىرلەش ۋە تارماقلاشتا بەك تۈجۈپىلەپ كېتىدۇ. مىسالغا ئالساق، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «ئا»نىڭ ھەممىسى «ب» بولغان تەقدىردە، «ب»نىڭ بىر بۆلىكىمۇ «ئا» بولۇشى كېرەك. يەنى، بارلىق ئىنساننى ھايۋان دېگىلى بولسا، ئۇ چاغدا ھايۋاننىڭ بەزىسى ئىنسان دېگەن مەنە چىقىدۇ. مەنتىقچىلەر مانا بۇ ھۆكۈم ئۇسۇلىنى ئۇمۇمىي تەستىقىي ھۆكۈم جۇزئىي تەستىقىي ھۆكۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېگەن قائىدە بىلەن ئىپادىلەيدۇ. قاراپ باقساق، ئۇلارنىڭ

بۇ گەپلىرىدە دىن ئاساسلىرىدىن بىرەر نەرسىنى ئىنكار قىلىش ياكى يوققا چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان ھېچ نەرسىنى تاپالمايمىز. ئەگەر بىراۋ چىقىپ، مەنتىقە ئىلمىنى ئىنكار قىلغان تەقدىردە، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى مەنتىق ئالىملىرى ۋە مەنتىق ئىلمىنى چۈشەنمەيلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۆزى ئەقىدە قىلىۋاتقان، ئۆزىچە، بۇ ئىلىملارغا قارشى تۇرىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان ئىسلام دىنىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ، خالاس.

مەنتىق ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بۇ ئىلىمنى توغرا ئىشلىتەلمىدى. بۇنى شۇنىڭدىن كۆرۈۋالىمىزكى، ئۇلار مەنتىقتىكى ئاساس ئۇقۇمغا كېتەرلىك شەرتلەرنى توپلىدى، لېكىن ئۇلار بۇ ئىزدىنىش جەريانىدا دىنىي مەسىلىلەرگە يولۇققان چاغدا، ئاساس توغرىسىدىكى شەرتلەرگە ئەمەل قىلمىدى. بەلكى، ئەمەل قىلمىدىلا ئەمەس، ئۇ شەرت ۋە قائىدىلەرنى جانلىق ئىشلىتىشكە خېلى دەرىجىدە سۇسلۇق قىلدى.

كۆپىنچە ئەھۋالدا مەنتىقنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىكى قائىدىلەرنى توغرا دەپ قارايدىغان كىشىلەر ئۇنىڭدىكى ھەر بىر بىلىمگە ئىشەنچ بىلەن قاراش نەتىجىسىدە، مەنتىق ئالىملىرىدىن سادىر بولغان كۇفرانى بىلىملەرنىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئاساسى بولۇشى كېرەك، دېگەن ئويغا كېلىپ قالىدۇ-دە، دىنىي، ئىلاھىي بىلىملەرنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ باقمايلا دىنغا تىل تەگكۈزۈشكە ئالدىرايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىلىممۇ ئەقىدىگە زىيان سالىدىغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

3. تەبىئەت پەنلىرى: بۇ ئىلىم ئاسمان ۋە ئۇنىڭدىكى يۇلتۇزلار، زېمىندىكى سۇ، ھاۋا، تۇپراق، ئوتقا ئوخشاش يەككە جىسىملار، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، مەدەنلەر (مىنېراللار) گە ئوخشاش بىرىكمە

جىسىملار ۋە ئۇلاردىكى ھەر خىل ئۆزگىرىش، چېكىنىش ۋە ئۆزئارا بىرىكىش جەريانى ۋە سەۋەبلەر توغرىسىدا ئىزدىنىدۇ.

ئۇ، ئىنسان بەدىنىدىكى رەئىس ئەزالار، خادىم ئەزالار ھەمدە ئىنساندىكى مىزاج ئۆزگىرىشىنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلەردە تېبابەت ئىلمىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا كەلگەندە، خۇددى دىندا تېبابەتنى ئىنكار قىلىش بولمىغاندەك، بۇ ئىلىمنى ئىنكار قىلىش يوق. لېكىن، ياخشىراق قاراپ باقساق، بۇ ئىلىمدىكى ئايرىم مەسىلىلەردە بىز ئىنكار قىلىشقا تېگىشلىك مەلۇم نەرسىلەرنى بايقايمىز. بىز بۇ مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قارشى تۇرۇشقا، رەددىيە بېرىشكە تېگىشلىك باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا «پەيلاسوپلارنىڭ ھالاكىتى» ( تهافت الفلاسفة ) ناملىق ئەسىرىمىزدە خېلى كەڭ توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ يەردە شۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر پۈتۈن خۇلاسىلەپ قارىغان چېغىمىزدا، شۇنداق نەتىجە چىقىدۇكى، تەبىئەت ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان، ئۇ ئاللاھقا بويسۇنىدۇ، ئۇ ئۆزى تەرىپىدىن، ئۆزلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ياراتقۇچىسى تەرىپىدىن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار ۋە باشقا ئالەم جىسىملىرى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدۇ. ئۇلار ھېچقانداق ئىشتا ئۆزىگە تايىنالمايدۇ.

4. ئىلاھىيەت پەنلىرى. بۇلاردىكى خاتالىقلار ھەممىسىدىن ئېغىر. بۇلار ئاساس كەلتۈرۈش ئىشلىرىدا لوگىكا ئىلمىدىكى ئۆزلىرى بېكىتكەن ۋە بەرپا قىلغان شەرتلەرگە ئۆزلىرى ئەمەل قىلمىدى. شۇڭىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دەتالاش، ئىختىلاپلار كۆپ بولۇپ كەتتى. ئىلاھىيەتچىلەر ئىچىدە ئارىستوتىل ئېقىمى فارابى، ئىبن سىنا قاتارلىقلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىكى مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئىسلامغا خېلى يېقىن تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك خاتالىقلىرى مۇنداق يىگىرمە نۇقتىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈچى كۇفرىغا ياتىدۇ، ئون

يەتتىسى بىدئەتكە ياتىدۇ. بىز «پەيلاسوپلارنىڭ ھالاكىتى» دېگەن ئەسىرىمىزدە ئۇلارنىڭ بۇ يىگىرمە جەھەتتىكى خاتالىقىنى كۆرسىتىپ، ھەر بىرىگە تېگىشلىك رەددىيەلەرنى بەرگەنىدۇق.

ئەمدى بۇ يەردە ئالدىنقى ئۈچ مەسىلىگە كەلسەك، ئۇلار كۇفرىلىققا ياتىدىغان بۇ مەسىلىدە پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىگە خىلاپ گەپلەرنى قىلدى. ئۇلار شۇنداق دەپ قاراشتى: «ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، تەن قايتا تىرىلمەيدۇ. ئاخىرەتتىكى راھەت كۆرۈش ۋە ئازاب تارتىشلارنىڭ ھەممىسى تەندە ئەمەس، روھتىلا بولىدۇ». ئۇلار بۇ سۆزدە ھەر ھالدا روھنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بولسىمۇ، ئاخىرەتتىكى ئازابنىڭ تەنگە بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشتى. ئۇلار بۇنداق دېيىش بىلەن ئەمەلىيەتتە، شەرىئەتنى ئىنكار قىلدى.

ئىككىنچى، ئۇلار خۇدا ئومۇمىي ئىشلارنىلا بىلىدۇ، جۇزئىي (قىسمەن) ئىشلارنى بىلمەيدۇ، دەپ قارىدى. مانا بۇمۇ ئوپئوچۇق كۇفرىلىق ئىدى. بەلكى، توغرا قاراش: ﴿ئاللاھقا ئاسمان- زېمىندىكى مىسقالچە نەرسە مەخپىي قالمايدۇ﴾ (يۇنۇس سۈرىسى، 61- ئايەت)، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

ئۈچىنچى، ئۇلار ئالەمنىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىيلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيانىڭ باشلىنىشى بولمىغان ۋە ئاخىرلىشىشىمۇ بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، بۇ قاراشلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىگە پۈتۈنلەي خىلاپ بولۇپ، تېخى ھېچكىم ئۇنداق قاراشتا بولۇپ باققىنى يوق.

ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر خاتالىقى ئاللاھنىڭ بىر قىسىم سۈپەتلىرىنى يوققا چىقىرىشتا كۆرۈلدى. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ «خۇدانىڭ بىلىمى ئۆز زاتىدىلا چەكلىنىدۇ، زاتى سىرتىدىكى بىلىملەرنى بولسا بىلمەيدۇ»، دېگەن قارىشى ۋە مۇشۇ خىلدىكى باشقا

قاراشلىرىدا ئاللاھنىڭ ھەممىنى بىلگۈچىلىك سۈپىتىنى ئىنكار قىلىشتى. ئۇلار بۇ جەھەتتە مۆئتەزىلىلەرگە يېقىنلىشىپ قالىدۇ. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن مۆئتەزىلىلەرنى كۇفرلىق قىلدى، دېگىلى بولمايدۇ. بىز بۇرۇن «مۇسۇلمانلىق بىلەن زىندىقلىقنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى» (فيصل التفرقة بين الإسلام و الزندقة) دېگەن كىتابتا، مەزھەب ئىختىلاپى تۈپەيلى، باشقىلارنى دىنسىز قاتارىغا چىقىرىشقا ئالدىرايدىغان كىشىلەرنىڭ ساغلام ئىدىيىدىكى كىشىلەر ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق.

5. سىياسەت پەنلىرى. بۇ بىلىملەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا بۇ دۇنيادىكى ھوقوق تۈزۈش، ھاكىمىيەتچىلىك تەدبىرلىرىگە قارىتىلغان. ئۇلار بۇ توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن ھەر قايسى ئىلاھىي كىتابلاردىن ۋە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن قالغان ھېكمەتلەردىن ئالغان.

6. ئەخلاق پەنلىرى. پەيلاسوپلارنىڭ ئەخلاق ئىلمى توغرىسىدىكى بارلىق سۆزلىرى ئىنسان نەپس ـ خاھىشى ۋە ئۇنى تۈزەش، داۋالاش تەدبىرلىرى، نەپس ـ خاھىشىنىڭ خۇسۇسىيەت ـ ئالاھىدىلىكلىرى، تۈر ـ خىللىرى، ئۇنى يېڭىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرەش قىلىش يوللىرى قاتارلىقلارغا بېغىشلانغان. ئۇلار بۇ ساھەدىكى مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى زاھىتلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئالغان. ئەمەلىيەتتە زاھىت نامىدىكى بۇ كىشىلەر ھەر قاچان ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدىغان، دۇنيا ھۇزۇرلىرىدىن قول ئۈزۈپ، ئاللاھ تەرىپىگە يول سالغان، كۆڭۈل ئىستەكلىرىگە بېرىلمىگەن ئادەملەر ئىدى. ئۇلار مۇجاھەدە (نەفس بىلەن كۆرەش قىلىش) جەريانىدا، نەفسىنىڭ تۈرلۈك خۇي-خۇلقلىرى، زىيان-ئاپەتلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك چۈشەنچە ۋە بايقاشلارغا ئىگە بولۇپ، بۇلار توغرىسىدا بىر قاتار ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققانىدى. پەيلاسوپلار بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ساختا پىكىرلىرىگە

توغرىلىق تۈسى بېرىش ۋە ئۇنى ئالقىش تاپتۇرۇش ئۈچۈن، زاھىتلارنىڭ ئاشۇ خىل سۆزلىرىدىن پايدىلاندى ھەمدە بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئۆز سۆزلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. ئەنە شۇ زاھىتلارغا كەلسەك، ھەقىقەتەن شۇ پەيلاسوپلار ياشىغان دەۋردە، بەلكى ھەربىر دەۋردە بىر بۆلۈك خۇداگۇيلار بولۇپ كەلگەن. ئاللاھ دۇنيانى ھېچقاچان ئۇلارسىز قويمىغان. چۈنكى، ئۇلار زېمىننىڭ مەنىۋى قوزۇقلىرى ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ ھەق-ھۆرمىتى تۈپەيلىدىن، زېمىندىكى كىشىلەر ئارىسىغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى يېغىپ تۇراتتى. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بولغاچقا، يامغۇر ھەمدە رىزىقتا ئېرىشىسىلەر، غار ئىگىلىرى - ئەسھابۇلكەھف شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر».

قۇرئاندىكى بايانلارغا قارىغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ قەدىمكى زامانلاردىمۇ ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى بىلىمىز. ئەمدى پەيلاسوپلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە پەيغەمبەرلەر ۋە زاھىتلارنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز سۆزلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشىدىن كېلىپ چىققان زىيان مۇنداق ئىككى جەھەتتىن ئىپادىلەندى:

بىرىنچى خىل زىيان، پەيلاسوپلارنىڭ ئەخلاق توغرىسىدا يازغان بايانلىرىغا قايىل بولغان كىشىلەردە كۆرۈلسە، ئىككىنچى خىل زىيان دەل بۇ خىل بايانلارغا قارشى تۇرغان ئادەملەردە كۆرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، بۇ قاراشلارغا قارشى تۇرغانلار تەرىپىدىن كۆرۈلگەن زىيان ھەممىدىن چوڭراق بولدى. چۈنكى، بىر قىسىم بىلىمسىز ئادەملەر شۇنداق ئويلاپ قالدىكى، ناۋادا پەيلاسوپلار يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئۆز كىتابلىرىغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ باتىل سۆزلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن بولسا، ئۇنداق ئەرسىلەرنى ئوقۇماسلىق كېرەك. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇلارنى ئوقۇغانلارنىڭمۇ دەككىسىنى بېرىش كېرەك.

ئۇلار بۇنىڭدىن بۇرۇن پەيلاسوپلاردىن باشقا ھېچكىمدىن ئۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ چاغلىق ئەقلىگە ئاسانلا پەيلاسوپلارنىڭ دېگەنلىرى خاتا، چۈنكى ئۇلار خاتا سۆزلەيدىغان ئادەملەر، دېگەن ئوي كېلىپ قالىدۇ. بۇ خىل ئادەملەر خۇددى ناسارالارنىڭ. «بىر ئاللاھتىن باشقا مەبۇد يوق، ئىيسا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى»، دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قېلىپ، بۇ سۆزگە دەرھال قارشى چىقىپ، مانا بۇ خىرىستىئاننىڭ سۆزى، دەپ چالۋاقاپ كەتكەن ئادەمگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. يامان يېرى، خىرىستىئاندىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئۇ ئادەم ئويلاپ باقمايدۇكى، بۇ خىرىستىئان شۇ سۆزنى ئېغىزغا ئېلىش بىلەنلا دىنسىز بولۇپ كەتتىمۇ؟ ياكى سۆزىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقى بىلەن دىنسىز بولۇپ كەتتىمۇ؟ ئەگەر بۇ خىرىستىئان يۇقىرىقى سۆزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغانلىق تۈپەيلىدىن دىنسىز بولۇپ كەتتى، دەپ قارىساق، ئۇ چاغدا ئۇ خىرىستىئاننىڭ ئۇنىڭدىن باشقا دىنسىزلىققا ياتمايدىغان، ئۆزىمۇ توغرا بولغان ھەممە خىرىستىئاننىڭمۇ نەزىرىدە توغرا، دەپ قارالغان ئىشلارغا قارشى تۇرۇشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. مەسىلىگە بۇنداق قارىماسلىق، دەل بىر قىسىم دېڭەك ئادەملەرنىڭ ئادىتىدۇر. ئۇلار ھەقىقەتنى تېپىشتا ھەقىقەتنى ئەمەس، ئادەمنى ئاساس قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئاقىل كىشىلەر ئاقىللارنىڭ سەرۋەرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆۋەندىكى تەۋسىيىسىگە ئەمەل قىلىدۇ. «ھەقىقەتنى تونۇشتا ئالدى بىلەن ئادەمنى ئەمەس، ھەقىقەتنى تونۇغىن، شۇندىلا ھەقىقەتنىڭ كىمدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىسەن». دېمەك، ھەقىقەتنى تونۇغۇچى (ئارىف) ئادەمنى ئەمەس، ھەقىقەتنى تونۇيدۇ. ئۇ

باشقىلارنىڭ سۆزى ئۈستىدە، تەكرار ۋە ئەستايىدىل ئويلاشقاندىن كېيىن، ئۇ سۆز توغرىلا بولسا، ئۇنى دېگۈچى مەيلى قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى قوبۇل قىلىۋېرىدۇ. ئۇ ئالتۇننىڭ توپا ئارىسىدىن قېزىۋېلىنىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، بەزى چاغلاردا ئازغۇنلارنىڭ سۆزلىرى ئارىسىدىن ھەقىقەت دۇردانىلىرىنى ئايرىپ چىقىش ئىستىكىدە بولۇشى مۇمكىن. ناۋادا ئۆزىگە ئىشەنچىسى بار، كۆزى ئۆتكۈر بىر سەرراپ (ئالتۇن سودىگىرى)نى مىسالغا ئالساق، ئۇ سەرراپ بىر قەللاپ(ئالدامچى، بۇيەردە ئالدامچى ئالتۇن سودىگىرىنى دېمەكچى)نىڭ خالتىسىغا قول سېلىپ، ئۇنىڭدىكى ساختا ئالتۇننى قويۇپ، ساپ ئالتۇننىلا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانسا، ئۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ ھالبۇكى، بىراۋ ئالدامچىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا، ئۇلارغا قويۇلۇپ كەتمىگۈدەك دەرىجىدە دەست ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولمىغىنىدا، بۇنداق ئادەملەرنى ئالدامچىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن كەسكىن چەكلەش كېرەك. دېمەك، سۇنى ياخشى ئۈزەلمەيدىغانلار دەھشەتلىك دېڭىز ساھىلىدىن يىراق تۇرۇش كېرەك. كىچىك بالىنى ئۇ چوڭ بولۇپ، ئەقىل تېپىپ، ئۇستا ئەپسۇنچى (يىلانباز)[1] غا ئايلانمىغىچە، ئۇنى يىلانغا يېقىنلاشتۇرماسلىق كېرەك.

مېنىڭچە بولغاندا، كۆپ قىسىم كىشىلەردە ئۆزىنى دانا، دانىشمەنلەردىن ھېسابلاش خاھىشى كۈچىيىپ كەتكەن، نېمىنىڭ

---

[1] ئەپسۇنچى- ئىلگىركى دەۋرلەردە بىر قىسىم دەرۋىشلەر يىلان چېقىۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن شەيخلىرىنىڭ قولىدىن يىلان چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر خىل ئەپسۇن ئوقۇلغان دەمىدىنى ئىچەتتى. بۇنداق دەمىدىنى ئىچكەن كىشىلەر ئادەتتە يىلانلارغا قورقماي [illegible]لىشىۋېرەتتى، خەلق بۇلارنى «ئەپسۇنچى» دەپ ئاتايتتى. غەزالىي بۇيەردە بۇ سۆزنى سىمۋول سۈپىتىدە ئىشلىتىۋاتىدۇ.

ھەق، نېمىنىڭ باتىللىقى، نېمىنىڭ ھىدايەت ۋە نېمىنىڭ ئازغۇنلۇق بولىدىغانلىقىنى ئايرىشتا ئۆزىنى زېرەك چاغلايدىغانلار ئۆلگىسىپ كەتكەن بۇ زاماندا، كىشىلەرنى ئىمكان يار بەرگەنچە، بۇ پەلسەپەچى ئازغۇنلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشتىن كەسكىن چەكلەش كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ، پەلسەپە بىلىملىرىنىڭ يۇقىرىسىدا دەپ ئۆتۈلگەن بىرىنچى خىل زېيىندىن ساقلىنىش مۇمكىنچىلىكى بولسىمۇ، تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان ئىككىنچى خىل زېيىندىن ساقلىنالىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىلىم ساھەسىدە تېخى ئوي- پىكرى توختالمىغان، ھەر قايسى ئىلىم ساھەلىرى بىلەن پىششىق تونۇشلۇقى بولمىغان، تۈرلۈك مەزھەپ-ئېقىملارنىڭ تۈپكى مەقسەت-غايىلىرىنى ئېنىق ئاڭقىراپ يەتمىگەن ئايرىم بىر قىسىم ئادەملەر بىزنىڭ دىن ئالىملىرى توغرىسىدا يازغان ئەسەرلىرىمىزدە ئۇچرايدىغان بىر قىسىم سۆزلەرگە ئېتىراز بىلدۈرۈشۈپ، ئۇلارنى ئىلگىرىكى پەلسەپىچىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان سۆزلەر ئىكەن، دەپ ئويلاپ قاپتۇ. ھالبۇكى، ئۇ سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى مېنىڭ ئۆز ئىلھامىمدىن تۇغۇلغاندى. بۇنداق بولۇشىمۇ، نورمال ئىش ئىدى. چۈنكى، تۇياق تۇياقنىڭ ئىزىنا چۈشۈپ قالمايدۇ (يولدا باشقىلارنىڭ ئىزىغا دەسسىمەي ماڭمەن، دېگىلى بولمايدۇ، دېمەكچى ـــ ت)، دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ سۆزلەرنىڭ يەنە بىر قىسىملىرى شەرىئەت كىتابلىرىدىمۇ تېپىلىدۇ. يەنە تېخى ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسىملىرى پۈتۈنلەي بولمىسىمۇ، مەنە ۋە مەزمۇن جەھەتتىن تەسەۋۋۇپ كىتابلىرىدا ئۇچرايدۇ. سىز ئويلاپ بېقىڭ، ئاۋادا شۇ سۆزلەر پەقەت پۈرۈنقىلارنىڭ كىتابلىرىدىلا بار بولغان، شۇنداقلا ئۆز-ئۆزىدىن

ئەقىلگە ئۇيغۇن، ئاللاھنىڭ ياكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە خىلاپ يېرى بولمىغان سۆزلەر بولغان تەقدىردە، يەنە نېمىدەپ ئۇ سۆزلەرنى تاشلىۋەتكىلى ۋە ئىنكار قىلغىلى بولسۇن. ئەگەر بىز بۇ خىل تەنقىدكە يول قويار بولساق، نەتىجىدە سەپسەتىۋازلار ئويلاپ يەتكەن ھەر قانداق بىر ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغىلى تۇرساق، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئۇرغۇنلىغان ھەقىقەتلەرنى قاتارى ئىنكار قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇ جۈملىدىن، «قۇرئان كەرىم»دىكى بىر تۈركۈم ئايەتلەر، رەسۇلۇللاھنىڭ «ھەدىس شەرىف»لىرىدىكى بۇرۇنقىلار توغرىسىدىكى قىسسە، ھېكايەتلەر، ھېكمەت ـ دانىشمەن، زاھىتلارنىڭ سۆزلىرىگە قەدەر ئۇرغۇن نەرسىلەرنى رەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، «سادىق قېرىنداشلار» كىتابىنىڭ ئاپتورىمۇ ئۆز كىتابىدا يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئۆزىنىڭ باتىل نۇقتىئىنەزەرلىرىگە پاكىت سۈپىتىدە كەلتۈرۈش ئارقىلىق نادانلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتماقچى بولغان. بۈگۈندىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، سەپسەتىۋازلار ھەقىقەتنى بىزنىڭ قولىمىزدىن ئېلىۋېلىپ، شۇنى ئۆز كىتابلىرىغا كىرگۈزمەكتە. ئالىملىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى شۇكى، ئۇنىڭ ئادەتتىكى بىر، ساددا ئادەمدىن پەرقى بولۇشى كېرەك. ئەنە شۇنداق بولغاندىلا ئۇ ھىجامەتچى (لوڭقىچى)نىڭ لوڭقىسىدىكى ھەسەلنى كۆرسە، يەنىلا ئاداشماي ھەسەل، دېيەلەيدۇ. شۇ، لوڭقىچىنىڭ لوڭقىسىنىڭ ھەسەلنىڭ خۇسۇسىيەت ـ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. لوڭقا بولسىلا، ئۇنىڭدا قان ـ زەرداب بولىدۇ، لوڭقا دېگەن پاسكىنا قاننى ئېلىش ئۈچۈنلا ياسالغان نەرسە، دەپ قاراش نادانلارچە قاراش بولۇپ، بۇ قاراش بويىچە بولغاندا، لوڭقىدا قان بولسىلا ئۇنى پاكىز دېگىلى بولمايدۇ. بۇ نادان ئادەم شۇنى

[illegible]ۋۇكى، پاسكىنىلىق قانىنىڭ ئۆزىدىلا پەيدا بولىدىغان بىر خىل [illegible]سىيەت، ئەگەر ھەسەلنىڭ ئۆزىدە بۇنداق خۇسۇسىيەت [illegible] ئۇ لوڭقىدا بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ قالمايدۇ. دېمەك، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، لوڭقىدىكى ھەسەلنى پاسكىنا، دېگىلى بولمايدۇ. لوڭقىغا ئېلىنغانلا بولسا، پاسكىنا نەرسە بولىدۇ، دەپ قاراش ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقانىلىك بولۇشىغا قارىماي، كۆپ قىسىم كىشىلەر مۇشۇ خاتا ئۇقۇمغا كۆنۈپ كەتكەن. شۇڭا، سەن ئۇلارغا ھەر قانداق سۆزنى ئۇلار بىلىملىك ئادەم، دەپ ئىشىنىپ قىلىدىغان بىرسىنىڭ نامىدىن ئېيتىدىغانلا بولساڭ، ئېيتقانلىرىڭ ناتوغرا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار دەررۇ قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر سەن ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ كۆزىگە سىغمايدىغان، ئۇلار يامان كۆرىدىغان بىر ئادەمنىڭ نامىدا سۆز قىلساڭ، بۇ سۆزلىرىڭ ھەر قانچە ئورۇنلۇق بولسىمۇ، سېنىڭ سۆزلىرىڭنى قوبۇل قىلىشمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەر دائىم ھەقىقەتنى ئادەملەر ئارقىلىق تونۇيدۇكى، ھەرگىزمۇ ئادەملەرنى ھەقىقەت ئارقىلىق تونۇشمايدۇ. مانا بۇ، ئۇچىغا چىققان ئازغۇنلۇق، مانا بۇ، پەلسەپىچىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى نەرسىلەرنى ئارتۇقۇق ئىنكار قىلىشنىڭ زىيىنى.

ئىككىنچى، پەلسەپىنى قوبۇل قىلىشتىن كېلىدىغان زىيان.

پەلسەپىچىلەرنىڭ «سادىق قېرىنداشلار»غا ئوخشاش بىر قاتار كىتابلىرىنى ئوقۇپ باققانلار، ئۇ كىتابلاردا پەلسەپىچىلەرنىڭ سۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلەر ھېكمەتلىرى، زاھىتلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئېھتىمال، پەلسەپىچىلەرنىڭ «سادىق قېرىنداشلار» دېگەن كىتابقا ئوخشاش بىر قاتار كىتابلىرىنى كۆرۈپ باققانلار بۇ كىتابلاردىكى پەيلاسوپلارنىڭ پەيغەمبەرلەر

ھېكمەتلىرى، زاھىتلارنىڭ پىكىرلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بايان قىلىنغان خاتا نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ئاسانلا مايىل بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭدىكى توغرا نەرسىلەرگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن، باتىل، ناتوغرا نەرسىلەرنى سۈزۈۋېلىپ ھالدا قوبۇل قىلىشى مۇمكىن. مانا بۇمۇ، بىر تۈرلۈك بىلىپ-بىلمەي، باتىلغا يېقىنلىشىپ قېلىش، دېمەكتۇر. مانا مۇشۇنداق زىياننىڭ كېلىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنى پەيلاسوپلارنىڭ ئۇ خىل ئالدامچى، زىيانلىق كىتابلىرىنى ئوقۇشتىن كەسكىن چەكلەش كېرەك. شۇنداقلا، سۈنى ياخشى ئۇزەلمەيدىغانلارنى پەلسەپە ئەسەرلىرىنىڭ تېيىلغاق قىرغاقلىرىغا يېقىن يولاتماسلىق، پۈتۈن خەلقنى ئاشۇ خىل كىتابلارنى كۆرۈشتىن چەكلەپ، پەرزەنتلەرنى يىلاندىن نېرى قىلىش كېرەك. قۇلاقلارنى ئەبجەش سۆزلەرنى ئاڭلاشتىن ساقلاش كېرەك. شۇنىڭدەك، يىلانباز بولغانلار بۇ جەھەتتە ئۆزىگە دائىم ھوشيار بولۇپ، ھەرگىزمۇ بالىلارنىڭ ئالدىدا يىلان بىلەن ھەپىلەشمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، گۆدەك بالا مەنمۇ دادامدەك قىلالايمەن، دەپ ئويلاپ قېلىپ ئۆزىنى يىلانغا چاقتۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. بىلىمدە چوڭقۇرلۇق تاپقان ھەقىقىي ئالىملار مانا مۇشۇنداق قىلىدۇ. يېتىشكەن بىر ئەپسۇنچى (يىلانباز)نى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ يىلاننى تۇتقان چېغىدا، ئۇنىڭ نەشتىرىدىن چىقىدىغان سۈيۇقلۇقنىڭ قايسىسىنىڭ زەھەر، قايسىسىنىڭ زەھەر قايتۇرغۇچى (تەرياق) ئىكەنلىكىنى بىلەلىگەچكە، ئۇ زەھەردىن تەرياقنى ئايرىپ چىقىدۇ ۋە بۇ ئايرىپ چىققان تەرياقنى ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق كىشىلەردىن ئايىمايدۇ. كۆزى ئۆتكۈر، پاراسەتلىك سەرراپمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىر قەللابنىڭ ئالتۇن خالتىسىغا قول سالسا، ئۇنىڭدىكى راست ۋە ساپ ئالتۇنلارنى ئېلىۋېلىپ، ئارىلاشما ۋە

ساختا ئالتۇنلارنى تاشلىۋېتىپ، راست ئالتۇنلارنى ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە بېرىۋېتىدۇ. ئالىم بولغان كىشىلەر ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك. بىر ئادەم ئۆزى تەرياققا موھتاج تۇرۇپمۇ، تەرياقنىڭ زەھەرنىڭ مەنبەسى بولمىش يىلاندىن چىققىدىغانلىقىنى بىلمىسە ۋە تەرياقتىن يىرگەنسە، ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىش كېرەك. مال-مۈلۈككە ئېھتىياجلىق بىر ئادەم ئالدامچىنىڭ خالتىسىدىن چىققان ئالتۇندىن ئۆزىنى تارتسا، ئۇنىڭغا بۇ قىلمىشىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن نادانلىق بولىدىغانلىقىنى، بۇنداق قىلسا ئۆزى ئىزدەپ يۈرگەن بىر پايدىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش كېرەك. ئۇ شۇنى بىلىپ قېلىشى كېرەككى، بىر ناچار نەرسە بىلەن بىر ياخشى نەرسىنىڭ بىر يەردە بولۇپ قېلىشى بىلەن ھەرگىزمۇ ياخشى نەرسە ناچار ياكى ناچار نەرسە ياخشى بولۇپ قالمايدۇ. ھەق بىلەن باتىل بىر يەردە بولۇپ قالغاندىمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. دېمەك، باتىل ھەرقاچان باتىل، ھەقىقەت ھامان ھەقىقەت بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

پەلسەپەنىڭ زىيان-ئاپەتلىرى توغرىسىدا مۇشۇنچىلىك توختىلىمىز.

# باتىنىيە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرى توغرىسىدا

مەن پەلسەپە بىلىملىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلارغا قارىتا بەلگىلىك چۈشەنچە ھاسىل قىلغان ۋە ئۇلاردىكى خاتا نەرسىلەرگە تەنقىد يۈرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، شۇنى بىلىپ يەتتىمكى، پەلسەپەمۇ يەنە مېنىڭ كۈتكەن يېرىمدىن تولۇقى بىلەن چىقالمايدىكەن. پەلسەپەنىڭ قورالى بولغان ئەقىل ئۆزى مۇستەقىل تۇرۇپ، ھەرگىزمۇ بارلىق تۈگۈنلەرنىڭ پەردىسىنى ئاچالمايدىكەن. ئەمدىلىكتە، باتىنىيە مەزھىپى دەيدىغان بىر مەزھەپنىڭ دائىلىرى مەيدانغا چىققان بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئۇلارنىڭ «ھەر ئىشنىڭ ماھىيىتى ھەققانىي بىر مەئسۇم (گۇناھتىن خالىي) بىر ئىمام ئارقىلىق بىلىنىدىغانلىقى» توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەر ئېقىپ يۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى چۈشىنىپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ تەتقىق قىلىپ بېقىشىمغا توغرا كەلدى. بۇ ئىش بىلەن تەڭ ئويلىمىغان يەردىن، خەلىپە (ئابباسىيلارنىڭ 28- خەلىپىسى مۇستەزھىر بىللاھ ئىبن مۇقتەدىر) تەرىپىدىن باتىنىيە مەزھىپىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدىغان بىر كىتاب يېزىپ چىقىش توغرىسىدا ماڭا كەسكىن پەرمان چۈشتى. مېنىڭ خەلىپە ئالىيلىرىنىڭ بۇ پەرمانىغا بويسۇنماي ئامالىم يوق ئىدى.

بۇ ئىش ئىچىمدىكى ئارزۇغا سىرتتىن قوشۇلغان بىر تۈرتكە بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى ئىزدەپ توپلاشقا كىرىشتىم. بۇ ئارىلىقتا مەن مۇشۇ زامان كىشىلىرىنىڭ ئىلھامى ۋە تەپەككۇرىدىن بارلىققا كەلگەن، كونا باتىنىيچىلارنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشىمايدىغانراق ئۇسلۇبتا دېيىلگەن بىر قىسىم يېڭى سۆزلەرنىمۇ ئۇ يەر-بۇ يەردىن توپلىدىم، مەن توپلىغان بۇ نەرسىلەرنى بىر ياندىن ئىنچىكىلىك بىلەن رەتلىسەم، يەنە بىر ياندىن ئۇلار ئۈستىدە يېتەرلىك دەلىللەش ئېلىپ باردىم. مېنىڭ بۇ ئىشتىكى ئەستايىدىللىقىم شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، بىر قىسىم ئەھلى ھەق (سۇننەتپەرۋەر كىشىلەر) باتىنىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە بەك كۆچەپ كەتكەنلىكىمگە قارشى چىقىپ، شۇنداق دېيىشتى: «بۇ قىلغىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بولۇپ قاپتۇ. سەن ئۇلارنىڭ گۇمانلىق نەرسىلىرى ئۈستىدە بۇ دەرىجىدە دەلىللەش ۋە رەتلەش ئېلىپ بارمىغىنىڭدا، ئۇلار ئۆز مەزھەپلىرىنى قوغداپ قالالمايتتى». ئۇلارنىڭ بۇ قارشى چىقىشىنىمۇ خاتا دېگىلى بولمايتتى. ئۆز ۋاقتىدا مەشھۇر ئالىم ھارىس ئىبىن مۇھاسىبىي مۇئتەزىللەرگە رەددىيە بېرىدىغان بىر كىتاب يازماقچى بولغاندا، ئەھمەد ئىبىن ھەنبەل ئۇنىڭغا قارشى چىققانىكەن. ھارىس ئىبىن مۇھاسىبى ئەھمەد ئىبىن ھەنبەلگە: «تەقسىر، بىدئەتكە رەددىيە بېرىش پەرز ئىشقۇ»، دېگەندە، ئەھمەد ئىبىن ھەنبەل ئۇنىڭغا جاۋابەن: «بۇنىسى راست، لېكىن سەن بۇ ئىشتا ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆز رەددىيەڭنى بېرىسەن، بۇنداق بولغاندا كىتابىڭنى ئوقۇغان ئادەمنىڭ

ئالدى بىلەن سەن رەددىيە بەرمەكچى بولۇپ تۇرغان خاتا نەرسىنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ قېلىپ، سېنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن رەددىيەڭگە دىققەت قىلماي قويۇشى ياكى دىققەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى چوڭقۇر چۈشەنمەي قېلىشىدىن قانداقمۇ ساقلىنالايسەن»، دېگەن ئىكەن. ئەھمەد ئىبن ھەنبەلنىڭ بۇ دېگىنىمۇ توغرا بولۇپ، ئۇ پەقەت جەمئىيەت ئارا كەڭرى تارقالمىغان، ئاشكارىلىق باسقۇچىغا ئۆتمىگەن ئىغۋاگەر پىكىرلەرگە ماس كېلەتتى. ئەمما، شۇبھە (خاتا ئىدىيە) ئاللىقاچان تارقىلىپ بولغان بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا تەنقىد ئېلىپ بېرىش بىر تۈرلۈك دىنىي مەجبۇرىيەت ھېسابلىنىدۇ. تەنقىدنى پەقەت تەنقىد قىلىنىدىغان نەرسىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىنلا ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەردىم، دەپ ئۇلار كۆچەپ كەتمىگەن نەرسىلەرگە ئارتۇقچە كۈچەشكە، ئۇلار دېمىگەن نەرسىنى ئۇلارغا زورىغا دۆڭگەشكە بولمايدۇ. مەنمۇ بۇنداق قىلغان ئەمەسمەن. بەلكى، مەن ئۆزۈم رەددىيە بەرگەن شۇ نەرسىلەرنى خېلى بۇرۇندىن باتىنىي ئېقىمىغا قېتىلىپ، ئۇلارنىڭ مەيدانىنى ياقىلاپ ماڭا قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقان يېقىنلىرىمنىڭ بىرىدىن ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، باتىنىيە ئېقىمىدىكىلەر ئۇلارغا قارشى كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، كىتاب-ماقالىلەرنى يېزىپ كېتىشىگە ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمەيدىكەن. چۈنكى، ئۇ ئەسەرلەرنى يازغانلار باتىنىيە ئېقىمىدىكىلەرنى ئۇلار تايىنىۋاتقان دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقماي تۇرۇپ تەنقىدلەيدىكەن. بۇرادىرىم ماڭا ئۇلار توغرىسىدىكى باشقا نەرسىلەرنىمۇ دەپ بەردى. مەن باتىنىيە مەزھىپى ھەققىدىكى بى

تەنقىدىي ئەسىرىمنى يازغاندا، كىشىلەر مېنى چۈشەنمەي، ئۆز رەددىيەمنى بەرگەن ئاشۇ مەزمۇنلارنى، گەرچە ئۆز قولۇم بىلەن ئاڭلىغان بولسامۇ، كىشىلەر مېنى ئۇ نەرسىلەرنى ئۇقمايدىكەن، دەپ قالمىسۇن ئەمەس، بەلكى ئايرىم غاپىل كىشىلەر ئەسەرنى ئوقۇغان چېغىدا تەنقىدنىڭ پاكىت ئاساسىدىن گۇمانلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پاكىتلىرىنىمۇ تولۇق كەلتۈرۈپ ئۆتتۈم. دېمەك، مەن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە پولاتتەك پاكىتلار ئاساسىدا، ئۇلارنىڭ بولمىغۇر تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلار ھېچقانداق ئۇتۇم قازىنالمىدى. ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىمۇ ھېچقانداق ئەھمىيەتكە ئىگە بولالمىدى. ئەگەر بىر ئوچۇم نادان كىشىلەرنىڭ خاتا قوللاشلىرىنىڭ كاساپىتى بولمىغاندا، باتىنىيە مەزھىپىدىن ئىبارەت بۇ بىدئەتلىك تەلىمات تىلغا ئالغۇدەك ھېچنېمىسى يوق تۇرۇپ، بۈگۈنكى دەرىجىدە شۆھرەت تاپمىغان بولاتتى. لېكىن، بۇلاردا گۇرۇھۋازلىق قىلمىشىنىڭ ئېغىر بولۇشى ھەقىقەتنى قوغدىماقچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چۈشكەن ھەر قايسى تەرەپلەرنى ئۇلارنىڭ تەلىمات ئاساسىغا قارىتا رەددىيە ئېلىپ بېرىش كۈرىشىنى تېخىمۇ ئۇزۇن داۋاملاشتۇرۇش، ئۇلار ئالغا سۈرگەن ھەربىر نۇقتىئىنەزەرگە بوشاشماي قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باتىنىيلەر كۆتۈرۈپ چىققان «تەلىمدىن ئايرىلىپ قېلىشقا بولمايدۇ، بىز ھەر قاچان تەلىم ۋە مۇئەللىمگە موھتاج، مۇئەللىم بولۇشقا پەقەت مۇئەللىمى مەئسۇم (گۇناھتىن خالىيلاشقان مۇئەللىم)لەرلا يارايدۇ»، دېگەن قاراشقا كۈچلۈك تۈردە

رەددىيە بەردى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ تەئلىم ۋە مۇئەللىمگە موھتاجلىق تۇغرىسىدا كەلتۈرگەن ئاساسى يەنىلا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ، ئۇلارغا قارشى تۇرۇۋاتقانلارنىڭ سۆزى بىر چەتتە قالدى. بىر قىسىم ئادەملەر بۇنىڭغا ئالدىنىپ قېلىپ، ئەسلىدە باتىنىيلەرنىڭ پاكىت، ئاساسى يېتەرلىك بولغانلىقتىن مۇشۇنداق بولۇۋاتسا كېرەك، دېگەن تونۇشقا كېلىپ قېلىشتى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇ ئەھۋالنىڭ ئۇلار ئويلىغاندەك ئىش بولماستىن، بەلكى ھەقىقەتنى قوغدىغۇچىلارنىڭ يارامسىزلىقى، ھەقىقەتنى ئۆز يولى بىلەن قوغداشنى بىلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمىدى.

ھەقىقەت شۇكى، بىز مۇئەللىمگە ئېھتىياج بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. ئېخى ئۇنىڭ مەئسۇم بولۇشىنىمۇ ئېتىراپ قىلىمىز. بىز ئېتىراپ قىلىدىغان ئاشۇ مەئسۇم مۇئەللىم بىردىنبىر ھالدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئەگەر ئۇلار: «ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنغۇ»، دېسە، بىزمۇ: «ئۇنداقتا سىلەرنىڭ مۇئەللىمىڭلار (يەنى ئىمامى مەھدىي)مۇ غايىب بولۇپ كەتكەنغۇ»، دەيمىز. ئەگەر ئۇلار: «بىزنىڭ ئىمامىمىز دەۋەتچىلەرنى تەربىيلەپ، ھەر قايسى يۇرتلارغا تارقىتىۋەتكەن، ئۇ ھازىر ئاشۇ دەۋەتچىلەر بىرەر ئىشتا ئىختىلاپقا چۈشۈپ قالسا ياكى بىرەر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلسە، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىشىنى كۈتمەكتە»، دېگۈدەك بولسا، بىز ئۇلارغا دەيمىزكى: «بىزنىڭ مۇئەللىمىمىز (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)مۇ دەۋەتچىلەرنى تەربىيلەپ، ھەر قايسى يۇرتلارغا تارقىتىپ، ئۇلارغا ئۆگىتىدىغانىنى ئۆگىتىپ بولغان، چۈنكى ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە شۇنداق دېگەن: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈنلىدىم»(مائىدە

سۈرىسى 3- ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ئۆگىتىش كامالغا يەتكەندىن كېيىن، ئۆگەتكۈچى مۇئەللىمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق، خۇددى ئىمام غايىب بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ تەلىم بېرىشىگە زىيان يەتمىگەندەك»، دەيمىز. ناۋادا ئۇلار: «پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە تىلغا ئېلىنمىغان مەسىلىلەرگە يولۇقساڭلار، قانداق بىر تەرەپ قىلىسىلەر؟ نەس (نەقلى ئاساس) بىلەنمۇ؟ ھالبۇكى، پەيغەمبەردىن سىلەرگە ئۇنداق نەس يېتىپ كەلمىگەن تۇرسا؟ ئىجمائ، قىياس بىلەنمۇ؟ ھالبۇكى بۇ ئىككى ئىش ئىختىلاپ پەيدا قىلىدىغان تۇرسا؟»، دېسە، بىز شۇنداق دەيمىزكى: «ئۇنداق مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە، مۇئاز قانداق قىلغان بولسا، شۇنداق قىلىمىز، ئالدى بىلەن نەس① بار يەردە نەس بىلەن، ئۇ بولمىغاندا ئىجتىھاد بىلەن بىرتەرەپ قىلىمىز. بەلكى، ئىمان تەربىيىسىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، يۇرت-يۇرتلارغا تارقىلىپ كەتكەن ئاشۇ دەۋەتچىلەرگە ئوخشاش يول تۇتىمىز. چۈنكى، باتىنىيە ئېقىمىدىكى ئاشۇ دەۋەتچىلەرمۇ دائىملا نەس بويىچە ھۆكۈم چىقىرالمايدۇ. سەۋەبى، سان ۋە چېتىلىش دائىرىسى چەكلىك ھالدىكى بۇ نەرسىلەر چەكسىز ۋەقە-ھادىسىلەرنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىچىگە ئېلىپ بولالمايدۇ. ئۇلارمۇ ھەر بىر مەسىلىگە يولۇققاندا، ئۇدۇللۇق ئىمام تۇرغان شەھەرگە قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىۋاسىتە يولىيورۇقىنى ئېلىپ بولالمايدۇ. بەلكىم، ئۇ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئىمامنىڭ يۇرتىغىمۇ بېرىشى، بۇ چاغدا ئىمام ئاللىبۇرۇن ۋاپات تېپىپ كەتكەن بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن

① بۇ يەردە دېيىلمەكچى بولغان «نەس» قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىمامدىن يولىيورۇق ئالىمەن، دەپ كېلىپ تارتقان جاپالىرىمۇ ئۈنۈمسىز قېلىشى مۇمكىن. قىبلىنى بىلەلمەي دەرگۇمان بولۇپ قالغان ئادەمنىڭمۇ ناماز ئوقۇشتا قىبلىنى ئىجتىھاد بىلەن تەخمىن قىلماي ئامالى يوق. چۈنكى، ئۇ ئەگەر قىبلىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئىمام تۇرغان جايغا بارىمەن، دەپ ماڭسا، نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدۇ. دېمەك، بۇنداق ئەھۋالدا ئەمەلىي قىبلىگە ئەمەس، گۇماندىكى قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ، دېگەن گەپ. ھەدىستە شۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىجتىھادتا خاتالاشقان ئادەمگە بىر ئۆلۈش ئەجىر بولسا، توغرىنى تاپقۇچىغا ئىككى ئۆلۈش ئەجىر بار». ئەنە شۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بارلىق ئىجتىھادقا ئورتاقتۇر. بۇنىڭغا بىر زاكات بەرگۈچىنى مىسالغا ئالساق، ئۆزى باي، پۇلدار بولسىمۇ، پۇل-ماللىرىنى يوشۇرۇپ، كەمبەغەل قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئادەمنى ئۆز ئىجتىھادى بويىچە، كەمبەغەل ئادەم، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا زاكات بەرسە، ئەمەلىيەتتە ئۇ گەرچە خاتا ئويلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەيىبكە بۇيرۇلمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىشتا ئۇنىڭ گۇمانى نېمە بولسا، شۇ ھېسابقا ئېلىنىدۇ. ناۋادا ئۇ: «ئۇ ئادەم بىلەن قىبلە توغرىسىدا دەتالاش قىلغان ئادەمنىڭ گۇمانىمۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ گۇمانىغا ئوخشاشلا ئىجتىھاد ھېسابلىنامدۇ؟» دېسە، بىز دەيمىزكى: «ھەئە، ئۇمۇ خۇددى قىبلە ئىشىدا ئۆز گۇمانى ئاساسىدا ئىجتىھاد قىلغان ئادەمگە ئوخشاش ئۆز ئويى بويىچە ئىش كۆرۈشى كېرەك. بۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئويىغا قوشۇلۇش، قوشۇلماسلىقى بىلەن ئالاقىسى يوق». ئەگەر ئۇ بىراۋ بۇ سۆزگە قايىل بولماي: «ئەگەر مۇئەييەن بىر مەزھەپكە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئادەم (مۇقەللىد) قىبلىنىڭ يۆنىلىشىنى بېكىتەلمەي قالغان

مۇنداق ئەھۋالدا، قايسى ئىسلام مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ؟ ئىمام ئەئزەم مەزھىپىگىمۇ، ياكى ئىمام شافىئىي مەزھىپىگىمۇ ياكى بولمىسا ئۇلاردىن باشقا بىرىگىمۇ»، دېسە، بىز ئۇنىڭغا شۇنداق دەيمىز: «قىبلىنىڭ يۆنىلىشىنى بىلەلمەي ئىككىلىنىپ تۇرغان مۇقەللىد دەل مۇشۇ خىل ئەھۋالدا قانداق قىلىش توغرىسىدا بىر پىكىرگە كېلەلمەيۋاتقان مۇجتەھىدلەر ئارىسىدا قالغان تۇرسا، يەنە قانداق قىلماقچىدى؟!». بەلكىم، ئۇ باتىنىيچى بۇ گېپىمىزگە مۇنداق جاۋاب بېرىشى مۇمكىن: «ئۇ ئۆزى ئىجتىهاد قىلىپ، مۇجتەھىدلەر ئىچىدە كىمنى پەزىلەتلىك، قىبلىنىڭ بەلگە-ئالامەتلىرىنى ياخشى بىلگۈچى سۈپىتىدە قارىسا، شۇنىڭغا ئەگىشىشى كېرەك». بۇ چاغدا بىز ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ دەيمىزكى: «ئۇنداقتا، ئۇ ئادەم سىز دېگەن ئاشۇ ئىجتىهادقا تايىنىپ قىبلىنى بېكىتىدۇ. قايسى مەزھەپكە ئەگىشىشمۇ ئۇنىڭ ئۆز ئىجتىهادىغا قاراپ بولىدۇ.»

گەرچە ئىجتىهاد ئىشىدا بەزىدە پەيغەمبەر ۋە ئىماملارمۇ خاتالىقتىن ساقلىنالمىسىمۇ خەلقنى ئىجتىهادقا تەرغىب قىلىش ھامان بىر خىل زۆرۈرىيەتتۇر. تېخى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىمۇ بىزگە ئىجتىهاد ئىشىدا ئىلھام بېرىدۇ: «مەن سىرتىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىمەن، نىيەتلەرنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر»[1]. بۇ، گۇۋاھ - شاھىت بولىدىغان ئالامەتلەردىن شەكىللەنگەن كۈچلۈك گۇمانغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىمەن،

[1] تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، بۇ ھەدىس ئىشەنچلىك ھەدىس كىتابلىرىدا ئۇچرىتىلمىغان. گەرچە بىر قىسىم ئالىملار بۇنى ھەدىس سۈپىتىدە نەقىل قىلىشسىمۇ ئىراقىي ۋە مۇزەيىنى قاتارلىق ھەدىسشۇناسلار ئۇنى ھەدىس ئەمەس دەپ قارايدۇ.

دېگەنلىك. لېكىن، ئاشۇ گۇۋاھ ـ شاھىت ئالامەتلىرىمۇ دائىم توغرا چىقىۋەرمەيدۇ. مانا كۆرۈپ تۇرغىنىڭىزدەك ئىجتىھاد ئىشلىرىدا پەيغەمبەرلەرمۇ خاتالىقتىن ساقلىنالمىغان يەردە، يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا قانداقسىگە ئىجتىھاد خاتالىقى كۆرۈلمەيدۇ، دېگىلى بولسۇن.
بۇ يەردە بىزگە باتىنىيچىلەر تەرىپىدىن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك سوئال قويۇلۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ بىرى: «ئىجتىھاد قىلىش دېگەن ئايرىم ئىجتىھادچانلىقى بار (دېدۇكسىيلىك) مەسىلىلەرگە نىسبەتەن توغرا بولغان بىلەن، ئەقىدە ئاساسلىرىدا توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا خاتالاشقان ئادەمنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ. مانا بۇ ئەھۋالنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟». مېنىڭ بۇ سوئالغا بېرىدىغان جاۋابىم: «ئەقىدە ئاساسلىرىنى قۇرئان كەرىم ۋە «ھەدىس شەرىف» تولۇق ئۆز ئىچىگە ئېلىپ بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم تەپسىلىي بايان قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ھەمدە تالاش-تارتىش ئۇستىدىكى ئايرىم مەسىلىلەرگە قەدەر بىر قاتار تەرەپلەردە «توغرا ئۆلچەم»گە تايانغاندىلا، ئاندىن توغرا تونۇشقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ «توغرا ئۆلچەم» ئاللاھ ئۆز كىتابى «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئالغان ۋە مەن «توغرا ئۆلچەم» (القسطاس المستقيم) دېگەن كىتابىمدا ئېيتىپ ئۆتكەن بەش تۈرلۈك ئۆلچەمدىن ئىبارەت. ئەگەر ئۇ سىزگە: «سىزگە قارشى تۇرىدىغان كىشىلەر سىز دېگەن ئۇ ئۆلچەمگە قايىل بولمايدۇ»، دېسە، مەن دەيمەنكى: «ئۇلار ئۇنى چۈشەنمەيدىغانلا بولمىسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇنى چۈشىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىدىغان ئىش بولمايدۇ. ھەتتا، باتىنىيلەرمۇ ئۇنىڭغا قارشى تۇرالمايدۇ. چۈنكى، مەن ئۆلچەملەرنىڭ ھەممىسىنى «قۇرئان كەرىم»دىن ئالدىم ۋە شۇنىڭدىن ئۆگەندىم. ئۇ ئۆلچەملەرگە

مەنتىقچىلەرمۇ قارشى تۇرالمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئۆلچەملەر ئۇلارنىڭ شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. كالامچىلارمۇ ئوخشاشلا قارشى تۇرالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ، كالامچىلارنىڭ نەزەرىيە پاكىتى توغرىسىدىكى بايانلىرى ھەمدە ھەق-ناھەقنى ئايرىش قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن. ناۋادا ئۇلار: «ئەگەر سېنىڭ قولۇڭدا راستلا مۇشۇنداق ئۆلچەم بولسا، نېمىشقا ئۇنى ئىشلىتىپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى تۈگەتمەيسەن» دېسە، مېنىڭ جاۋابىم شۇكى: «ئەگەر ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالغىنىدا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىختىلاپى تۈگىگەن بولاتتى. مەن «توغرا ئۆلچەم» دېگەن كىتابىمدا ئىختىلاپنى تۈگىتىشنىڭ ئامال-يوللىرى توغرىسىدا توختالغانمەن. شۇلارنى ئوقۇپ كۆرسەڭ، ئۇلارنىڭ توغرىلىقىنى ھەمدە ئۇ ئارقىلىق ئىختىلاپنى پۈتۈنلەي تۈگەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىسەن. بىراق، ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، ئادەملەر ئۇ پىكىرلەرگە بىر پۈتۈن ھالدا قۇلاق سېلىشمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىر گۇرۇھلا مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىپ، ئۆز ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى تۈگىتىشكە مۇۋەپپەق بولدى. ھالبۇكى، سېنىڭ ئىمامىڭمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز سۆزىگە قۇلاق سالماسلىقىغا قارىماي، ئۇلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى تۈگەتمەكچى ئىدىغۇ؟ ئۇمۇ نېمىشقا تا ھازىرغىچە ئۇنداق قىلالمايدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك ئىماملارنىڭ بېشى بولغان كىشىمۇ كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىختىلاپلارنى تۈگىتەلمەيدۇ. سېنىڭ ئىمامىڭ ئۆزىنى بارلىق كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ گېپىگە مەجبۇرىي كىرگۈزەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە، دەپ قارايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ نېمىشقا تا بۈگۈنگە قەدەر بارلىق كىشىلەرنى ئۆزئارا ئىختىلاپلارنى تاشلاشقا چاقىرمايدۇ؟ ئۇ

قاچانغىچە مۇشۇنداق قىلمايدۇ؟ ئىمامنىڭ ئىختىلاپىنى تۈگىتىشكە چاقىرىق قىلىشى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا تۈپلەپ ئىختىلاپ ۋە ئىختىلاپچىلار پەيدا بولۇشتىن باشقا نىمىمۇ بارلىققا كەلدى؟ توغرا، ئۇلار بۇ چاغقىچە كىشىلەرنى ئۇنداق قىلىشقا زورلىمىدى؟ بۇنىڭدا ئۇلار كىشىلەرنى ئىختىلاپنى تۈگىتىشكە چاقىرىق قىلىشىنىڭ ئۇلار ئارىسىدا قان تۆكۈلۈش، يۇرت-ماكانلارنىڭ ۋەيران بولۇشى، بالىلارنىڭ يېتىم قېلىشى، قاراقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلمىشلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشىدەك سەلبىي نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ئەنسىرەشكەنىدى. ئەمەلىيەتتە، سىلەرنىڭ كىشىلەر ئارا ئىختىلاپىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇشۇڭلار تۈپەيلى دۇنيا مىقياسىدا بۇ چاغقا قەدەر كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى ئىختىلاپلار بارلىققا كەلدى». ئەگەر بىراۋ: «سىز ئەل ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى يوقىتىپ تاشلايمەن دەيسىز، لېكىن بىر-بىرىگە قارشى تۈرلۈك مەزھەپلەر، زىددىيەت، ئىختىلاپلار ئارىسىدا تېگىرقاپ يۈرگەن بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ ئادەم قانداقسىگە سىز قارشى تۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ سۆزىنى قويۇپ، پەقەت سىزنىڭلا سۆزىڭىزنى قوبۇل قىلغۇدەك. يەنە كېلىپ، كۆپ سانلىق ئۆكتىچىلەر سىزگە قارشى تۇرۇۋاتقان بىر ئەھۋالدا، سىزنىڭ باشقىلاردىن نېمە پەرقىڭىز؟» مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئىككىنچى سوئالى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ سوئالىغا شۇنداق جاۋاب بېرىمەن: «سېنىڭ بۇ گېپىڭ ئالدى بىلەن ئۆزۈڭگە يانىدۇ؟. چۈنكى، ئەگەر سەن ئۇ گاڭگىراق ئادەمنى ئۆز تەرىپىڭگىلا تارتساڭ، ئۇ شۇنداق دېيىشى مۇمكىن. كۆپ سانلىق بىلىمدانلار ساڭا قارشى تۇرۇۋاتسا، سەن يەنە نېمىگە تايىنىپ، باشقىلاردىن ياخشى بولۇپ قالغۇدەكسەن، قېنى سەن بۇنىڭغا نېمە دېمەكچى؟» ناۋادا سەن ئۇنىڭغا: «مېنىڭ ئىمامىم

توغرىسىدا نەس (نەقلىي ئاساس) بار»، دەپ جاۋاب بەرسەڭ، سەن پاكىتقا قارشى كەلتۈرىدىغان ئۇ نەسكە كىممۇ ئىشەنسۇن؟». كېيىن، بەلكىم بارلىق بىلىم ئەھلى سېنى يالغانچى، ساختىپەزگە چىقىرىپ تۇرغان ئەھۋالدىمۇ، ئۇ گاڭگىراق ئادەم سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلاپ، سەن دېگەن ئۇ ئاتالمىش نەرسىنىمۇ قوبۇل قىلدى، دەيلى، شۇنداقتىمۇ ئۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە نىسبەتەن دەرگۇمان بولۇپ قالغان بولسا، ساڭا شۇنداق دېيىشى مۇمكىن: «سېنىڭ ئىمامىڭنى خۇددى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش ئارقىلىق مۆجىزە كۆرسەتكەندەك، مۆجىزە كۆرسىتەلىدىمۇ، دەيلى. ئۇ يەنە، ئۆزىنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلاپ، مېنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن دادامنى تىرگۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتسا، ھەمدە ئەمەلىيەتتىمۇ دادامنى تىرگۈزۈپ بەرسە، ئاندىن بۇ ئىشلارنى پەش قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى راستچىل دېسە، مەن ئۇنىڭ راستچىللىقىغا قانداق ئىشىنىمەن؟ ھالبۇكى، كىشىلەر ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا سۆزلۈك، راستچىل كىشى ئىكەنلىكىنى پەقەت يۇقىرىقىدەك ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش مۆجىزىسىگە باغلاپلا چۈشەنمىگەن تۇرسا؟»، دېسە، سەن ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەرسەنكىن؟ بەلكى، قارشى تەرەپ بۇنىڭ بىلەن قالماي، سەندىن يەنە پەقەت ئىنچىكە ئەقلىي ئىسپات ئارقىلىقلا جاۋاب بېرىش مۇمكىن بولىدىغان تېخىمۇ قىيىن سوئاللارنى سورىشى مۇمكىن. يامان يېرى، سەن يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا، سەن ئۆزۈڭگە پايدىسىز ھالدا، ساڭا تازا ئەسقاتىدىغان ئەقلىي ئىسپاتقا ئىشەنچ بىلەن قارىمايسەن. مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولمىسۇن، سېھىرنىڭ ماھىيىتى ۋە سېھىر بىلەن مۆجىزىنىڭ پەرقى ئېنىق چۈشىنىلمىگىچە ھەمدە پەرۋەردىگار ئاللاھنىڭ ئۆز بەندىلىرىنى ئازدۇرمايدىغانلىقى

تونۇپ يېتىلمىگىچە مۆجىزە بىراۋنىڭ راستچىللىقىنىڭ دەلىلى بولالمايدۇ. سېنىڭ ئىمامىڭنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈش جەھەتتە، باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرغۇدەك ھېچبىر تەرىپى بولمىغان بىر ئەھۋالدا، سەن يۇقىرىقىدەك سوئاللارغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىڭ مۇمكىن؟ مانا شۇنداق پەيتلەردە، باتىنىيچى بولغانلار ئۆزلىرىگە تاشلانغان سوئاللارغا لايىقىدا جاۋاب بېرىش زورى بىلەن، ئۆزلىرى باشتىن ئىنكار قىلىپ كەلگەن ئەقلىي ئىسپاتلارغا تايىنىپ باقىدۇ. ئەمما، ئۇلارغا قارشى تۇرغۇچىلار يۇقىرىقىدەك ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلاپ قويىدۇ. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، ئۇلارنىڭ بۇ قاملاشمىغان سوئالى باشتىن — ئاخىر ئۆز-ئۆزىنى كولدۇرلىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەتتا، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىنكىلىرى بىرلىشىپ، بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە ئۇرۇنغان تەقدىردىمۇ، جاۋاب تاپالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئىككىنچى سوئالىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا داغدۇغا پەيدا قىلالىشى دەل بىر قىسىم ئىلمىي لاياقەتلىرى ئاجىز، بىلىمسىز ئادەملەرنىڭ بۇ خىل سوئاللارغا يولۇققاندا، بۇ سوئاللارنى سوئال قويغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە ياندۇرۇپ بېرىش (يەنى، سوئالنىڭ ئىسپات ئاساسىغا رەددىيە بېرىش ئارقىلىق قارشى تەرەپنى مات قىلىش) بىلەن بولماي، بەلكى سوئالنى بۇياقتىن ئاڭلاپلا، ئۇ ياقتىن ئۇنىڭغا ئۆز پىكرىنى چىقىش قىلغان ئاساستا جاۋاب بېرىشكە ئالدىراپ كېتىش ئەھۋاللىرى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. مانا بۇمۇ مۇشۇ تېمىدىكى پاراگرافلارنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىشىنىڭ بىر سەۋەبىدۇر. سېنىڭ مۇنازىرىدە دېگەنلىرىڭ قارشى تەرەپكە بىرەر نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ قانداقمۇ قارشى تەرەپنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلاشقا يارىسۇن؟ ئەگەر بىراۋ

مەندىن. سىز بۇ يەردە ئېيتقان «سوئالنى ئۆزىگە ياندۇرۇش» ياكى «ياندۇرما رەددىيە» دېگىنىڭىز نېمە؟ ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز، دەپ سوراپ قالغۇدەك بولسا، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بېرىمەن: ئۇنى شۇنداق چۈشىنىش كېرەككى، ئەگەر بىراۋ: «مەن گاڭگىراپ قېلىۋاتىمەن»، دېسە، لېكىن نېمە مەسىلىدە گاڭگىراپ قالغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتمىسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب: «سىز كېسەلدەك قىلىسىز؟»، دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ: «توغرا، مەن كېسەل»، دەيدۇيۇ، ئۆز كېسىلىنىڭ نېمىلىكىنى دېمەيدۇ؟، شۇنداق تۇرۇپ ئۇ ئۆزىگە داۋا ئىزدەيدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ ئادەمگە: «دۇنيادا مۇتلەق كېسەلنىڭ دورىسى يوق، ھەر قانداق بىر كېسەل باش ئاغرىقى، ئىسھال (ئىچى سۈرۈك) دېگەنگە ئوخشاش ئېنىقلىققا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ داۋا-چارىسى بولىدۇ، دەيمىز.

شۇنىڭدەك، ھەر قانداق بىر گاڭگىراپ قالغۇچى ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنى گاڭگىراشقا سېلىۋاتقان ئىشنى ئېنىق ئېيتىشى كېرەك. ناۋادا، ئۇ مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغىنىدا، مەن يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگەن بەش تۈرلۈك ئۆلچەم بىلەن ئۇ گاڭگىراپ قېلىۋاتقان مەسىلىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھەقىقەتنى تونۇتۇپ قويىمەن. ئۇ بەش تۈرلۈك ئۆلچەم شۇنداق بىر نەرسىكى، ئۇنى چۈشىنىپ يەتكەنلا ئادەم بولسا، ئۇنىڭ ھەقىقەتنى ئۆلچەشنىڭ چىن مىزانى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئارقىسىدا بۇ مىزاننى يېقىندىن چۈشىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەق-ناھەقنى ئۆلچىگەندە خاتالىق سادىر بولمايدىغانلىقىنى ئۇقۇپ قالىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇ بۇ ھەقىقەت ئۆلچىمى بىلەن، بىر ماتېماتىكا ئۆگەنگۈچى ئادەم ماتېماتىكىنىڭ ئۆزىنى چۈشەنگىنىدەك ھەمدە ئۆزىگە ماتېماتىكىدا مۇئەللىم بولغان

ئادەمنى بىر ماتېماتىكا ئالىمى ۋە بۇ پەندە خاتالاشمايدىغان كىشى، دەپ بىلگىنىدەك ئىشەنچ قىلىپ قالىدۇ. مەن يۇقىرىقى بەش ئۆلچەمنى «توغرا ئۆلچەم» ناملىق قىرىق بەتلىك ئەسىرىمدە ئۇقتىلىق بايان قىلغانىدىم. ئۇنى شۇنىڭدىن كۆرۈۋالغايسىلەر. مېنىڭ بۇ يەردىكى مەقسىتىم، قانداقتۇر باتىنىيە مەزھىپىنىڭ چاتاق-ئېۋەنلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئەمەس، مەن ئۇ توغرىلىق دەسلەپتە «مۇستەزھىرىي» دېگەن كىتابىمدا، ئىككىنچى رەت «ھەقىقەتنىڭ پاكىتى» (حجة الحق) دېگەن كىتابىمدا توختىلىپ بولغانىدىم. بۇ ئىككى كىتابنىڭ مەزمۇنى باتىنىيە مەزھىپىدىكىلەر بىلەن باغدادتىكى ئۇچرىشىشتا ئۇلار تەرىپىدىن قويۇلغان سوئاللارغا بەرگەن جاۋابلىرىمدىن ئىبارەت. ئون ئۈچ بۆلۈملۈك «ئىختىلاپنىڭ تەپسىلاتى(مفصل الخلاف)» (بۇ ئۇلارغا ھەمەداندىكى ئۇچرىشىشتا بەرگەن جاۋابلىرىم)، جەدۋەل شەكلىدە يېزىلغان «يول» (الدرج) دېگەن ئەسىرىم (بۇ ئۇلارنىڭ تۇس شەھرىدىكى ئۇچرىشىشتا ئېيتقان چاكىنا پىكىرلىرىگە جاۋابەن يېزىلغان)، بەشىنچى قېتىم «توغرا ئۆلچەم» دېگەن كىتابىمدا بايان قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «توغرا ئۆلچەم» كىتابى ئايرىم بىر پۈتۈن كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر قايسى ئىلىملارنى دېيەرلىك ھالدا، كەڭ دائىرىلىك پۇختا ئىگىلىگەن كىشىلەرنىڭ ئىمامى مەئسۇم (گۇناھتىن خالىي يولباشچى)غا موھتاج بولمايدىغانلىقى مەسىلىسى ئۇقتىلىق بايان قىلىنغان. مېنىڭ بۇ يەردە بۇ گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈشۈمنىڭ سەۋەبى باتىنىيەچى نامىنى ئالغان ئاشۇ بىر ئۇچۇم ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىدا تۆرلۈك-تۈمەن ئىدىيە، كۆز-قاراشلارنىڭ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدا قالغان كىشىلەرنى ھەقىقەت يورۇقلۇقىغا ئېلىپ چىققۇدەك بىرەر نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى

ئۆقتۇرۇپ قويۇشتىن ئىبارەت. گەرچە بۇلار ئىمام تۇتۇش ئىشىدا يېتەرلىك پاكىت كەلتۈرەلمىسىمۇ، بىز يەنە بۇلارغا ئۇزۇن مەزگىل يېقىندىن دىققەت قىلىپ كەلدۇق ھەمدە بۇلارنىڭ ئۆگۈت (تەئلىم)ۋە مەئسۇم ئۆگۈتچى (مۇئەللىم) كېرەكلىكى ۋە شۇنداق ئۆگۈتچىنى تەيىنلەش توغرىسىدىكى پىكىرلىرىگىمۇ قوشۇلدۇق. ئاخىرىغا كېلىپ، بىز ئۇلاردىن ئاشۇ مەئسۇم زاتتىن نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكى توغرىسىدا بىر قىسىم مەسىلىلەرنى سورىغىنىمىزدا، ئۇلار بىز سورىغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش تۈگۈل، ئۇلارغا ئېيتقان سۆزىمىزنىڭ نېمە مەزمۇندا ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنەلمىدى. ئۇلار بېرەلىگەن سوئاللارغا جاۋاب تاپالماي تىلى تۇتۇلغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى جاۋاب مەسئۇلىيىتىنى دەرھال غايىب ئىمامغا ئىتتىرىشتى ۋە دېيىشتىكى: «بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئاشۇ ئىمامنى تېپىش كېرەك». ئەجەبلىنەرلىكى شۇ بولدىكى، ئۇلار شۇ مۇئەللىمنى ئىزدەش ۋە ئۇنىڭ تەئلىملىرىگە ئېرىشكەنلىكى بىلەن لاپ ئۇرۇش ئىچىدە ئىمامدىن ھېچبىر نەرسىنى ئۆگىنەلمەستىن، ھاياتىنى نابۇت قىلىۋەتتى. مېنىڭ ئۇلارنى خۇددى ئۆزىگە نىجاسەت يۇقتۇرۇۋالغان، ئەمما ئۇنى يۇيۇش ئۈچۈن، ھەر تەرەپتىن سۇ ئىزدەپ، سۇنى تاپقاندا، نېمىدۇر بىر باھانىلەرنى تېپىپ، ئۇ سۇنى ئىشلەتمەيدىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆمۈر بويى نىجاسەتتىن قۇتۇلالماي ئۆتىدىغان بىر ئادەمگە ئوخشاتقۇم كېلىدۇ. ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرى ھاسىل قىلغان بىلىم مۇپىتىدە بىر بۆلۈك قاراشلارنى مەيدانغا كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار كۆتۈرۈپ چىققان بۇ نەزەرىيىلەر دەل فىفاگور پەلسەپىسىدىكى ئەھمىيەتسىز، بىمەنە نەرسىلەر ئىدى. فىفاگور بولسا، يۇناننىڭ ئەڭ قەدىمكى پەيلاسوپلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ

پەلسەپىسى پەلسەپە ئىقىملىرى ئىچىدىكى ئاساسى ئەڭ ئاجىزى ھېسابلىناتتى. ئۆز ۋاقتىدا يۇنان پەيلاسوپى ئارستوتىل فىفاگور پەلسەپەسىنى تەنقىد قىلغان ۋە ئۇنىڭدىكى نەزەرىيىۋى قاراشلارغا مەنسىتمەسلىك نەزىرىدە قارىغانىدى. بۇ ئىشلار «سادىق قېرىنداشلار» دېگەن كىتابتا تەپسىلاتلىرى بىلەن خاتىرىلەنگەن. دېمەك، بۇ ئىشلارنىڭ ئۇ كىتابتا بايان قىلىنىشى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بۇ كىتاب ئېنىق ھالدا پەلسەپە روھى بىلەن يېزىپ چىقىلغان. مەن شۇ تاپ بىر ئۆمۈر بىلىم ئىزدەپ، جاپا تارتىپ ئېرىشكەن ئاشۇ چاغلىق، ئەرزىمەس نەرسىلەرگە قانائەتلىنىپ، ئۆزلىرىنى ئەڭ زور بىلىمنى قولغا كەلتۈرگەن ئادەملەر، دەپ يۈرىدىغان شۇ ئادەملەرگە ھەيران قالىمەن. مەن بۇ خىل ئادەملەر ئۇستىدە كۆپلەپ تەكشۈرۈش، سىناقلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئەھۋاللىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق شۇنى بايقىدىمكى، ئۇلار يېتەكچىگە موھتاجلىق داۋرىڭى ئارقىلىق بىر قىسىم ئەقلى تۆۋەن، نادان ئادەملەرنى تۇيدۇرماي، قەدەممۇقەدەم پاتقاققا تىقىدىكەن. ئۇلارنىڭ مەقسىتى، جاھىل خەلقنى، ئەقلى تۆۋەن، نادان ئادەملەرنى ئۇستازغا ئېھتىياجى بار ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈش، ئۇستازغا ئېھتىياج يوق، دېگۈچىلەرگە قارشى يوغان، قورقۇنچلۇق گەپلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى گەپ قىلالماس قىلىپ قويۇش ئىكەن. ئەگەر بىرسى ئۇلارنىڭ «ئۇستازغا موھتاجلىق» قارىشىغا قوشۇلغان كىشى قىياپىتىگە كىرىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىگە: «قېنى ماڭا ئۇستازىڭنىڭ كېپىنى يەتكۈزۈڭ، مېنى ئۇنىڭ تەئلىمىدىن مەنپەئەتلەندۈرۈڭ»، دېسە، بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھېلىقى باتىنىيچى بىر دەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، سوئال قويغۇچىغا: «سەن ئەمدى

مېنىڭ سۆزۈمنى قوبۇل قىلغانىكەنسەن، ئۇستازنى ھېلىھەم ئۆزۈڭ ئىزدە. مېنىڭ ئىشىم مۇشۇ يەرگىچىلا، خالاس،»دەيدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق جاۋاب بېرەي دېسە، ئۆزىنىڭ رەسۋا بولىدىغانلىقى، ئەڭ ئاددىي مەسىلىلەرگىمۇ جاۋاب بېرەلمەي، ھەتتا جاۋاب بېرىش تۈگۈل ئۇلارنى چۈشەنمەي قېلىشىنى ئوبدان بىلىدۇ. مانا بۇ، ئاشۇ بىر توپ كۆرەڭلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى. ئۇلارنى سىز بىۋاسىتە چۈشىنىپ باقمىنىڭىزدىمۇ دەرغەزەپ بولماي قالمايسىز. مەنمۇ ئۇلارنى كۆزىتىپ كۆردۈم ـ دە، دەرھال ئۇلاردىن قولۇمنى قاقتىم.

دىنىي پەنلەر ۋە ئەقلىي پەنلەرنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىدە ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرىم جەريانىدا، مەندە ئۇلۇغ ئاللاھقا، پەيغەمبەرلىككە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە قارىتا چوڭقۇر ئىشەنچ، ئىمان ھاسىل بولۇپ، ئىمانىمنىڭ بۇ ئۈچ ئاساسى كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئورۇن ئالغانىدى. مەن بۇ خىل ئىمانغا قانداقتۇر بىر تۈجۈپىلەنگەن، بەلگىلىك بىرەر دەلىلگە تايىنىش ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى ھاياتىمدىكى سان-ساناقسىز تەجرىبە-ساۋاقلار، تۈرلۈك ئامىل ۋە ئالامەتلەر ئارقىلىق يەتكەنىدىم. مەن ئاخىرەتتىكى بەختنى پەقەت تەقۋالىق ۋە نەپسىنى ھاۋايى-ھەۋەستىن چەكلەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەنىدىم. ئۇنداق قىلىش ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى، بۇ ئالدامچى دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ، بارلىقى بىلەن ئاخىرەتكە بېرىلىش، دىققەتنى پەقەت خۇداغىلا قارىتىش ئارقىلىق قەلبنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك ئىدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەئىشەت، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى، يۈز ئابرۇيى، مال-دۇنيادىن ۋاز كېچىش، مۇناسىۋەت، باردى-

كەلدىلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش بىلەن بولاتتى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆز ئەھۋالىمغا نەزەر سالدىم. قارىسام، مەن تۇرلۇك ئالاقە، مۇناسىۋەتلەرنىڭ قورشاۋىدا قاپتىمەن. قىلىۋاتقان ئىشىمغا سەپسالدىم — تېخى مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈپ قىلىۋاتقان ئىشىم مۇئەللىملىك قىلىش ئىدى — بۇ ئىشىمدىمۇ ئاخىرەت يولىدا مەنپەئەتى تەگمەيدىغان ئەھمىيەتسىز بىلىملەر بىلەن ھەپىلىشىۋېتىپتىمەن. دەرس ئۆتۈشتىكى نىيىتىم ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم. ئەپسۇسكى، نىيىتىمدە خۇدانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىمەستىن، ئابرۇي تېپىش ۋە داڭ چىقىرىشنى كۆزلەپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن مەن تېزدىن ئۆزۈمنى تەكشۈرمىگىنىمدە، چوڭقۇر بىر ھاڭنىڭ گىرۋىكىگە بېرىپ قالغانلىقىمغا، دوزاخقا يېقىنلاپ قالغانلىقىمغا ئىشەندىم. مەن بۇ ئىش توغرىسىدا خېلى ئۇزۇن ئويلانغان بولساممۇ، بىر قارارغا كېلەلمىدىم. بۇگۈنى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئاشۇ كۆڭۈلسىز تۇرمۇشتىن ئايرىلىشنى ئويلىسام، ئەتىسى بۇ ئىرادەم بوشاپ قالاتتى. ھېلى ئالدىغا ماڭسام، ھېلى كەينىگە ماڭاتتىم. ئەتىگەندە، ئاخىرەتنى ئىزدەش قىزغىنلىقىغا بېرىلسەم، كەچ كىرگەندە دۇنيا ئارزۇلىرىنىڭ قوشۇنى ماڭا ھۇجۇم قىلىپ كېلەتتى-دە، بۇ قىزغىنلىقىم بىردىنلا يېنىپ قالاتتى. شۇنداق قىلىپ، بىر ياندىن دۇنيا ئىستەكلىرى مېنى زەنجىر-كىشەن بولۇپ چىرماپ، ھازىرقى ئورنۇمدا تۇرۇۋېرىشكە قىستىسا، يەنە بىر ياندىن ئىماننىڭ جاكارچىسى: «تېزدىن يولغا چىق! سېنىڭ ئۆمرۈڭ ئاز قالدى، باسىدىغان يولۇڭ تېخى ئۇزۇن، سېنىڭ بىلىم ۋە ئەمەللىرىڭ رىيا ۋە ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت، سەن ئاخىرەتكە ھازىردىن باشلاپ تەييارلىق كۆرمىسەڭ، قاچان كۆرىسەن؟ بۇ ئالاقىلارنى ھازىر ئۈزمىسەڭ، قاچان ئۈزىسەن»، دەپ تۇراتتى.

مەن شىمان جاكارچىسىنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن غەيرەتكە كەلدىم-دە، باغدادنى تاشلاپ چىقىشقا رەسمىي ئىرادە تىكلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە شەيتان ماڭا يېپىشىۋېلىپ، مېنى ئىرادەمدىن ياندۇرماقچى بولۇپ شۇنداق دەيتتى: «ھەي، بۇ ۋاقىتلىق ئىشلار، سەن ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ كەتمە، چۈنكى بۇ ھالەت ئۇزۇنغا بارمايدۇ. ناۋادا سەن ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ كېتىپ، بۈگۈن ئۆزۈڭ ئىگە بولۇپ تۇرغان، پۇتلىكاشاڭدىن خالىي، تىنچ تۇرمۇشنى، ھېچكىمنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىمايدىغان نوپۇزلۇق خىزمىتىڭنى تاشلاپ كېتىپ قالغىنىڭ بىلەن، بىر كۈنلەر كېلىپ ئۇلارغا كۆڭلۈڭ يۈگۈرۈپ قالسا، ئۇ چاغدا ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئاسانغا توختىمايدۇ»، دەپ تۇراتتى. مەن يەنىلا ئىككىلىنىپ، دۇنيا ئىستەكلىرى بىلەن ئاخىرەت تۈرتكىلىرى ئارىسىدا قېقىلىپ-سوقۇلۇپ، تارتقۇچىلىنىپ يۈردۈم.

نۆۋەتتە، پەيغەمبەرلىك ۋە ئۇنىڭ تۈپ ماھىيىتى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىشكە ئېھتىياج زور بولغانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەندە دەل مۇشۇ تېمىدا توختىلىشقا توغرا كەلدى.

# پەيغەمبەرلىكنىڭ ماھىيىتى ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا موھتاجلىقى توغرىسىدا

شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئىنساننىڭ ئەسلىي ئۆزلۈك جەۋھىرى بوش (قۇرۇق) ۋە ئاددىي ھالدا يارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاھ ياراتقان ئالەملەر توغرىسىدا ھېچقانداق ئۇچۇر ۋە بىلىملەر بولمىغانىدى. ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ ئالەملىرى تولىمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ سانىنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە شۇنداق دېيىلگەن: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ قوشۇنىنى (پەرىشتىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ يارىتىلىشىنىڭ چوڭلۇقىنى) پەقەت ئۇ ئۆزى بىلىدۇ﴾ (سۈرە مۇددەسسىر 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ئىنساننىڭ پۈتكۈل ئالەم توغرىسىدىكى ھەر قانداق بىلىم-تونۇقى ئىدراك (سەزگۈ ئىقتىدارى) ياردىمىدە مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ئىدراك بولسا ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا تايىنىپ مەۋجۇدات ئالىمىدىن خەۋەردار بولۇشى ئۈچۈن يارىتىلغان. بىز بۇ يەردىكى مەۋجۇدات ئالىمىدىن مەۋجۇت شەيئىلەرنىڭ بارلىق تۈرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمىز. مەسىلەن، ئىنساندىكى تېگىش سەزگۈسىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ ئىنساندىكى ئەڭ تۇنجى بولۇپ يارىتىلغان سەزگۈ ئىقتىدارى بولۇپ، ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن شەيئىلەردىكى قىزىقلىق،

سوغۇقلۇق، يۇمشاقلىق، يىرىكلىك دېگەندەك ھالەتلەرنى سېزىدۇ. شۇنداقتىمۇ، تېگىش سەزگۈسى رەڭ ۋە ئاۋازلارنى سېزەلمەيدۇ. رەڭ ۋە ئاۋازلار تېگىش سەزگۈسىگە نىسبەتەن يوقتەكلا نەرسىلەردۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن، كۆرۈش سەزگۈسى (كۆز) يارىتىلغان. بىز بۇ سەزگۈ ئىقتىدارىغا تايىنىپ، شەيئىلەرنىڭ رەڭ ۋە شەكىللىرىنى بىلەلەيمىز. رەڭ بىلەن شەكىل مەھسۇسات (ماددىي دۇنيا شەيئىلىرى)تا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچتا، ئاڭلاش سەزگۈسى يارىتىلىپ، ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن ئاۋاز، ناخشا-كۈيلەرنى ئاڭلىيالايدىغان بولدى. تۆتىنچى باسقۇچتا، تەم ۋە پۇراق سەزگۈسى يارىتىلدى. ئىنسان بالىسى مانا شۇ سەزگۈلەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىشى، بارا-بارا سەزگۈلۈكلەر — ھېسسىي شەيئىلەر دائىرىسىدىن ھالقىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئۆسۈپ، تەخمىنەن يەتتە ياشقا بارغان چاغلىرىدا، ئۇنىڭدا بەلگىلىك دەرىجىدە شەيئىلەرنى ئاڭقىرىش ئىقتىدارى بارلىققا كېلىدۇ. مانا بۇ باسقۇچ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئىلگىرىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بىر دەۋرنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ئۇ باسقۇچتا ھېسسىي دۇنياغا ياتمايدىغان نۇرغۇن ئىش-كۈشلەرنى ئاڭقىرىپ يېتىدۇ. بۇ باسقۇچتىن كېيىن ئۇ يەنە يېڭى بىر باسقۇچقا تەرەققىي قىلىدۇ-دە، ئۇنىڭدا ئەقىل بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ ئەقىل ياردىمىدە بۇرچ، مەجبۇرىيەت، توغرا، خاتا قاتارلىقلارنى ھەمدە ئىلگىرى بىلىپ يەتمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىپ يېتىدۇ. ئىنساندا مانا شۇ ئەقىل ئىقتىدارىدىن باشقا بىر بىلىش پەللىسى بار بولۇپ، ئىنسان بۇ پەللىگە يەتكەندە، ئۇنىڭدا غايىبنى ۋە بولغۇسى ئىشلارنى كۆرەلەيدىغان يېڭىچە بىر كۆز بارلىققا كېلىدۇ. خۇددى ئاڭقىرىش ئىقتىدارى بارلىققا كەلگەندە، سەزگۈ ئىقتىدارى ئاساسىي

ئىقتىدار بولۇشتىن قالغانغا ئوخشاش، بۇ خىل كۆز بارلىققا كەلگەندە ئەقىل ئىقتىدارى بۇرۇنقى مۇھىملىقىنى يوقىتىپ، ئىككىلەمچى ئورۇنغا ئۆتىدۇ. تېخى ئەمدى تەمەييۇز (ئاڭقىرىش) ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئادەمگە پەقەت ئەقىل بىلەنلا بىلگىلى بولىدىغان بىر ئىش يۈزلەنسە، ئۇنىڭ ئۇ ئىشنى قوبۇل قىلمىغىنى، ھەتتا ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى يوققا چىقارغىنىغا ئوخشاش، ئايرىم بىر قىسىم ئادەملەر پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىن كەلگەن نەرسىلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى يوققا چىقىرىدۇ. مانا بۇ، ئۆتۈپ كەتكەن نادانلىقتۇر. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتا پەيغەمبەرلەردىكى ئاشۇ ئەقىل، ئاشۇ ئىقتىدار - ئۇست ئەقىل (ئەقىلدىن يۇقىرى تۇرىدىغان بىلىش ئىقتىدارى)نىڭ ئۇلاردىمۇ بولمىغانلىقىدىن ۋە شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلەر بىلگەن نەرسىلەرنى ئۆز كۆڭلىدە يوققا چىقارغانلىقىدىن باشقا، تايانغۇدەك ئاساسى يوق. بۇ خۇددى، بىر قارىغۇ ئادەمنى ئېلىپ ئېيتساق، كۆز ئالدىدىكى رەڭ ۋە شەكىللەرنى باشقىلاردىن تەكرار ئاڭلاش ۋە سورۇشتۇرۇش ئارقىلىق بىلمىگۈچە، ئۇنىڭغا دەسلەپتە نېمىلا دېگەن بىلەن قايىل بولمىغاندەك بىر ئىش. ئەمەلىيەتتە ئاللاھ ئۆز بەندىلىرىگە يېقىنلىق قىلىپ، ئۇلارغا بەزىبىر پەيغەمبەرلىك نەمۇنىلىرىنى ئاتا قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئۇيقۇدۇر. چۈنكى، ئۇخلىغان ئادەمگە بىردە ئېپ-ئېنىق ھالدا، بىردە تەبىر ئارقىلىق ئۇقۇلىدىغان شەكىلدە بەزى ئىشلار ئايان بولىدۇ. ئەقىل ئادەمنىڭ بىلىش باسقۇچلىرى ئىچىدىكى بىر باسقۇچ بولۇپ، ئادەملەر شۇ باسقۇچتا ئېچىلغان كۆزلەر بىلەن تۈرلۈك مەئقۇلات (بىلگۈلۈكلەر)، ئەقلىي چۈشەنچىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئىنسان بۇ ئەقىل بىلەن ئىنسانلاردا بارلىققا كەلگەن ئورغۇنلىغان ئەقلىي نەرسىلەرنى كۆرۈۋاتقاندا، سەزگۈ ئەزالىرى بۇنىڭغا قاتناشمايدۇ.

پەيغەمبەرلىكتىن گۇمانلىنىدىغانلار شۇنداق ئىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى ۋە ئەمەلىيەتتە مەۋجۇتلۇقىدىن ياكى بىرەر ئادەمنىڭ شۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشىدىن گۇمانلىنىدۇ. ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى ۋە ئەمەلىي ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشنىڭ دەلىلى دۇنيادا خۇددى تېبابەت ۋە ئاسترونومىيە بىلىملىرىگە ئوخشاش، ئەقىل بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان بىر قاتار بىلىملەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت. پەيغەمبەرلىك ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرگەنلەر ئېنىق ھالدا شۇنى بىلىدۇكى، پەيغەمبەرلىكتىكى بىلىش پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئىلاھىي تەۋپىق ۋە ئىلھام ياردىمىدىلا ئىشقا ئاشىدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭغا تەجرىبە ئارقىلىق ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ھەممىگە تەجرىبە كېرەك بولغىلى تۇرسا، بەزى ئاسترونومىيىلىك ھادىسىلەر ھەر مىڭ يىلدا بىر قېتىم يۈز بېرىدۇ. ئۇنداقتا، قانداقمۇ تەجرىبە ئارقىلىق ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىلىمگە ئېرىشكىلى بولسۇن. تېببىي دورىلارنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ شۇنداق. بۇ ئىسپات ئارقىسىدا بىزگە شۇنداق ئايان بولىدۇكى، ئەقىل ياردىمىدە بىلگىلى بولمايدىغان بىر قىسىم ئىشلارنى بىلىشنىڭ بىر يولى بار. ئۇ بولسىمۇ، پەيغەمبەرلىكتۇر. بۇ يەردىكى پەيغەمبەرلىك پەيغەمبەرلىكنىڭ بىر پۈتۈن تەبىرىدىن ئىبارەت بولماستىن، ئەقىل بىلەن بىلىنگۈسى شەيئىلەردىن سىرت تۇرىدىغان بىلىملەرنى بىلىشمۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. پەيغەمبەرلىكنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاز بولمىغان ئالاھىدىلىك ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بار، ئەلۋەتتە. بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تەرەپلەر بۇ دېڭىزنىڭ بىر تامچىسىلا بولالايدۇ، خالاس. شۇنداقتىمۇ، بىز ئۇلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. چۈنكى، سىز ۋە بىزدە شۇ پەيغەمبەرلىكتىن بىر نەمۇنە بار. ئۇ

نەمۇنە بولسىمۇ، بىزنىڭ ئۇيقۇلۇق ھالىتىمىزدە ئىدراك قىلغان نەرسىلەردىن ئىبارەت. سىېنىڭ تىبابەت ۋە ئاسترونومىيىگە ئائىت بىلىملەردىن خەۋەردارلىقىڭ، پەيغەمبەرلىكنىڭ سەنچە بىر خىل تىپى بولسا، بۇنىڭ پەيغەمبەرلەردىكى ئىپادىسى ئۇلارنىڭ مۆجىزىلىرىدىن ئىبارەت. پەيغەمبەرلەر يەتكەن بۇ پەللىگە ئاقىللار ئەقىل ياردىمىدە ئەسلا يېتىپ بولماس.

ئاۋادا سەن پەيغەمبەرلىكنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنسەڭ ھەمدە شۇنىڭ بىلەن بىرگە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەرنى كۆپرەك ئوقۇپ بەرسەڭ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئالىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە قارىتا سەندە بىۋاستە تونۇش شەكىللىنىدۇ. سەن مۇمكىن بولسا، مېنىڭ ئىبادەت ۋە ئۇنىڭ قەلبنى تازىلاشتىكى تەسىرى ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىمنى تەجرىبەڭدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئىشەنچ-قانائىتىڭنى ئاشۇرغايسەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى بۇ سۆزى نەقەدەر راست ئېيتىلغان-ھە! «كىمكى، بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۇ بىلمىگەن نەرسىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە شۇنداق دەيدۇ: «كىمكى زالىمغا ياردەم بەرسە، ئاللاھ ئۇنى شۇ زالىمنىڭ زۇلمىغا گىرىپتار قىلىدۇ»[2]. «كىمكى بىر غەمدىن (ئاللاھنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىش غېمىدىن) باشقا غېمى يوق ھالدا ئەتىگەننى كۈتۈۋالسا، ئاللاھ ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بارلىق غەملىرىدىن

---

[1] تەكشۈرۈشلەرگە كۆرە، بۇ ھەدىس مەشھۇر ھەدىس كىتابلىرىدا ئۇچرىتىلمىغان.
[2] ئىمام ئىبنى ئەساكىر توپلىغان زەئىق ھەدىس.

خالاس قىلىدۇ»[1]. سەن مانا شۇ ئىشلارنى ئۆز ھاياتىڭدا، تۇرمۇشۇڭدا، ئەمەلىيىتىڭدە مىڭ، ئىككىمىڭ، ھەتتا نەچچە مىڭلاپ تەجرىبە قىلىپ كۆرسەڭ، سەندە يۇقىرىقى ھەقىقەت (پەيغەمبەرلىكنىڭ ماھىيىتى)كە قارىتا گۇمان چۈشكۈسىز بىۋاسىتە بىلىم شەكىللىنىدۇ. سەن پەيغەمبەرلىككە بولغان ئىشەنچنى مانا مۇشۇ يولدىن ئىزدە. بۇنى ھەرگىزمۇ ھاسىنىڭ ئەجدىھاغا ئايلىنىشى، ئاينىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى، دېگەندەك ئىشلاردىن ئىزدىمە. سەن ناۋادا شۇ خىل مۆجىزىلەرگىلا دىققەت قىلىپ، ئۇنىڭغا يەنە باشقا دەپ بولغۇسىز نۇرغۇن ئالامەت- بەلگىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ قارىمىساڭ، ئېھتىمال ئۇ مۆجىزىلەرنى بىر خىل سېھىر، ئالدامچىلىق، دەپ چۈشىنىۋېلىشىڭ مۇمكىن.

كېيىن ساڭا مۆجىزىلەر توغرىلىق سوئال- سوراقلار تاشلىنىشى مۇمكىن. ئەگەر سەن مۆجىزىلەرگە ئۇلارنىڭ مۆجىزىلىكىنى دەلىللەيدىغان ئالدىن تەييارلىۋېلىنغان سۆزلەر ئاساسىدا ئىشەنگەن بولساڭ، مۇنازىرە جەريانىدا قارشى تەرەپ ساڭا مۆجىزىنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا گۇمان چۈشۈرىدىغان مەزمۇندىكى ئالدىن رەتلەپ تەييارلىۋېلىنغان سۆزلەر بىلەن سېنىڭ كېپىڭگە رەددىيە بەرسە، سەن شۇ يەردە كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ قارشى تەرەپنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كېتىشىڭ مۇمكىن.

مۇشۇ خىل ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن، مۆجىزە قاتارىدىكى ئىشلار سېنىڭ نەزىرىڭدە ئومۇمىي شەرتلەر، دەلىل- ئالامەتلەر ئىچىدىكى بىر تۈر سۈپىتىدە قارىلىشى كېرەك. پەقەت

---

[1] سۈنەنۇن ئىبنى ماجەدىن، زەئىق ھەدىس.

شۇنداق بولغاندىلا، سەندە مۆجىزىلەر توغرىسىدا بىرەر مۇقىم دەلىل كۆرسىتىپ بېرىش كەتمەيدىغان ھەم دەلىل كۆرسىتىپ بەرگىلىمۇ بولمايدىغان بىۋاستە بىلىم ھاسىل بولىدۇ. بۇنى شۇنداق بىر ئادەمنىڭ ئىشىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئادەم بىر توپ ئادەمدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، كىشىلەر ئارا كەڭ تارقالغان بىر گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەم ئۇ گەپكە ئۆزىمۇ بىلمەيلا ئىشىنىپ قالغاندىن باشقا، كىمنىڭ سۆزىگە ئاساسەن بۇ ئىشەنچكە كەلگەنلىكىنى دەپ بېرەلمەيدۇ. گەرچە بۇ ئادەم ئۆزىدە ئۇ سۆزلەرگە ئىشەنچ ھاسىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان مۇئەييەن بىرەر ئادەمنى كۆرسىتەلمىسىمۇ، يەنىلا ئاشۇ سۆزگە ئىشىنىۋېرىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئىشىنىشنى كۈچلۈك ھەمدە ئىلمىي بولغان ئىمان ۋە ئىشەنچ دەيمىز. ئەمدى زەۋق باسقۇچىنىڭ خاراكتېرىگە كەلسەك، بۇ باسقۇچقا يەتكەن ئادەم بىر قىسىم نەرسىلەرگە قارىتا خۇددى كۆز بىلەن كۆرگەن، قول بىلەن تۇتقانغا ئوخشاش بىۋاستە ۋە ئېنىق تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ.

پەيغەمبەرلىكنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا مۇشۇنچىلىك توختالغىنىم مەقسەتكە چۈشلۇق بولدى، دەپ ئويلايمەن.

ئەمدى، ئىنسانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرگە موھتاج بولىدىغانلىقى توغرىسىدا توختالماقچىمەن.

# قايتىدىن ئىلىم تارقىتىشقا باشلاش

مەن ئون يىلغا يېقىن ۋاقتىمنى جەمئىيەتتىن چەتلەپ، تەنھالىق ئىچىدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. مۇشۇ ئۇزۇن جەريانىدا ساناپ تۈگەتكۈسىز بىر تالاي سەۋەبلەرگە كۆرە، بىردە زەۋق، بىردە ئىلمىي پاكىت، بىردە ئىمان شەكلىنى ئالغان قوبۇل قىلىش بىلەن كەمىنىگە شۇنداق بىر ھەقىقەت ئايان بولدىكى، ئىنسان تەن ۋە قەلبتىن ئىبارەت ئىككى نەرسىدىن يارىتىلغانىكەن. مەن بۇ يەردىكى قەلبتىن ئۆلۈكتىمۇ، جاندارلاردىمۇ بار گۆش بىلەن قاندىن پۈتكەن يۈرەكنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىكى ئاللاھنى تونۇش ئورنى بولغان روھىي ماھىيەتنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن. تەندە ئۇنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ساغلاملىق بولغاندەك، ئۇنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان كېسەللىكمۇ بولىدۇ. خۇددى، شۇنىڭدەك قەلبنىڭمۇ ئۆزىگە تېگىشلىك ساقلىق-ساغلاملىقى بولىدۇ. ھالبۇكى، قىيامەت كۈنى پەقەت «ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ» (سۈرە شۇئەرا 89- ئايەت). شۇنىڭغا يارىشا ھالدا قەلبتە خۇددى ئاللاھ ئۆز كالامىدا: «ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل(يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار» (بەقەرە سۈرىسى 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەندەك، ئۇنى ئاخىرەتلىك ئەبەدىي ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان كېسەللىكمۇ بولىدۇ. ماڭا يەنە شۇلار ئايان بولدىكى، ئاللاھنى بىلمەسلىك بولسا، قەلبنى تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغان زەھەر

ئىكەن. كۆڭۈل خاھىشىغا ئەگىشىپ، ئاللاھقا ئاسىي بولۇش، قەلبىنىڭ دورا كار قىلماس كېسىلى ئىكەن. ئاللاھنى تونۇش بولسا، قەلبكە ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغۇچى تەرياق، كۆڭۈل ئىستەكلىرىگە بېرىلمەي ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بولسا، كېسەللەنگەن قەلبنىڭ شىپالىق دورىسى ئىكەن. دېمەك، تەندىكى كېسەللىنىمۇ دورا بېرىش ئارقىلىق يوقاتقاندەك، قەلبتىكى كېسەللىنىمۇ ئۆز دورىسى بىلەن ساقايتىش كېرەك ئىكەن. ماگا يەنە شۇ ئىش ئايان بولدىكى، خۇددى تەن كېسەللىكلىرىگە بېرىلىدىغان دورىلارنىڭ قانداق تەسىر ۋە قانداق خاسىيەت بىلەن بىمارغا تەسىر قىلىپ، ساقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى، ئادەتتىكى كىشىلەر ئۆز ئەقلى بىلەن بىلەلمەيدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇنى قانداق چۈشىنىش ۋە بىلىشتە تېبابەت ئىلمىنى ئۆز دەۋرىدە پەيغەمبەرلىك خاسىيىتى بىلەن دورا-ئەشيالارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلگەن پەيغەمبەرلەردىن ئالغان-ئۆگەنگەن دوختۇر-تېۋىپلارنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئاساس قىلىش كېرەك بولىدىغانلىقىغا ئوخشاش، پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىن ئۆلچەم-مىقدارلىرى ئېنىق قىلىپ بەلگىلەپ بېرىلگەن ئىبادەت دورىلىرىنىڭ قانداق تەسىر ۋە روللارغا ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ ئادەتتىكى كىشىلەر ئۆز ئەقلى ياردىمىدە بىلەلمەستىن، بەلكى بۇنى بىلىشتە ئۆزىدىكى پەيغەمبەرلىك نۇرى ئارقىلىق بىزگە نامەلۇم خۇسۇسىيەتلەرنى بىلگەن ئاشۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئاساس قىلىش كېرەك ئىكەن. ئادەتتە دورىلار ئوخشىمىغان تۈر ۋە ئوخشىمىغان مىقداردىكى تۈرلۈك تەركىبلەردىن ياسالغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى مەلۇم بىر خىل تەركىب بىرھەسسە بولسا، يەنە بىر خىل تەركىب ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە جىق ياكى ئاز بولىدۇ. دورىنىڭ كېسەللىككە كۆرسىتىدىغان تەسىرى

جەمئىيەتتىن بۆلۈنمە ئۆزىگە چۈشلۇق ئاساسى بار. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش قەلب كېسەللىكلىرىنىڭ دورىسىدىن ئىبارەت ئىبادەت دورىلىرىمۇ تۈر ۋە مىقدار جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، نامازنىڭ سەجدىنىڭ ۋاقتى رۇكۇنىڭ ۋاقتىدىن بىر ھەسسە كۆپ بولىدۇ. بامدات نامىزى مىقدار جەھەتتىن ئەسر نامىزىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە چۈشلۇق سىر - ھېكمەتتىن خالىي ئەمەس. يەنە كېلىپ، بۇلار پەقەت پەيغەمبەرلىك نۇرى ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدىغان خۇسۇسىيەتلەر قاتارىدىندۇر. كىمكى، ئەقلىي ئىقتىدارغا تايىنىپ، بۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھېكمىتىنى بىلمەكچى بولىدىكەن ياكى ئۇلارنى قانداقتۇر بىرەر خاسىيەتنى چىقىش قىلغان ئىلاھىي سىر تۈپەيلى بەلگىلەنگەن بولماستىن، بەلكى توغرىدىن توغرا، تاسادىپىي يوسۇندا بەلگىلىنىپ قالغان، دەپ ئويلاپ قالىدىكەن، بۇ ئۆتۈپ كەتكەن دۆتلۈك، ھاماقەتلىك بولىدۇ. ئادەتتە دورىلاردا ئاساسىي تەركىبلەر ۋە قوشۇمچە تەركىبلەر ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ دورىنىڭ ئۈنۈمىدە ئوينايدىغان تېگىشلىك رولى بولغانغا ئوخشاش، بىر قىسىم ئىبادەتلەر ئاساسىي ئىبادەت تۈرىنى تەشكىل قىلسا، يەنە بىر قىسىملىرى (نەفلە، سۈننەت ئىبادەتلەر) ئاساسلىق ئىبادەتلەرنى تولۇقلىغۇچى ۋە پۈتۈنلىگۈچىلىك رولىنى ئۆتەيدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا تىنچلىق يار بولسۇن) قەلب كېسىلىنى داۋالايدىغان قەلب دوختۇرلىرىدىن ئىبارەت.

ئەمدى ئەقىلنىڭ رولى ۋە پايدىسىغا كەلسەك، ئۇنىڭ پايدىسى شۇ بولىدىكى، ئەقىل بىزگە يۇقىرىقى ھەقىقەتنى تونۇتۇش بىلەن بىرگە، بىر تەرەپتىن پەيغەمبەرلىكنى ئېتىراپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن

ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىك كۆزى بىلەن بىلىنىدىغان ماھىيەتلەرنى بىلىشتىن ئاجىز كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى؛ ئۇ بىزنىڭ قولىمىزنى تۇتۇپ، خۇددى قارىغۇنى يولباشچىغا تاپشۇرغان ياكى كېسەلگە داۋا ئىزدەپ، بېشى قاتقان بىمارنى بىر مېھرىبان دوختۇرغا تاپشۇرغانغا ئوخشاش، بىزنى پەيغەمبەرلىكنىڭ قولىغا تاپشۇردى. ئەقلىنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى مۇشۇنچىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز تېۋىپى ئېيتقان مەزمۇنلارنى چۈشىنىشتىن باشقا ئىشقا قۇربى يەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىز كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد ئەھۋالىغا نەزەر سالغىنىمىزدا شۇنى كۆردۇقكى، ئۇلاردا پەيغەمبەرلىكنىڭ ئاساسىغا بولغان ئېتىقاد سۇسلاپ كەتكەن، بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە بولغان ئېتىقادىمۇ تۆۋەنلەپ كەتكەن. بۇ سۇسلۇقلار ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئېيتقان، چۈشەنچە بەرگەن ئىشلارغا ئەمەل قىلىشتىمۇ سۇسلۇق قىلىشقا ئېلىپ بارغان. بىز خەلق ئارىسىدا مۇشۇ ئەھۋالنىڭ خېلى يامراپ قالغانلىقىنى بايقىدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن شەخسەن خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ خىل سۇسلۇققا گىرىپتار بولۇشىنىڭ ئەمەلىي سەۋەبلىرىنى ئىزدىدىم. تاپتىمكى، بۇ سەۋەبلەر تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈك بولۇپ چىقتى:

1. پەلسەپەگە بېرىلىپ كەتكەنلەر.
2. سوفىلىق يولىغا كىرىپ كەتكەنلەر.
3. باتىنىيە ئېقىمىغا قېتىلىپ كەتكەنلەر.
4. ئەل ئارىسىدىكى ئالىم نامىنى ئالغان كىشىلەرنىڭ تۇتقان يولى.

شۇنىڭ بىلەن مەن خەلق ئارىسىغا چۆكۈپ، تۈرغۇن كىشىلەر بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردىم. سۆھبەت جەريانىدا ئۇلارنىڭ شەرىئەت تۇتۇشتىكى سۇسلۇقى ۋە شەرىئەتكە قارىتا دەرگۇمان بولۇپ قېلىش

ئەھۋاللىرى، ئەقىدە-تونۇشى، كۆڭلىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان غۇم- سىرلىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكى بىر قاتار سوئاللارنى سورىدىم. ئۇلارنىڭ بىرىگە شۇنداق دېدىم: «سىز نېمە ئۈچۈن دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشقا سەل قارايسىز؟ سىز ئاخىرەتكە ئىشىنىدىغان ئادەم تۇرۇپ، ھازىردىن باشلاپ ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقىنى قىلماي، ئۇنى دۇنيالىقىڭىز ئۈچۈن سېتىۋەتسىڭىز، بۇ بىر ھاماقەتلىك ئەمەسمۇ؟ سىز بىر سودىدا ئالغان نەرسە بىلەن بىرگە بەرگەن نەرسىگىمۇ تەڭلا ئىگە بولالمايسىز. شۇنداقكەن، سىز نېمە ئۈچۈن چەكسىز بىر نەرسىنى — ئاخىرەتنى چەكلىك كۈنلەردىن ئىبارەت بۇ دۇنياغا سېتىۋېتىسىز؟ ناۋادا ئۇ كۈنگە ئىشەنمىسىڭىز، ئۇنداقتا دىنسىزسىز. ئۇنداق بولغاندا، سىز يوقىتىپ قويغان ئىمانىڭىزنى تېپىشنىڭ ئامالىنى قىلىڭ. سىز تىلىڭىزدىن چىقارمىسىڭىزمۇ، يوشۇرۇن ھالدا سىزنىڭ يول-مەزھىپىڭىز بولۇپ تۇرغان مەخپىي كۇپرى (يوشۇرۇن دىنسىزلىق)نىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئىزدىنىڭ. سىزدە ئاشۇ مەخپىي كۇپرى بولغاچقىلا، سىز گەرچە كۆرۈنۈشتە ئۆزىڭىزنى مۆئمىنلىك بىلەن پەردازلاپ، شەرىئەتنى ئېغىزىڭىزدىن چۈشۈرمەي كەلسىڭىزمۇ، تاشقى جەھەتتە مۇشۇنداق جۇرئەتكە كېلەلىگەن». بۇ سوئالىمغا بەزىلەر شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىشتى: «ئەگەر بۇ ئىش ھەقىقەتەن مۇھىم بولغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن ئالىملار ئەمەل قىلغان بولاتتى، خەلق ئارىسىدىكى يۇز ئابرۇيلۇق، پازىل، ئالىم كىشىلەردىن پالانى-پۇكۇنى ئادەملەر ناماز ئوقۇمايدۇ، ھاراق ئىچىدۇ. يەنە بەزىلىرى يېتىملارنىڭ مال - مۈلكىنى، ۋەقپە مالنى يەپ كېتىدۇ. بەزىلەر پادىشاھلاردىن ئىنئام ئالىدۇ. ھارامدىن ئۆزىنى تارتمايدۇ. يەنە بەزىلەر قازىلىق، داۋا- دەستۇر، گۇۋاھلىق بېرىش ئىشلىرىدا پارا ئالىدۇ. بۇلارنى دەپ كەلسەك، گەپ تولا».

ئىككىنچى بىرسى قوپۇپ، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇف بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، ھازىر بۇ يولدا تەرەققىي قىلىپ، ئىبادەتكە ئېھتىياج چۈشمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۈچىنچى بىرى بولسا، ئۆز مەيلىچىلىك[1] (ئەھلى ئىباھە ياكى ئىباھىيە) تەرەپدارلىرىنىڭ ئاساسسىز، ئەپقاچتى گەپلىرى بىلەن ئۆزلىرىگە باھانە كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداقلار يولدىن پۈتۈنلەي چەتنەپ كەتكەن ئادەملەردۇر. باتىنىيە ئېقىمى تەرەپدارلىرى بىلەن ئارىلاشقان تۆتىنچى بىرسى شۇنداق دەيدۇ: «ھازىر ھەقىقەت تېپىش قىيىنلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا بارىدىغان يولدا توسالغۇلار كۆپ. ھەقىقەت توغرىسىدىكى ئىختىلاپلارمۇ كۆپىيىپ كەتتى. ھەر قايسى مەزھەپلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ كېينىلا يورغىلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى باشقىلىرىدىن توغرا ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. ھەر كىمنىڭ كەلتۈرىدىغان ئەقلىي دەلىللىرىدە ئۆزئارا زىتلىق بار، ئويچىللار (مۇتەپەككۇرلەر)نىڭ قاراشلىرىغىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ. تەئلىم مەزھېپىگە تەرغىب قىلغۇچىلارغا كەلسەك، ئۇلار ئىلمىي پاكىتقا ئەمەس، زوراۋانلىققا تايىنىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، مەن قانداقسىگە گۇمانلىق نەرسىنى دەپ، ئۆزۈمنىڭ ئىشەنچلىك ئەقىدەمنى تاشلىغۇدەكمەن؟»

بەشىنچى بىر ئادەم شۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ ئىشلارنى (شەرىئەتكە خىلاپ ئىش- ھەرىكەتلەرنى) باشقىلارنى دوراپ قىلغىنىم يوق. مەن پەلسەپە ئۆگەندىم، ئۇنى ئۆگىنىش ئارقىلىق پەيغەمبەرلىكنىڭ ماھىيىتى بىلەن تونۇشتۇم، نەتىجىدە، پەيغەمبەرلىك

[1] ئۆزمەيلىچىلىك — دىندىن يىراقلاشقان، شەرىئەت چەكلىمىلىرىدىن ھالقىپ كەتكەن، دۇنيا ۋە ھاياتلىقنى چۈشىنىشتە ئاددىي ئەقلىي كۆزىتىشكە تايىنىدىغان، تۇرمۇشنى بولۇشىغا ئۆتكۈزۈشنى تەرغىب قىلىدىغان ئازغۇن ئىدىيۋى ئېقىم.

پائالىيىتىنىڭ ماھىيىتى ھېكمەت ۋە مەسلىھەت (پايدىلىقلىق)نى چىقىش قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى تائەت - ئىبادەتكە تەرغىب قىلىشتىكى مەقسىتىنىڭ ئاۋام خەلقنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى تىزگىنلەپ، ئۇلارنى ئۆزئارا قان تۆكۈش، جەڭگە - جېدەللەردىن ھەمدە كۆڭۈل ئىستەكلىرىگە بېرىلىپ كېتىشتىن توسۇپ قېلىش ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇنداق بولغانىكەن، مەن ئۆزۈمنىڭ ھەكىملەر (دانىشمەن، ھېكمەتدارلار) جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىم، ھەر ئىشىمدا ھېكمەتنى چىقىش قىلىدىغانلىقىم ۋە ھېكمەتنى بايقىيالايدىغانلىقىمغا يارىشا، مەن ئادەتتىكى نادان ئاۋام قاتارىدىن بولمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى تەكلىپ (مەجبۇرىيەت يۈكلىنىش) دائىرىسىدىكى ئادەم ئەمەس، دەپ بىلىپ، ئاۋام خەلقنىڭ رېتارىغا ئەگەشمىدىم». مانا بۇ، ئىلاھىيەتچى پەيلاسوپلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە تەپەككۇرلىرىنى ئۆگەنگەن كىشىلەرنىڭ ئىمانى. ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى ئىبن سىنا، ئەبۇ نەسىر فارابىيلارنىڭ كىتابلىرىدىن ئۆگىنىۋېلىشقان. ئىبن سىنا ۋە فارابىلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئىسلام بىلەن پەردازلىۋالغان كىشىلەردۇر. ئېھتىمال، سىز كۆپ قېتىم ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭ قۇرئان ئوقۇغانلىقى، جامائەت نامازلىرىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى، شەرىئەتنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي يۈرگەنلىكىنى كۆرەرسىز. لېكىن، ئۇ شۇنداق تۇرۇپ، ھاراق ئىچىدۇ، بىر قىسىم ناشايان ئىشلارنى قىلىدۇ. ئەگەر بىراۋ ئۇنىڭغا: «پەيغەمبەرلىك يالغان بولسا، سىز نېمىشقا ناماز ئوقۇيسىز؟» دېگۈدەك بولسا، ئۇ بەلكىم مۇنداق جاۋاب بېرىشى مۇمكىن: «مەن نامازنى بەدەن چېنىقتۇرۇش، يۇرت - خەلقىمنىڭ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش، بالا - چاقا، مال - مۈلكۈمنىڭ ئامانلىقىنى دەپ ئوقۇيمەن».

بەلكىم، ئىۋ بەزىدە «شەرىئەت راست، پەيغەمبەرلىك ھەقىقەت»، دەيمۇ قالار. ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا نېمىشقا ھاراق ئىچىسىز؟» دېيىلسە، ئۇ شۇنداق دېيىشى مۇمكىن: «ھاراق كىشىلەر ئارىسىدا ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت پەيدا قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن چەكلەنگەن. مەن ئۆزۈمنىڭ دانالىقىمغا تايىنىپ، ئۇنداق ئىشلاردىن ساقلىنالايمەن. مەن ھاراقنى پەقەت ئۆزۈمنى روھلاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئىچىمەن». ھەتتا، بىز ئىبنى سىنا بولغان ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بىر ۋەسىيىتىدە ئاللاھ بىلەن بىر قانچە ئىش توغرىسىدا شەرتلەشكەنلىكى، بۇنىڭدا ئۇ ئۆزىنىڭ شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىگە سادىق بولىدىغانلىقى، دىنىي ئىبادەتلەرنى قولدىن بەرمەيدىغانلىقى، ھاراقنى كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دورا ئورنىدا ئىچىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى يازغانلىقىنى كۆرىمىز. دېمەك، ئۇ ئادەم ئۆز ئىمانىنىڭ ساپلىقى ۋە ئىبادەتلەرنى قولدىن بەرمەسلىكنى پەش قىلىپ تۇرۇپ، داۋالىنىش غەرىزىدە ھاراق ئىچىشكە يول چىقارماقچى بولغان. مانا بۇ ئۇلار ئارىسىدىكى ئۆزىنى مۇئمىن چاغلايدىغانلارنىڭ ئىمانىدۇر. نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۇلارغا ئالدىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا قارشى تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا قارشى تۇرۇشلىرى، ئېتىراز بىلدۈرۈشلىرىدىكى بىر خىل پاسسىپلىقمۇ كىشىلەر توپىنىڭ پەلسەپىچىلەرگە مايىل بولۇپ قېلىشىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. چۈنكى، پەلسەپىچىلەرگە قارشى تۇرغۇچى ئاشۇ كىشىلەر پەلسەپىچىلەرنى تەنقىد قىلغانلىرىدا باشقا تۇتقۇلۇق مەسىلىلەرنى قويۇپ، خۇددى بىز باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بويىچە، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق، مەنتىق، ھەندەسە (گېئومېترىيە)گە ئوخشاش پەلسەپىچىلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ھېسابلىنىدىغان

پەنلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلىپ، ئېغىزىغا كەلگەننى دەيدۇ. مەن
دەپ ئۆتۈلگەن ئاشۇ بىر قانچە سەۋەبلەرگە كۆرە، خەلقنىڭ ئىمان-
ئېتىقادىنىڭ سۇسلىشىپ، مۇشۇ دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى
كۆرگەندىن كېيىن، كۆڭلۈمدە بۇ ئاپەتنى پاش قىلىش ئىستىكى
تۇغۇلدى. مەن ئۇلار (پەيلاسوپلار، سوفىيلار، تەئلىمچىلەر،
كالامچىلار، ئالىم ئاتالغانلار) نىڭ يول، بىلىملىرى، ئىدىيە-قاراشلىرى
بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇپ چىققان بولغاچقا، ئۇلارنى پاش قىلىش بىر
يۇتۇم سۇ ئىچكەنچىلىكمۇ قىيىنغا توختىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ
ئىشنى دەرھال باشلاش كېرەكلىكىنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم-دە، ئۆز
ئۆزۈمگە شۇنداق دېدىم: «جەمئىيەتتە كېسەل يامراپ كەتكەن،
كېسەلنى داۋالايدىغان دوختۇرلارمۇ كېسەللەنگەن، خەلق ھالاكەتكە
يۈزلىنىۋاتقان بىر چاغدا، سېنىڭ بۇ چەتلەك ۋە تەنھالىقتا
ياشىغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى». مەن ئارقىدىنلا ئۈمىدسىزلىنىپ يەنە
مۇنداقمۇ ئويلاپ قالاتتىم: «سەن بۇ تۇماننى قاچانمۇ تارقىتىپ
بولارسەن؟ ھالبۇكى، سېنىڭ دەۋرىڭ پەترەت (ئىككى پەيغەمبەر
دەۋرى ئارىسىدىكى ۋەھيى ئۈزۈلگەن ئارىلىق، غەزالىي بۇ يەردە دىنىي
قىزغىنلىقنىڭ چېكىنىشىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىدۇ) زامانىدۇر. دەۋر باتىلنىڭ
دەۋرى، ئەگەر سەن ئادەملەرنى مېڭىۋاتقان يولىدىن ھەق يولغا
چاقىرساڭ، بارلىق ئادەم ساڭا قارشى چىقىدۇ. شۇنداق ئىكەن، سەن
ئۇلار بىلەن بىللە ياشاپ، ئۇلارغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىپ
بولالمايسەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق زامان، دىنپەرۋەر، قۇدرەتلىك بىر
پادىشاھ بولمىسا بولمايدۇ». مەن شۇلارنى ئويلىغاندىن كېيىن،
ھەقىقەتنى دەلىلگە تايىنىپ مەيدانغا ئېلىپ چىقىشتىن ئاجىز
كەلگەنلىكىمنى باھانە قىلىپ، يەنىلا چەتلەك تۇرمۇشىنى

داۋاملاشتۇرۇشىنى، ئاللاھ ئالدىدا ئۆزۈمگە رۇخسەتلىك ئىش، دەپ قارىدىم. لېكىن، كۆتمىگەن يەردىن ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن، ھېچقانداق سىرتقى تۈرتكە ياكى سەۋەب يوق ئەھۋال ئاستىدا سۇلتاننىڭ ئۆزى قانداقتۇر بىر ئىچكى تۈرتكە بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، مېنى دەرھال نېشاپورغا قايتىشىم توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ بۇيرۇق شۇ دەرىجىدە كەسكىن ئىدىكى، ئەگەر باش تارتسام بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى بىر نەرسە دېگىلى بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىھەممۇ باھانە كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ چاغدا، كۆڭلۈمگە شۇنداق ئويلار كەچتى: «ئەمدىلىكتە، باھانىگە ئورۇن قالمىدى. سەن ھورۇنلۇق، ئېزىلەڭگۈلۈك، خىيال سۈرۈش، ئۆز قەدرىڭنى چۈشۈرمەي، ئادەملەرنىڭ تۈرلۈك ئەزىيەت، قاتتىق-قورۇق مۇئامىلىلىرىگە ئۇچرىماي ياشاش تۈپەيلىدىن، چەتلەك تۇرمۇشنى تاللىۋالغان بولساڭ، بۇ توغرا بولمايدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، سەن خەلق ئاممىسى بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشتىن كېلىدىغان قىيىنچىلىقتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇۋاتىسەن. ئاللاھنىڭ بۇ سۆزىگە نېمە دەيسەن؟: ﴿ئەلىف، لام، مىم(1). ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ (2) ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق،﴾ (ئەنكەبۇت سۈرىسى 1-، 2- ئايەت ۋە 3- ئايەتنىڭ بىرقىسمى)، بۇ يەردە ئاللاھ ئۆز بەندىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ قەدىرلىك كىشىگە نېمە دەۋاتىدۇ. ﴿سەندىن بۇرۇن

① بۇ، ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 28- خەلىپىسى مۇستەزھىر بىللاھ (1118 ~ 1094) نىڭ، سەلجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ بەشىنچى سۇلتانى مۇھەممەد ئىبنى مەلىك شاھ (1118 ~ 1105) نىڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. مۇئەللىق بۇ يەردە مۇھەممەد ئىبنى مەلىك شاھنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى، ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ھەرقانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىسى ساڭا نازىل بولدى﴾ (ئەنئام سۈرىسى 34- ئايەت). يەنە بۇ سۆزىگەچۇ: ﴿ياسىن(1). ھېكمەتلىك قۇرئان بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) شەك- شۈبھىسىزكى، سەن پەيغەمبەرلەردىنسەن(2- 3). توغرا يولدا سەن(4). قۇرئان ئاتا- بوۋىلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمىغان ( يەنى ئۇلارغا پەيغەمبەر كەلمىگەن)، غاپىل قالغان بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن ، غالىب، ناھايىتى مېھرىبان الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر(5- 6). ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە (ئازاب توغرىسىدىكى ) ھۆكۈم ھەقىقەتەن تېگىشلىك بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ(7). بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېڭەكلىرىگىچە قەدەر تاقاقلارنى تاقىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشلىرىنى ئەگمەيدۇ (8). ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە بىر توسۇق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار (ئىمانىنىڭ يوللىرى توسۇلۇپ، كەتكەنلىكى ئۈچۈن) ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ(9) . ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلارغا بەرىبىر ئوخشاش، ئىمان ئېيتمايدۇ(10) . سەن پەقەت قۇرئانغا ئەگەشكەن، مەرھەمەتلىك ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ قورققان كىشىنى ئاگاھلاندۇرالايسەن﴾ (ياسىن سۈرىسى بىرىنچى ئايەتتىن ئونىنچى ئايەتنىڭ بىر قىسمىغىچە). شۇنىڭدىن كېيىن مەن قەلب ۋە مۇشاھەدە ئەربابلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك چەتلەك تۇرمۇشىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، زاۋىيە (خانىقا، تەككە) دىن

چىقىش مەسلىھەتىنى بېرىشتى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ بىر قىسىم تەقۋادار دوستلارنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مۇشۇ يۇز يىل بېشىدا ئاللاھ مەيدانغا كەلتۈرۈشنى تەقدىر قىلغان ياخشىلىقنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن بەلگە بېرىدىغان بەزى بېشارەتلىك چۈشلەرنى كۆرۈشلىرىمۇ مېنىڭ بۇ ئىشقا بولغان ئىرادەمنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، كۆڭلۈمنى تىندۇردى. دېمىسىمۇ، ئاللاھ ھەر يۇز يىل بېشىدا ئۆز دىنىنى گۈللەندۈرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغاندى[1]. ئاللاھنىڭ قولايلىق يارىتىپ بېرىشى بىلەن كەمىنە 499- يىلى زۇلقەئىدە ئېيىدا بۇ زور ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن نىشاپۇرغا كەلدىم. ئۆز ۋاقتىدا باغدادتىن چىقىپ كەتكەن ۋاقتىم 488- يىلى ئىدى. شۇنداق بولغاندا، مېنىڭ جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ ياشىغان ئومۇمىي ۋاقتىم 11 يىلغا يەتكەنىدى. ئاللاھنىڭ بۇ ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىشنى تەقدىر قىلغىنى پۈتۈشى ھەيران قالارلىق بىر ئىش بولدى. مەن چەتلەككىنى چاغلىرىمدا، بۇنداق بولارىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم. باغدادنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەندىمۇ، ئۇ يەردىكى ھەشەمەتلىك تۇرمۇشتىن ۋاز كەچكەندىمۇ، مۇنداق بىر ئىشنىڭ بولۇپ قېلىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان. ئاللاھ ھەقىقەتەن قەلب ۋە ھالەتلەرنى ئۆزگەرتكۈچى ئىكەن. «مۇئمىنىنىڭ قەلبى ئاللاھنىڭ بارماقلىرىدىن بولغان ئىككى بارماقنىڭ ئارىسىدا تۇرىدۇ»[2]. مەن شۇنى بىلەتتىمكى، ناۋادا مېنىڭ بۇ قېتىمقى باغدادقا قايتىشىمدىكى مەقسەت، يەنە شۇ بۇرۇنقى بىلىمنى تارقىتىش ئۈچۈن بولغىنىدا ئىدى، مەن قايتمىغان بولاتتىم. مېنىڭ

[1] سەھىھۇلمۇسلىم ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەدتىن.
[2] سۇنەنۇ ئەبى داۋۇد ۋە ئەلمۇستەدرەكۇلاردىمۇ شۇ مەزمۇندا ھەدىس شەرىپ بار.

بۇرۇن باغدادتىكى بىلىم تارقىتىشىم ئابرۇيى-ئىناۋەت تېپىش ئۈچۈن بولغان. مېنىڭ بارلىق گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكىتىم شۇ بىلىمگە سەرىپ بولغان. ئەمما، ھازىر بولسا ئىش باشقىچە بولۇپ، ئابرۇيى تاپىدىغان بىلىمنى ئەمەس، بەلكى ئابرۇيىنى كېرەك قىلمايدىغان، ھەتتا ئابرۇيىسىزلىققا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بىلىمنى تارقىتىشقا بارىمەن. مېنىڭ مەقسەت، ئارزۇ-نىشانىم ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. مېنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى پەرۋەردىگارىم ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ. مەن ئەمدى ئۆزۈمنى ۋە باشقىلارنى تۈزىمەكچى. مەن بۇ يولدا كۈتكىنىمگە ئېرىشەلەمدىم، يوق، بىلمەيمەن. لېكىن، مەن كۆز بىلەن كۆرۈپ تۇرغاندەك تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ئىچىدە شۇنداق قارايمەنكى، ھەممىدىن ئۇلۇغ، ئۈستۈن ئاللاھنىڭ مەدىتى بولمىغىنىدا مېنىڭ قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. مەن بۇ ئىشقا ئۆزۈمچە ھەرىكەتلەنمىدىم. ئاللاھ مېنى ھەرىكەتلەندۈردى. مەن ئىش قىلمىدىم، مېنى ئاللاھ ئىش قىلدۇردى. مەن ئالدى بىلەن ئاللاھتىن مېنى تۈزىشىنى، ئاندىن مەن سەۋەبلىك باشقىلارنى تۈزىشىنى، مېنى ھىدايەت قىلىشىنى، شۇنداقلا مەن سەۋەبلىك باشقىلارنى ھىدايەت قىلىشىنى، ماڭا ھەقنى ھەق ھالىتىدە كۆرسىتىشىنى، ھەققە ئەگىشىشنى نېسىپ قىلىشىنى، باتىلنى باتىل ھالىتىدە كۆرسىتىشىنى، ئۇنىڭدىن ساقلىنىشقا نېسىپ قىلىشىنى تىلەيمەن.

ئەمدى، بىز يۇقىرىدا زىكرى كەچكەن «ئىمان زەئىپلىشىشنىڭ سەۋەبلىرى» توغرىسىدىكى بايانىمىزغا قايتىپ، ئىماننى زەئىپلەشكەن ئاشۇ كىشىلەرنى قانداق قىلىپ، توغرا يولغا باشلاپ، ھالاكەت گىردابىدىن قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا توختىلىمىز. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تەئلىمچىلەرنىڭ تەشۋىق-تەرغىباتلىرى بىلەن

گاڭگىراپ قالغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ مەسىلىسى بىز باشتا دەپ ئۆتكەن «توغرا يول» دېگەن كىتابىمىزدا ھەل قىلىنىپ بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قىسقا كىتابچىمىزدا ئۇزۇن توختالمايمىز. ئۆز مەيلىچىلەر (ئەھلى ئىباھە)لەرگە كەلسەك، بىز ئۇلارنىڭ بارلىق شۈبھىلىك قاراشلىرىنى يەتتە تۈرگە يىغىنچاقلاپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە تېگىشلىك رەددىيىلەرنى بېرىپ بولغان. ئۇلاردىن باشقا پەلسەپە كىتابلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆز ئىمانىنى بۇزۇۋالغان ھەتتا بۇنىڭدا پەيغەمبەرلىكنىڭ ئاساسىنى ئىنكار قىلىشقا بېرىپ يەتكەن بىر قىسىم كىشىلەرگە كەلسەك، بىز يۇقىرىدا پەيغەمبەرلىكنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئېنىق ئەمەلىي ئىش ئىكەنلىكىنى تىبابەت، ئاسترونومىيە، فىزىكا، سېھىرگەرلىك، تىلسىمگەرلىك ۋە باشقا پەنلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە باغلاپ تۇرۇپ ئىسپاتلاپ چىقتۇق. بىزنىڭ بۇ جەھەتتە تىبابەت ۋە ئاسترونومىيە پەنلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە دەلىل كەلتۈرۈشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ پەنلەر ئاشۇ پەلسەپەچىلەرنىڭ ئۆزلىرى شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان پەنلەر بولغانلىقى ئۈچۈن بۇلاردىكى تۈپ ئالاھىدىلىك ئۇلارغا مەلۇملۇق.

ئەمدى پەيغەمبەرلىك ھەققىدىكى دەلىل-ئىسپاتلارنى كۆرسىتىپ بېرىمىز. بىراۋ، پەيغەمبەرلىكنىڭ ئاساسىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىنىڭ ھېكمەت ئاساسىنى تېپىشقا ئۇرۇنسا، ئۇنىداق ئادەم پەيغەمبەرلىكنىڭ ھەقلىكىگە ئىشەنمىگەن دىنسىز ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى بۇ يەردە پەيغەمبەرگە ئىشەنگەن ئادەم دېگەنىدىن كۆرە، بەختى ئوڭدىن كېلىپ قېلىپ، پەقەت تەلىيىگە تايىنىپلا باشقىلارنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەن بىر ئاتامانغا ئىشەنگەن ئادەم، دېگەن تۈزۈك. بۇنداق ئاتامانلىق بىلەن

ۋە سىبارلىك ئايرىم ئىككى نەرسىدۇر. ئەمەلىيەتتە، پەيغەمبەرلىكتە
... نىش دېگەنلىك، ئەقلىدىمۇ ئۇستۇن تۇرىدىغان بىر خىل بىلىش.

... باسقۇچىنى ئىتراپ قىلىش، دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ باسقۇچتا ... يېڭى بىر كۆز ئېچىلىدۇ. ئۇ كۆز بىلەن ئايرىم ئىشلارنى ... بولىدۇ. بۇنداق چاغدا، ئىنساندىكى بارلىق سەزگۈلەرنىڭ ئەقلىي نەرسىلەرنى بىلىشتە رولى بولمىغاندەك، ئەقلىنىڭمۇ ئىنساندا شەكىللەنگەن بۇ خىل يۇقىرى دەرىجىلىك ئىقتىداردا رولى بولمايدۇ. بۇنداق چاغدا، خۇددى ئىنساندىكى ئاڭلاش سەزگۈسىنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىدە رولى بولمىغاندەك، قىسقىسى — ئىنساندىكى بارلىق سەزگۈلەرنىڭ ئەقلىي نەرسىلەرنى بىلىشتە رولى بولمىغاندەك، ئەقلىنىڭمۇ ئۇ خىل يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىشتە رولى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم (پەيغەمبەرلىككە ئىشەنسىمۇ، ئەمما شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ ھېكمەت ئاساسىنى سۈرۈشتىلەيدىغان ھېلىقى ئادەم) بۇ ھەقىقەتنى توغرا تاپمىسا، بىز ئالدىبۇرۇن ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى ۋە ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى پاكىتلار بىلەن بايان قىلىپ بولدۇق. ئەگەر ئۇ ئادەم پاكىتقا بويسۇنۇپ، ئۇنى توغرا تاپسا، ئۇ چاغدا بۇ يەردە ئەقىلگە باغلىق بولمىغان، بەلكى ئەقىلگە قويۇپ بەرسە، مۇمكىنچىلىكىنى رەت قىلىش ئېھتىمالى بولغان بىر قاتار (ئايرىم) ئەھۋاللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغان بولىدۇ. بۇنى تېخىمۇ ئېنىقلاپ چۈشەندۈرگەندە مۇنداق دېيىشىمىز مۇمكىن: ئۆزىنى تەبىئەت پەنلىرىدىن خەۋەردار، دەپ يۈرگەن بىراۋ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن: «بىر دانىق (0.52) گىرام ئەپيۇن ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويالايدۇ. چۈنكى، ئەپيۇننىڭ تەبىئىتى زىيادە سوغۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەم بەدىنىگە كىرگەندىن كېيىن قان

تومۇرلاردىكى قاننى توڭلىتىپ قويىدۇ» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرسە، بۇنى: «سوۋۇتۇشچانلىقتا ئىگە بىرىكمە جىسىملارنىڭ سوۋۇتۇش كۈچى ئۇلاردىكى سۇ ۋە تۇپراقتىن كېلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى جىسىم تەبىئىي سوغۇق جىسىملاردۇر. شۇنداق بولسىمۇ، ئادەم بەدىنىدە نەچچە- نەچچە كىلوگراملاپ سۇ ۋە تۇپراق(مىنېرال ماددا) بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ قورساق ئىچىنى سوۋۇتۇشى ھاياتلىقتا تەھدىت سالالىغۇدەك دەرىجىگە يەتمەيدۇ» دەپ قاراپ يۈرگەن ئەمما ئەپيۇننىڭ يۇقىرىقى تەسىرىنى ئەمەلىي تەجرىبە بىلەن ئىسپاتلاپ باقمىغان يەنە بىر تەبىئىي پەن ئالىمى ئاڭلاپ، شۇ ھامان ئەپيۇننىڭ ئۇنداق ئاقىۋەت پەيدا قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى يوققا چىقىرىدۇ. ۋە بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ. «ئەپيۇندا ئۇتلۇق ۋە ھاۋالىق خۇسۇسىيەت بار. ئۇنىڭدىكى مانا شۇ ئىككى خۇسۇسىيەت ئۇنىڭدىكى سوغۇقلۇقنى چەكلەپ تۇرىدۇ. بىز ناۋادا ئادەم بەدىنىنى پۈتۈنلەي سۇ بىلەن تۇپراقتىن پۈتكەن، دەپ قارىغىنىمىزدىمۇ يەنىلا ئۇنىڭدا ئۇ خىل دەرىجىدىكى(ئۆلتۈرۈپ قويۇش دەرىجىسىدىكى) سوۋۇش كېلىپ چىقمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، بەدەنگە ئەپيۇن دىگەن بۇ ھاۋالىق ۋە ئوتلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە نەرسە قوشۇلسا، ئۇ تېخىمۇ سوۋۇماسلىقتا تېگىشلىك». ئۇ مانا مۇشۇ سۆزنى يۇقىرىقى سۆزنى ئىنكار قىلىشتىكى پاكىتى قىلىدۇ. پەيلاسوپلارنىڭ تەبىئىيات(تەبىئەت پەنلىرى)، ئىلاھىيات(ئىلاھىيەت پەنلىرى) توغرىسىدىكى دەلىل- پاكىتلىرىنىڭ بەرى مۇشۇ تەرزدە بايان قىلىنغان. يەنى ئۇلار ئىشلارنى ئۆزى تاپقان ۋە چۈشەنگەن ئۇسۇل بويىچە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ناۋادا ئۆزىگە ناتونۇش قاراشلار بولۇپ قالغىنىدا ئۇنى دەرھال يوققا چىقىرىدۇ. مانا مۇشۇنداق ھەممىنى ئۆز ئەقلى بىلەنلا دەڭسەيدىغان، كۆرگىنىگىلا

ئىشىنىدىغان ئادەملەردىن بىرىگە. «دۇنيادا ئۆزى دانىچىلىك كېلىدىغان، شۇنداق تۇرۇپ بىر شەھەرگە قويسا ئۇ شەھەرنى پۈتۈنلەي يالماپ كېتىدىغان، ئاندىن ئۆزىنىمۇ يالماپ يۇتۇپ شەھەرمۇ يوق، ئۆزىمۇ يوق بولىدىغان بىر نەرسىنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟» دېيىلسە، ئۇ دەرھال بۇ گەپنى يوققا چىقىرىپ، «بۇ دېگەن بىر خۇراپىي گەپ بوپتۇ. تېخى بۇنداق ئىش دۇنيادا بولۇپ باققىنى يوق»، دەيدۇ. ھالبۇكى ئۇ نەرسە ئەمەلىيەتتە ئوت ئىدى. پەقەت ئۇ ئادەم ئۇنداق نەرسىنى ئاڭلاش بىلەن بىرگە كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈنلا شۇ ھۆكۈمنى چىقاردى. ئاخىرەتتىكى ئاجايىپ ئىشلارنى ئىنكار قىلىشىمۇ كۆپىنچە يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدىن شەكىللىنىدۇ. ئەمدى بىز ھېلىقى تەبىئىي پەنچى پەيلاسوپلارغا شۇنداق دەيمىز: «سىلەر فىزىكىدىكى ئەقىلگە ئۇيغۇن بىر قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئەپيۇندا سوۇۇتۇش خۇسۇسىيىتى بار، دەپ قاراشقا مەجبۇر بولدۇڭلار. شۇنداق بولغانىكەن، شەرىئەت ھۆكۈملىرىدىمۇ قەلبنى داۋالاش ۋە ئۇنى ساپلاشتۇرۇش جەھەتلەردە دانالىق بىلەن ئەمەس بەلكى پەيغەمبەرلىك كۆزى بىلەنلا بىلگىلى بولىدىغان ئايرىم خاسىيەتلەر بولسا نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ تېخى ئاشۇ پەيلاسوپلار ئۆز كىتابلىرىغا بەزى مەزمۇنلاردا بۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلىنەرلىك ۋە غەلىتە ئاللىقانداق بىر خاسىيەتلىك نەرسىلەرگە ئىشىنىپ يۈرىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇيەردىكى، ئاۋادا بىز سۆزنى مۇنەججىملەرنىڭ سۆزىگە يۆتكىگەن بولساق ئۇلار(ئاسترولوگلار) بۇ يەردىكى ۋەقەلەر ئارىسىدىكى پەرقنى چۈشەنگەن بولاتتى. بۇ چاغدا بىز شۇنداق دېگەن بولاتتۇق: «قۇياشنىڭ ئاسماننىڭ ئوتتۇرىدا ياكى كۈن چىقىش(شەرق)تە ياكى كۈن پېتىش(غەرب)تە بولۇشىغا ئەگىشىپ مۇنەججىملەرنىڭ

ئادەملەرنىڭ تەقدىرى-قىسمەتلىرى توغرىسىدىكى ھۆكۈملىرىمۇ ھەرخىل بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ھەتتا ئۇلار كىشىلەرنىڭ بەخت-تەلەيلىرىنىڭ ھەرخىل بولۇشى ۋە ئۆمۈر-ئەجەللىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشلىرىنى ئاشۇ ئاساستا چۈشەندۈرۈشىدىغۇ!».

ئەمەلىيەتتە كۆن قايرىلىش بىلەن كۈننىڭ ئاسمان ئوتتۇرىسىدا تۇرۇشىنىڭ، يەنە شۇنداقلا پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياش بىلەن ئۇنىڭ غەرب تەرەپتە بولۇشى ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقتۇر. ئۇلار مۈنەججىملىكتىكى ئاشۇ پەلىپەتىش گەپلەرگە پەقەت ئۇ سۆزلەر مۈنەججىملەرنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقى ئۈچۈنلا ئىشىنىشىپ يۈرمەكتە. بەلكىم، ئۇلاردىن بىراۋ مۈنەججىمنىڭ دېگەنلىرىنى سىناپ كۆرۈپ يۈز قېتىملاپ ئۇنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلىغاندۇ. لېكىن ئۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ نەرسىلەرگە ئىشىنىۋېرىدۇ. ئۇ ئادەم مۈنەججىمنىڭ سۆزىگە شۇ دەرىجىدە ئىشىنىدۇكى، مۈنەججىم ئۇنىڭغا: «ئەگەر قۇياش ئاسماننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇرغان چاغدا قۇياشقا پالانى يۇلتۇز ئۇدۇللىنىپ قالسا دەل شۇ پەيتتە سېنىڭ تەلەي يۇلتۇزۇڭ پالانى بۇرجدا بولۇپ قالسا، مانا شۇ چاغدا سەن يېڭى كىيىم كىيسەڭ، سەن ئاخىر ئاشۇ يېڭى كىيىمىڭ بىلەن ئۆلتۈرۈلىسەن»، دېسە ئۇ ئاشۇ چاغدا يېڭى كىيىم كەيمەيدۇ. بەلكىم شۇنداق قاتتىق سوغۇق بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ ئۇ مۈنەججىمنىڭ گېپىدىن قورقۇپ يېڭى كىيىم كەيمەيدۇ. ئۇ مۈنەججىمنىڭ يالغانچىلىقىنى تەكرار بايقاپ يەتسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىۋېرىدۇ. ھەيرانمەن، مۇشۇنداق چېكىدىن ئاشقان خۇراپىي گەپلەر ئەقلىگە سىغقان ۋە ئۇنى بىر قىسىم پەيغەمبەرلەر دە مۆجىزە شەكلىدە ئايان بولىدىغان ئالاھىدە ئىقتىدار، دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان بۇ ئادەم يەنە نېمە

دەپ ئاللاھنىڭ مۆجىزىلەر بىلەن قوللاپ — قۇۋۋەتلىشىگە سازاۋەر بولغان راستچىل پەيغەمبەرلەردىن ئاڭلىغان سۆزلەردىكى يۇقىرىقى نەرسىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان، سەۋەبى ئېنىق بولمىغان خاسىيەتلەرنى ئىنكار قىلىدۇ. نېمىشقا ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايدۇ. ئەگەر بىر پەلسەپىچى نامازلارنىڭ رەكەت سانىنىڭ بەلگىلىنىشى، ھەج پائالىيىتىدىكى شەيتانغا تاش ئېتىش ھەمدە ھەج ئەمەللىرىنىڭ سانى ۋە باشقا شەرىئەت بەلگىلىگەن ئىبادەتلەردىكى ئۆزىگە خاس ماھىيەتلەر، ئۇنۇم، ئالاھىدىلىكلەر بىلەن تېببىي دورىلار ۋە ئاسترونومىيە بىلىملىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ئارىسىدىكى پەرقنى تاپالماي قېلىش نەتىجىسىدە: «مەن بىر قىسىم تېببىي ۋە ئاسترونومىيىلىك بىلىملەرنى ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بايقىدىم.شۇنىڭ بىلەن مەندە ئۇ نەرسىلەرنىڭ راستلىقىغا قارىتا چوڭقۇر ئىشەنچ شەكىللىنىپ، كۆڭلۈمدىن ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى يوققا چىقىرىش ياكى ئۇنىڭدىن يىرگىنىشكە ئورۇن قالمىدى. سەن دەۋاتقان شەرىئەت ھۆكۈملىرىدىكى خاس ئالاھىدىلىكلەرگە كەلسەك، مەن ئۇلارنى ئەمەلىي تەجرىبەمدىن ئۆتكۈزۈپ باققىنىم يوق. شۇنداق ئىكەن، مەن يەنە نېمىشقا ئۇنىڭ راستلىقىغا، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلەيمەن؟ مەن ئۇ ئالاھىدىلىكلەرنى قانداق بىلىپ ۋە ئېنىقلاپ ھەمدە ئىسپاتلاپ چىقالايمەن؟» دېسە ھەمدە ئۇ بۇنداق دېيىش بىلەن بىرگە ئۇ خاس ئالاھىدىلىكنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئىكەنلىكىگە قايىللا بولسا بىز ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەن بولاتتۇق: «سىز دەپ ئۆتكەن سابىقى ئەھۋالدا شەخسەن تەجرىبىدىن ئۆتكەن نەرسىلەرگىلا ئىشىنىپ قالماستىن بەلكى يەنە سىزدىن باشقىمۇ

تەجرىبە قىلىپ باققانلاردىن ئۇنى-بۇنى ئاڭلاپ شۇ بويىچە ئىش كۆرۈپ باقىسىز. شۇنداق ئىكەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭ. چۈنكى ئۇلار شەرىئەتتىكى بارلىق ئىشلارنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى بىۋاسىتە كۆرەلىگەن ۋە ئۇنى ئۆز تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزگەن كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ يولىنى بويلاپ مېڭىڭ، سىز ئۇ بىر قىسىم ئىشلارنى ئۆز تەجرىبىڭىزدىن ئۆتكۈزمىگەن تەقدىردىمۇ سىزنىڭ ئەقلىڭىز يەنىلا سىزنى ئۇ ئىشلارغا ئىشىنىش ۋە ئەمەل قىلىشقا قەتئىي تۈردە ئۈندەيدۇ. مىسالغا ئالساق، ياش ۋە ئەقىل جەھەتتىن يېتىلگەن بىر ئادەم بار دېسەك، ئۇ ھېلىغا كەلگۈچە مەلۇم بىر خىل كېسەللىك بىلەن ئاغرىپ باقماي كېلىپ ئەمدىلىكتە دەل شۇ خىل كېسەل بىلەن ئاغرىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئىلمى تىببىي پىششىق بىلىدىغان بىر دادىسى بولسا، بالىسى دادىسىنىڭ تىب ئىلمىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئەقلىنى تاپقاندىن بېرى بىلىپ كەلگەن بولسا، شۇنداق ئەھۋالدا دادا بالىسىغا بىر دورا ياساپ تەييارلاپ: «بۇ دورا كېسەللىكىڭگە پايدا قىلىدۇ. بۇنى يېگىن» دېسە، ئەگەر دورىنىڭ تەمى ئاچچىق، قېرىق بولغان تەقدىردىمۇ بۇنى ئاڭلىغان بالىنىڭ ئەقلى ئۇنى دورىنى ئېلىپ يېيىشكە جورامدۇ ياكى بۇ گەپكە ئىشەنمەسلىككە جورامدۇ؟ ئەگەر دادىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي: «بۇ دورىنىڭ كېسەلىمگە شىپا بولىشىغا ئىشەنمەيمەن، چۈنكى مەن ئۇنى بۇرۇن يەپ كۆرۈپ باقمىغان»، دېگۈدەك بولسا، شۇنىڭدا گەپ يوقكى سىز ئۇ ئادەمنى ئۆتۈپ كەتكەن كالۋاغا چىقىرىسىز. خۇددى شۇنىڭدەك، ئۆۋەتتىكى سىزنىڭ ئارىسالدىلىقىڭىزنىمۇ بارلىق ئەقىلدارلار ـ دانالار بىر تۈرلۈك ئەخمەقلىق دەپ قارايدۇ.

ئەگەر سىز: «مەن پەيغەمبەرنىڭ مېھرىبانلىقىنى، ئۇنىڭ مەنىۋى تېبابەت ھېسابلىنىدىغان ئىبادەتلىرىدىكى خاسىيەتلەردىن خەۋەردارلىقىنى قانداق بىلىمەن؟» دېگۈدەك بولسىڭىز، مەن شۇنداق دېگەن بولاتتىم: «سىز ئۆز دادىڭىزنىڭ سىزگە بولغان مېھىر- مۇھەببىتىنى قانداق بىلدىڭىز؟ ئەجەبا ئۇمۇ كۆرگىلى، تۇتقىلى بولمايدىغان نەرسە ئىدىغۇ، ئەمەلىيەتتە سىز ئۇنى دادىڭىزنىڭ تۈرلۈك ئىش- ھەرىكەتلىرى، سىزگە قىلغان تۈرلۈك مۇئامىلە- پوزىتسىيەلىرىنىڭ نېمە تۈپەيلىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بەلگە- ئالامەتلەر ئارقىلىقلا ئېنىق بىلىپ يەتتىڭىز. ھەرقانداق بىر ئادەم پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى ھەمدە كىتابلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاممىنى يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، كىشىلەرنى ئەخلاق- ئىستىلىنى ياخشىلاشقا، قىسقىسى ئىنسانلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنى ياخشىلاشقا تەرغىب قىلىشتا تۈرلۈك سىلىق - سىپايە مېھرىبانە ئۇسۇللارنى قوللانغانلىقى توغرىسىدا يېزىلغان بايانلارنى ئوقۇپ كۆرگەن ئادەم پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆز ئۈممىتىگە بولغان مېھرىبانلىقىنىڭ بىر دادىنىڭ ئۆز بالىسىغا بولغان مېھرىبانلىقىدىنمۇ نەقەدەر زور ئىكەنلىكىنى بىۋاستە ۋە ئۆز- ئۆزىدىن مەلۇم ھالدا بىلىپ يېتەلەيدۇ. ئۇ يەنە شۇنداقلا رەسۇلۇللاھتىن سادىر بولغان تۈرلۈك ئەجەبلەنگۈلۈكلەرگە، پەيغەمبەرنىڭ ئاخىر زامان توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرىگە نەزەر سالسا ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىن بېشارەت بەرگەن ئىشلارنىڭ ئۆز ئەينى مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرسە، بۇ چاغدا ئۇ ئادەمدە ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ئەقىلدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر بىلىش باسقۇچىدا ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئەقىل بىلەن بىلىپ يەتكىلى بولمايدىغان غايىب

خاراكتېرىدىكى ئىشلار ۋە ئايرىم ئەھۋاللار بىلىپ يېتىلمىدىغان ئالاھىدە بىر كۆزگە ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىۋاسىتە بىلىم ۋە تونۇش شەكىللىنىدۇ. مانا بۇ پەيغەمبەرگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇشتا بىۋاسىتە تونۇشقا كېلىشنىڭ يولى. بۇنى سىناپ كۆرسىڭىز، قۇرئان ئۈستىدە ئويلانسىڭىز، ھەدىسلەرنى كۆرۈپ بەرسىڭىز، بۇنى ئېنىق تونۇپ يېتىسىز. پەلسەپىگە بېرىلگەن كىشىلەرگە بېرىدىغان ئاگاھلاندۇرۇشقا مۇشۇلار يېتەرلىك بولار. بۇنىڭغا دەۋرىمىزدە ئېھتىياج زور بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنچىلىك توختالدۇق.

تۆتىنچىسى سەۋەب: ئالىم ئاتالغان كىشىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى.

بۇ كېسەلنى داۋالاشنىڭ ئامالى مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك: 1- خىل ئامال: سىز ھارام ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، دەپ قارىغان ئاشۇ ئالىملارغا كەلسەك، ئۇلار ئۆزى شۇغۇللانغان ئاشۇ ھارام ئىشلارنىڭ ھاراملىقىنى خۇددى سىزنىڭ ھاراقنىڭ، توڭگۇز گۆشىنىڭ، جازانىنىڭ بەلكى غەيۋەتخورلۇق، يالغانچىلىق، سۇخەنچىلىك قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھاراملىقىنى بىلگىنىڭىزدەك، ئېنىق بىلىدۇ. سىزمۇ ئۇلارنىڭ ھاراملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئۆزىڭىز قىلىپ سالىسىز. بۇنىڭدىكى سەۋەب سىزنىڭ ئۇ ئىشلارنىڭ گۇناھلىق ئىش ئىكەنلىكىگە ئىمانىڭىز بولمىغانلىقى ئەمەس، بەلكى ھاۋايى-ھەۋىسكە بېرىلىپ كېتىپ قېلىشىڭىزدۇر. ئاشۇ ئالىم ئاتالغان كىشىلەردىمۇ سىزگە ئوخشاشلا ھەۋەس بولغاچقا، سىز ھەۋەسكە بېرىلگەندەك ئۇنىڭمۇ ھەۋەسكە بېرىلىپ كېتىدىغان چېغى بولىدۇ. ئۇنىڭ سىزدىن پەرقى ئۇنىڭ سىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلگەنلىكى، خالاس. شۇنداق ئىكەن، مەلۇم بىر يامان ئىشنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى باشقىلاردىن

ئاشۇرۇپ تەنقىدلەشنىڭ ئورنى يوق. ئادەتتە ئۆزى تېبابەتكە ئىشىنىدىغان ئەمما تېبىبنىڭ توسقىنىغا قارىماي مېۋە- چېۋە ۋە سوغۇق سۇدىن ئۆزىنى تارتالمايدىغان ئادەملەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇ نەرسىلەردىن ئۆزىنى تارتالماسلىقى بىلەن ئۇ نەرسىلەر ئۇ ئادەمگە زىيان قىلماس بولۇپ قالمايدۇ. ياكى بولمىسا ئۇ ئادەمنىڭ تېبابەتكە بولغان ئىشەنچى ناتوغرا بولغان بولمايدىغۇ. ئالىملاردىن سادىر بولۇپ قالىدىغان ناتوغرا ھەرىكەتلەرمۇ دەل مۇشۇ يوسۇندا چۈشىنىلىشى كېرەك.

2- خىل ئامال: نادان، جاھىل كىشىلەرگە شۇنداق دېيىشىمىز كېرەك: «سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئالىم بولغان ئادەم ئۆز ئىلمىنى ئۆزىنىڭ ئاخىرەتتىكى بايلىقى دەپ بىلىدۇ. ئۇ ئىلىم ئۆزىنى قۇتقۇزىدۇ، شاپائەت قىلىدۇ،دەپ بىلگەچكە ئۆز ئىلمىنىڭ رولىغا زىيادە ئىشىنىپ كېتىپ، ئىش- ھەرىكەت، ئەمەل- ئىبادەت جەھەتلەردە بىلىپ، بىلمەي ئەستايىدىل بولالماي قېلىشى مۇمكىن. ئىلىم ئۇنىڭ زىيان تارتىشىنىڭ ئامىلى بولۇپ قالغان يەردە، يەنە ئۇنىڭ شەرەپ قازىنىشىنىڭمۇ ئامىلى بولالايدۇ. بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئىلىمدار بولغان ئادەم ئىلمىغا ئەمەل قىلمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزىدۇ. بىراق سىز نادان كىشىگە كەلسەك، ئالىمنىڭ قىلمىشىغا قاراپ، ئۇ ئەمەل قىلمىغانغا سىزمۇ ئەمەل قىلمىسىڭىز، سىزدە يا ئىلىم بولمىسا، ئۇنداقتا، سىز قىلغان يامان ئىشىڭىز سەۋەبلىك بىراقلا تۈگەشمەمسىز؟

3- خىل ئامال: ھەقىقىي ئالىم كىشى گۇناھ مەئسىيەتنى پەقەت ئاڭسىزلا قىلىپ سالىدۇ. ئۇ گۇناھ سادىر قىلسىمۇ ئۇنىڭدىن قول ئۈزەلمەي يۈرمەيدۇ. چۈنكى ھەقىقىي ئىلىم گۇناھ مەئسىيەتنىڭ

كىشىنى نابۇت قىلىدىغان زەھەر ئىكەنلىكىنى، ئاخىرەتنىڭ دۇنيادىن ياخشى ئىكەنلىكىنى تونۇتىدىغان نەرسىدۇر. مانا مۇشۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن ئادەم ئەلۋەتتە بىر ياخشى نەرسىنى بىر ناچار نەرسىگە تېگىشىۋەتمەيدۇ. بۇنداق ھەقىقىي ئىلىم زامانىمىزدىكى كۆپلىگەن كىشىلەر شۇغۇللىنىۋاتقان ئىلىم تۈرلىرى بىلەن ھاسىل بولمايدۇ. كىشىلەردىكى بۇ ئىلىملار ئۇلارنى خۇدادىن تېخىمۇ قورقماس ھالغا كەلتۈرۈشتىن باشقا رول ئوينىيالمايدۇ. ھەقىقىي ئىلىم دېگەن ئۆز ئىگىسىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈمىدلىنىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئىلىملا ئالىملارنى بەزى چاغلاردا ئىنسانلار ھەدېگەندە ساقلىنىپ بولالمايدىغان ئاز ساندىكى خاتالىقلاردىن باشقا چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. ھالبۇكى ئالىملاردا كۆرۈلگەن ئانچە-مۇنچە خاتالىقلار ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقىغا پاكىت بولالمايدۇ. چۈنكى ھەقىقىي مۇئمىن بۇياندىن ئازسا، ئۇياندىن تەۋبە قىلىپ تۈزىدىغان ئادەمدۇر. ئۇ ھېچقاچان گۇناھلىق ئىشقا باشچىلاپ كىرىشىپ كەتمەيدۇ.

مېنىڭ پەلسەپە پەنلىرى ھەمدە باتىنىيە مەزھىپىگە قارىتا ئېلىپ بارىدىغان تەنقىدلىرىم، بۇ ئىككى ساھە ۋە ئۇنىڭغا ئىلمىي يوسۇندا قارشى تۇرالمايدىغانلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىيانلار ۋە باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا دېمەكچى بولغانلىرىم ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

مەن ئۇلۇغ ئاللاھتىن مېنى بەندىلىرى ئىچىدىكى ئۆزىگە يارىغان ۋە ئۆز ئىشىغا تاللىغان، ئۆزى توغرا يول تاپتۇرغان، ئاللاھنىڭ ئۆزىنى دائىم ئەسلىتىپ تۇرۇشى بىلەن ئاللاھنى ئېسىدىن چىقارمايدىغان، ئاللاھ نەپس يامانلىقلىرىدىن ساقلىغان، شۇنداقلا ئاللاھ ئۆزىنى قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرغان كىشىلەر قاتارىدىن قىلىشىنى تىلەيمەن.

# ئۈرۈمچى «تەڭرىقۇت» كىتابخانىسىنىڭ يېڭىدىن چىققان كىتابلىرى

ئەرەب يېزىقىنى ئۆلچەملىك ئوقۇش قائىدىسى — تەجۋىد (قاعدة بغداية و جزء عم)

ئىككى بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى بۆلۈمدە ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى، زەبەر، زىر، پېش، ساكىن، تەشدىد قاتارلىقلار؛ ئىككىنچى بۆلۈمدە تەجۋىد («قۇرئان كەرىم» نى ئۆلچەملىك ئوقۇش قائىدىسى)نىڭ قائىدىلىرىدىن: ھەرپلەرنىڭ 17 مەخرەجى (تەلەپپۇز ئورنى)، اظْهَارْ (ئىزھار)، ادْغَامْ (ئىدغام)، مَدٌّ (مەد)، غُنَّةٌ (غۇننە) قاتارلىقلار تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن.

ئەرەب تىلى دەرسلىكى (1) (دُرُوْسُ اللُّغَةِ الْعَرَبِيَّةِ لِغَيْرِ النَّاطِقِيْنَ بِهَا)

دوكتور ف. ئابدۇرەھىم تۈزگەن ئۈچ قىسىملىق بۇ كىتاب مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپ — ئەلجامىئەتۇلئىسلامىيە (ISLAMICUNIVERSITY) نىڭ دەرسلىكى بولۇپ، بۇنىڭدا ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى، رەسىمگە قاراپ خەت تونۇش، ئوقۇش — يېزىش مەشىقى، سۆزلىشىش، جۈملە تۈزۈش مەشىقى، گىرامماتىكا ۋە تېكىست

قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئارقىلىق تېزلىكتە سۆزلىشىش ۋە ئەسەر تەرجىمە قىلىش سەۋىيىسىگە يېتەلەيسىز.

«ئەرەب تىلى گراممatىكىسى (ئۈچ قىسىملىق)

بىرىنچى قىسىم: سۆزلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى (صرف ئەرەبچە- ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما)، پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى (معزى ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما)، ئاۋۋش بەلگىلىرى (حركات ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما)، ئەرەب تىلى گراممatىكىسىدىكى ئاساسىي ئامىللار (تركيب عوامل ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما)، ئەرەب تىلى گراممatىكىسى ھەققىدە قىسقىچە بايان (ضريرى ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما)ۋە ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكا ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان.

ئىككىنچى قىسىم: (شرح هداية النحو ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما))، ئەرەب تىلى گرامماتىكىسىنىڭ قىسقارتىلمىسى (متن الأجرومي و شرح متن الأجرومي)، بىر قىسىم ئىسىمنى زىر قىلغۇچى ئامىللار (بقية حروف الجر) قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

ئۈچىنچى قىسىم: (شرح كافية ئەرەبچە- ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما))، «ئەرەب تىلى گرامماتىكىسىدىكى يىگانە گۆھەر» (الفرائد اللؤلئية في القواعد النحوية ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە سوئال- جاۋاب) لىق.

ئەرەبچە ــ ئۇيغۇرچە قولايلىق لۇغەت (كَلِمَاتُ الْقُرْآنِ)

بۇ كىتاب ئىككى بۆلۈمگە بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى بۆلۈمدە قۇرئان كەرىم مەزمۇنلار مۇندەرىجىسى ــ ئېتىقاد، ئىسلام رۇكنىلىرى، تەۋھىد، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ناماز، رامىزان، زاكات ۋە سەدىقە، ھەج ـ ئۆمرە، ھەر خىل ئىبادەتلەر، ئىمان، قۇرئان كەرىم، ئىلىم ـ پەن، ئەمەل، ئەللاھ تەرەپكە چاقىرىش، ھەربىي ئىشلار، ئىنسان ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلەر، ئەخلاقىي ئالاقىلەر، ئىقتىسادىي ئالاقىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ھۆكۈم ئالاقىلىرى، سىياسىي ۋە ئومۇمىي ئالاقە، سودا ۋە يېزا ئىگىلىك، قىسسىلەر ۋە تارىخ، ھەر خىل دىيانەتلەر قاتارلىق مەزمۇنلار مۇندەرىجىسى؛ ئىككىنچى بۆلۈمدە قۇرئان كەرىمدە داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدىغان قىيىن سۆزلۈكلەر تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن.

99 ئىسمىنىڭ ئىزاھاتى

بۇ كىتابتا ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى، ئاللاھنىڭ ھەربىر ئىسىم ـ سۈپىتىنىڭ ئىزاھاتى؛ بوۋاقا ئىسىم قويۇش تەرتىپلىرى، بوۋاق ئۈچۈن ئەقىقە (قوي بوغۇزلاش) قىلىش؛ بوۋاقنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈش، بالاغەتكە يەتكەن كىشىلەرنىڭ چاچ شەكلى، باش كىيىم، چاچ بوياش، بوۋاقنىڭ خەتنىسىنى قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار چۈشەنچىلىك بايان قىلىنغان.

ئەدەپ ئاچقۇچى (مىفتاھۇل ئەدەب)

بۇ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان مەشھۇر دىنىي ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ئىبنى ئابدۇلۋارىس قەشقەرىي تۈزگەن بىلىم ـ ھېكمەت، مەدەنىيەت، باتۇرلۇق، مەرسىيە قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان كىتاب بولۇپ، بۇنىڭغا ئوبزورچى يالقۇن روزى يازغان ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەرجىمىھالى قوشۇپ نەشر قىلىنغان.

سودا ـ ساياھەتچىلەر ئۈچۈن خەنزۇچە سۆزلىشىش

بۇ، خەنزۇچە خەتنىڭ ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى، پىنيىنى بار كىتاب بولۇپ، بۇنىڭدا 30 نەچچە بابلىق ھەرخىل مۇھىتتا خەنزۇچە سۆزلىشىش ئۇسۇللىرى، دۇنيادىكى 200 دەك دۆلەت، پايتەخت، پۇل ناملىرى، جۇڭگونىڭ ئۆلكە ـ شەھەر ناملىرى، شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، يېزا ناملىرىنىڭ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان بولۇپ، خەنزۇچە سۆزلەشنى تېز ئۆگىنىشتىكى ياخشى قورال ھېسابلىنىدۇ.

ئەي قەدىرلىك بالام (ئەرەبچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە)

بۇ ئەبۇ ھامىد ئىبنى مۇھەممەد غەزالى يازغان، ب د ت ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى دۇنيادىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ئەخلاق تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى قىلىپ بېكىتكەن كىتاب بولۇپ، قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف ۋە مەشھۇر

مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش ھەققىدىكى نەسىھەتلىرىنى ئاساس قىلىپ تۈزگەن. كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەشتىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدىن بولۇپ، پەرزەنتلەرنىڭ ئىسلامىي تەربىيىلىنىشىگە ئاساسلىق ئۇل سالغۇچى بولالايدۇ.

📖 ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە 500 جۈملە (جامىئۇل ھەدىس ـــ ھەدىس شەرىف توپلىمىسى)

مەزكۇر كىتابقا تۇرمۇشتا دائىم ئۇچرايدىغان مەزمۇنلارغا يېتەكچى پىرىنسىپ بولىدىغان، يۈزگە يېقىن كىتابتىن تاللانغان 500 دانە ھەدىس شەرىف ۋە ھېكمەتلىك سۆز كىرگۈزۈلگەن.

ئورنى: رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ 1- قەۋىتىدە
ئالاقىلاشقۇچى: ئابدۇلئەھەد ئەمىر قۇتلۇق
تېلېفون: 13999249197، (0091)2877704
E-mail: 2877704@maktoob.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: پەرىدە ئەمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: يۈسۈپجان داۋۇت

# ئەي بالام، ئەخلاقنامە، ھىدايەتنامە

تۈزگۈچى: غەزالىي، ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلئەھەد ئەمىر قۇتلۇق
رەھمەتۇللاھ تۈركەش

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى № 348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلىدۇ
قەلبداشلار كومپيۇتېر مۇلازىمەت مەركىزىدە تىزىلدى

**ئۈرۈمچى تيەنيېلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى**
فورماتى: 850×1168 32/1 مىللىمېتىر
باسما تاۋىقى: 8.375
2004 – يىلى 11 – ئاي 2 – نەشرى
2005 – يىلى 4 – ئاي 2 – بېسىلىشى
تىراژى: 1 – 3000
ISBN 7-228- 09562-6/B968-49
باھاسى: 15.80 يۈەن